


غەيرەت ئاسىم

# خام سۈت ئەمگەن بەندىلەر

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مىرزات تاجى

ISBN 978-7-5371-4670-8

9 787537 146708 >

باھاسى : **19.00** يۈەن

غەيرەت ئاسىم

# خام سۈت ئەمگەن بەندىلەر

(رومان)

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

喝了生奶的人们/阿拉提著.—乌鲁木齐:新疆青少年出版社,2003.10
ISBN 978-7-5371-4670-8

Ⅰ.喝… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 060517 号

责任编辑：尼加提·穆合里斯
伊力哈尔江·沙迪克
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
依巴达提·亚森
封面设计：米尔扎提·塔吉

# 喝了生奶的人们(维吾尔文)

(长篇小说)

阿拉提·阿斯木　著

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路二巷1号　邮编:830049)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　9.375印张
2003年10月第1版　2009年3月第3次印刷

ISBN 978-7-5371-4670-8　定价:19.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: نىجات مۇخلىس
ئىلغارجان سادىق
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات تاجى

# خام سۈت ئەمگەن بەندىلەر

(رومان)

ئاپتورى: **غەيرەت ئاسىم**

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 9.375
2003 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 3 - ئاي 3 - بېسىلىشى
ISBN978 — 7 — 5371 — 4670 — 8
باھاسى: 19.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# 1

يىللار 1966 ـ يىلىنىڭ دەرۋازىسىنى يەنە ئۇن ـ تىنسىز ئېچىۋەتتى...

شەھەر تەرەپتىن كەلگەن ئاپتوبۇس تەتۇر ئۆستەڭ بازىرىغا كېلىپ توختىدى. گۇلباھار ئاپتوبۇستىن ئەڭ ئاخىرىدا چۈشتى.

دوقمۇشتىكى كىچىلىك بازار بەكمۇ قىزىپ كەتكەنىدى، زاسۇيپەزلەر، ئاشلەڭپۇڭچىلار، كاۋاپچىلار... بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك ئالىتاغىل ئاۋازلىرى بىلەن خېرىدار چاقىرىشاتتى. گۇلباھار يولنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتكەندىن كېيىن، قولىدىكى سومكىسىنى يەرگە قويۇپ، بىردەم تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ غەمكىن كۆزلىرىگە يولنىڭ چېتىدە تۇرغان بىرنەچچە خادىك چېلىقتى، ئۇنىڭ دىققىتى بىر بوۋاينىڭ خادىكىغا مەركەزلەشتى. گۇلباھار ئاشۇ بوۋاينىڭ خادىكىگە چۈشەي دەپ ئويلىدى ئىچىدە. گۇلباھار يەردىكى سومكىنى قولىغا ئېلىپ، خادىكتا ئولتۇرۇپ پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتىۋاتقان خادىكچى بوۋاينىڭ قېشىغا كەلدى.

— كېلىڭ، قىزىم، خادىكقا چىقىڭ، قەيەرگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى بوۋاي گۇلباھارنى كۆرۈپ خادىكتىن چۈشۈۋېتىپ.

— قارىياغاچ مەھەللىسىگە باراتتىم، — دېدى گۇلباھار.

بوۋاي گۇلباھارنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئېلىپ، خادىكنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— خادىكقا چىقىڭ، قىزىم، مەن سىزنى بىردەمدىلا يەتكۈزۈپ قويىمەن، — دېدى بوۋاي.

گۇلباھار خادىكقا چىقىپ ئولتۇردى، خادىك قوزغىلىپ يولغا چۈشتى، گۇلباھار سومكىسىنى بىقىنداپ يانتۇ ئولتۇردى.

ئۇنىڭ رەڭگىرويىدىن بىرخىل روھىي سولغۇنلۇق كۆرۈنۈپ تۇ-راتتى، كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ تۇراتتى. شۇنىڭدىمۇ چىشىنى چىشلەپ ئۇننى چىقارماي ئولتۇردى. خادىك كاتاڭلىشىپ كەت-كەن يولدا سىلكىنىپ خېلى ئۇزۇن ماڭدى. گۈلباھار ئاخىر بوۋايغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

— تاغا، خاپا بولماي خادىكنى ئاستىراق ھەيدىگەن بولسىڭىز.

— بولىدۇ، قىزىم، دېمىسىمۇ يول بەك ناچارلىشىپ كەت-تى، ئۇزۇن يىل بولدى، بۇ يولنى ياسايدىغان ئادەم چىقمىدى، ئەتىيازدا بۇ يوللاردا خادىك پەقەت ماڭالمايدۇ، پاتقاق ئادەمنىڭ تىزىغا كېلىدۇ دەڭە، بۇ يولنىڭ پاتقىقى ھەر يىلى بەشىنچى ئايغىچە قۇرۇمايدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى بوۋاي. ئۇ ئېتىنى ئۆزىنىڭ يورغىسىغا قويۇۋەتتى.

گۈلباھار ئۆزىنىڭ غېمى بىلەن ئىدى، بوۋاينىڭ بىر ئېغىز گېپىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى.

— ھە، قىزىم، قارىياغاچ مەھەللىسىدە كىمنىڭ ئۆيىگە چۈشمەكچى؟ — دېدى بوۋاي.

— مەريەم ھەدەمنىڭ ئۆيىگە چۈشىمەن، — دېدى گۈلباھار.

بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ گۈلباھارنىڭ چىرايىغا قارىدى:

— مەريەمنى تونۇيمەن، ئۇ سىزنىڭ نېمىڭىز بولىدۇ؟

— كىچىك ئاپام بولىدۇ، — دېدى گۈلباھار كۆزلىرىنى بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ. ئۇ ئەتىگەن ياتاقتىن چىققاندا، بىراۋ سوراپ قالسا مۇشۇنداق جاۋاب بېرىمەن دەپ ئويلىغانىدى.

— ھە، مۇنداق دەڭ قىزىم، — دېدى بوۋاي. ئۇ گۈلباھار-نىڭ تۇرقىغا بولۇپمۇ ئۇنىڭ تومپىيىپ قالغان قورسىقىغا كۆز يوگۇرتۇپ چىققاندىن كېيىن بىر ئىشنى چۈشەنگەندەك قىلدى.

بوۋاي ئۆزىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇپ، ناخشا ئېيتىشقا

باشلىدى. گۈلباهار يەنىلا ئۆزىنىڭ غېمى بىلەن ئىدى، بوۋاينىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئات خادىكنى كۈنپېتىش تەرەپتىكى مەھەللىگە سۆرەپ كېتىۋاتاتتى.

خادىكنىڭ بىر خىلدا مېڭىشىدىنمۇ قانداق، گۈلباھارنىڭ بايىدىن بېرى ئاغرىۋاتقان قورسىقى ئەمدى سەل توختىغاندەك قىلدى. خادىك سول قول تەرەپتىكى كىچىك يولغا بۇرۇلدى. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، گۈلباھارنىڭ ساۋاقدىشى شاراپەت ئۇنى خادىكقا ئولتۇرغۇزۇپ، مۇشۇ يولدىن مېڭىپ مەريەمنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويغانىدى. بۇ يولنىڭ ئاخىرى بىنەمگە بېرىپ تۇگەيتتى، دۆڭلۈكنىڭ ئاستىدىكى ئۆستەڭ يولنى ئۈزۈپ قوياتتى. مەريەمنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئۆستەڭنىڭ قېشىدا ئىدى.

بۇ مەھەللىنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ياخشى ئىدى، تۇرلۇك دورىلىق ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ھىدى كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ روھلاندۇراتتى. كەچلىرى، پەسىل قۇشلىرى بوش ئاۋازدا خۇشياقمىغاندەك سايراپ قوياتتى. گۈلباھار خېلى روھلىنىپ قالدى، مەريەمنىڭ ئۆيىگە ئاز قالغاندا، ئۇ ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇپ، بوۋايغا:

— مەن مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالاي، تاغا، — دېدى.

— مەريەمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا چۈشۈرۈپ قويمايمەنمۇ، قىزىم، — دېدى بوۋاي.

— رەھمەت، تاغا، مەن بىردەم ماڭاي، پۇتلىرىم كۈيۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى گۈلباھار.

بوۋاي خادىكنى توختاتتى.

گۈلباھار خادىكتىن چۈشۈپ، سەل تۇرۇۋالدى، بۇ ئارىدا بوۋاي ئۇنىڭ سومكىسىنى ئېلىپ قولىغا تۇتقۇزدى. گۈلباھار سومكىسىدىن پۇل ئېلىپ، خادىكچى بوۋايغا تەڭلىدى.

— ئەمىسە رەھمەت، قىزىم، بەرگەن پۇلىڭىزغا رازى بولۇڭ، — دېدى بوۋاي.

بوۋاي خادىكنى ئايلاندۇرۇپ، بازار تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.
يولدا ئادەم يوق ئىدى، گۈلباھار مەريەمنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا كېلىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى.
گۈلباھار مەريەمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، مەريەمنىڭ قىزى ئىبادەت ئەلگەك كۆتۈرۈپ قورۇدىن چىقىپ قالدى.
— كىمنى ئىزدەيسىز، ھەدە؟ — دەپ سورىدى ئىبادەت تاتلىققىنا كۈلۈپ.
— مەريەم ھەدەمنى ئىزدەيتتىم…، — دېدى گۈلباھار.
— ھە، مېنىڭ ئاپامنى ئىزدەيدىكەنسىز - دە، ئۆيگە كىرىڭ، ھەدە، ئاپام ئۆيدە، — دېدى ئىبادەت. ئىبادەت كەينىگە يېنىپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى.
گۈلباھار قورۇغا كىرىپ تۇرۇشىغا، مەريەم ئۆيدىن چىقىپ پېشايۋاننىڭ ئالدىدا بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ ناتونۇش قىزغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن پېشايۋاندىن چۈشۈپ، گۈلباھارنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇ گۈلباھارنىڭ تەقى - تۇرقىغا، بولۇپمۇ تومپىيىپ قالغان قورسىقىغا قاراپ، گۈلباھارنىڭ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى.
— ئەسسالام، ھەدە، — دېدى گۈلباھار مەريەمگە بىر خىل قورۇنۇش ئىچىدە سالام بېرىپ.
— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، قىزىم، ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى مەريەم كۈلۈپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇ قىزىغا، — ئىبادەت، ھەدىڭىزنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئېلىڭ، — دېدى.
ئىبادەت گۈلباھارنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئالدى، ئۇلار پېشايۋاننىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مەريەم گۈلباھارنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى.
— ئاۋايلاڭ، قىزىم، — دېدى مەريەم. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ

ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىبادەت گۈلباھارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، ئالدىغا داستىخان سالدى. داستىخانغا تاتلىق - تۈرۈمـ-لەرنى تىزىپ، چوڭ ناندىن تۆتنى ئەكىرىپ داستىخاننىڭ ئوتتۇ-رىسىغا قويدى. ئاندىن مېھمان بىلەن ئاپىسىغا چاي قۇيدى.

— قېنى، چاي ئىچىڭ، قىزىم، — دېدى مەريەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

گۈلباھار تارتىنىپ تۇرۇپ قولىغا سىركايىنى ئېلىپ چاي-دىن ئوتلىدى، ئاندىن بىر پارچە ناننى ئېلىپ چىشلىدى - دە، مەريەمنىڭ چىرايىغا قارىدى. مەريەمنىڭ سەممىي كۈلۈشلىرى ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەندەك قىلدى، ئۇ مەريەمنى ساۋاقدىشى شارا-پەتنىڭ ئاپىسىغا ئوخشىتىپ قالدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يوغان كۆز-لىرى بىلەن ئوڭ مەڭزىدىكى مېڭى شاراپەتنىڭ ئاپىسىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. «توۋا، بىر ئادەم بىر ئادەمگە مۇشۇنداقمۇ ئوخشىغان بارمۇ؟» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

— خوش، قىزىم، پاراڭلاشقاچ ئولتۇرايلى، بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟

— سىزگە بىر ھاجىتىم چۈشۈپ كەلگەنىدىم، مەريەم ھەدە، — دېدى گۈلباھار، قولىدىكى سىركايىدىن كۆزىنى ئۈز-مەي تۇرۇپ.

— ياخشى كېلىپسىز، قىزىم، ئەمىسە دەۋېرىڭ، مەن ئۆزد-ڭىزنىڭ ئاپىسىدەك، تارتىنماڭ! — دېدى مەريەم گۈلباھارغا سەمىمىيلىك بىلەن.

— مەن سىزگە نېمە دېسەم بولار، مەريەم ھەدە...

— مېنى سىزگە كىم تونۇشتۇردى؟

— شاراپەت دېگەن بىر ساۋاقدىشىم...

مەريەم قېشىدا ئولتۇرغان قىزى ئىبادەتكە چىقىپ تۇرۇڭ دېگەن مەنىدە شەرەت قىلدى، ئىبادەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— بولغۇلۇق بولۇپ بوپتۇ، قىزىم، ئەسلىدە ئۆزىڭىزنى چىڭ تۇتسىڭىز بولغانىكەن، مۇشۇنداق جاھان ئىكەن بۇ، قانداق قىلىمىز، ھە، قانچە ئايلىق بولدى؟ — دېدى مەريەم.

— ۋاقتىم توشۇپ قالدى...

— شۇ، تۇغمىسىڭىز بولمايدۇ ئەمدى، ھايات بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ، بالدۇرراق كەلگەن بولسىڭىز مەندە ياخشى دوردلار بار ئىدى، ئەمدى ئامال يوق، سىلەر ياشلار كۆڭۈلنىڭ تاتلىق يېرىگىلا ئېسىلىۋالىسىلەر، مۇشۇنداق ئاچچىق يېرىنى ئويلىمايسىلەر ئەمەسمۇ!

— بويۇمدا قالغىنىنى بىلمەي قاپتىمەن، مەريەم ھەدە، چۈشۈرۈۋېتەي دېگەنىدىم، بىراق ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قورسىقىمنى تېڭىپ يۈردۈم، ئاخىرقى ھېسابتا سىزنىڭ قېشىڭىزغا كەلدىم، — دېدى گۈلباھار.

— سىز غۇلجىلىق ئەمەسقۇ دەيمەن، قىزىم؟

— شۇنداق، مېنىڭ يۇرتۇم قەشقەردە، مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مۇشۇ شەھەرگە تەقسىم قىلىنغانىدىم...

— ھە، مۇنداق دەڭ، قىزىم...

مەريەم ئويلىنىپ قالدى.

— بالىنىڭ دادىسىنى بىلەمسىز؟

—بىلمەيمەن... ، — گۈلباھار ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى.

— سەۋر قىلىڭ، قىزىم، يىغلىسىڭىز قورساقتىكى بالىغا تەسىر قىلىدۇ، ئۇياق نېمىشقا كەلمىدى؟

گۈلباھار ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى...

— بولدى، يىغلىماڭ، بالىڭىزنى ئاياڭ، مەن چۈشەندىم، ئۇ سىزنى تاشلىۋەتكەن ئوخشايدۇ، قانداق قىلىمىز، قىزىم، ئەمدى بولغۇلۇق بولۇپ بوپتۇ، مۇشۇ كۈنلەردە ھەرقانداق ئىشنى خەقتىن كۆرۈشكە بولمايدۇ، ئادەم ئۆزى ئۆزىنى سەتلەشتۈر-

مسه، ئىككىنچى بىر ئادەم ئۇنىڭغا تىرناقچىلىكمۇ داغ تەگكۈ-
زەلمەيدۇ، سىز ھەممە ئىشنى ئۆزىڭىزدىن كۆرسىڭىز بولىدۇ،
قىزىم، تىۇرغان گىەپ، شىەيتاننىڭ كىەينىگە كىرىپ كېتىپ-
سىز - دە؟

— شۇنداق، مەريەم ھەدە...

— خاتىرجەم بولۇڭ، قىزىم، مەن سىزنى ساقايتىپ قو-
ياي، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، مېنى سىزگە تونۇشتۇر-
غان ھېلىقى شاراپەت دېگەن ساۋاقدىشىڭىز قەيەردە ئىشلەيدۇ؟

— شەھەردىكى بىر مەكتەپتە ئىشلەيدۇ.

— ئۇياق مېنى قانداق تونۇيدىكەن؟

— ئۇنى ماڭا دېمىدى، ئىشقىلىپ، مەريەم ھەدەمنى ئىزدە-
سەڭ ساق - سالامەت بوشىنىۋالىسەن دېگەنىدى، مەن ئاشۇ
دوستۇمنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ئۇدۇللا
كەلدىم...

— ياخشى بوپتۇ، قىزىم، سىز قايسى ئىدارىدە ئىشلەيسىز؟

— مەنمۇ شەھەردىكى بىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن.

— ھە، مۇنداق دەڭ، مەكتەپتىن رۇخسەت سورىدىڭىزمۇ؟

— سورىدىم، ئاپام ئاغرىپ قاپتىكەن، ئاپامنى يوقلاپ قەش-
قەرگە بېرىپ كېلىمەن دەپ بىر ئاي رۇخسەت ئالدىم، — دېدى
گۈلباھار.

— بۇ ئىشىڭىز ياخشى بوپتۇ، ھەر ھالدا تەشكىلىڭىزنىڭ
بىلمىگىنى ياخشى، ئادەم ئۆزىگە چېك بولغىنى ياخشى، ئەمىسە
سىز بىردەم ئارام ئېلىڭ، ئىبادەت سىزگە ئورۇن راسلاپ بەر-
سۇن، مەن تىاماقنى تىۇتۇش قىلىۋالاتتىم، قىازان بېشىغا چىد-
قاي، — دېدى مەريەم.

— ماقۇل، مەريەم ھىەدە، سىزنى ئىاۋارە قىلىدىغان بول-
دۇم، — دېدى گۈلباھار. مەريەم ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
ئۇزۇن ئۆتمەي ئىبادەت ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ گۈلباھار-

غا دېرىزىنىڭ قېشىغا ئورۇن سېلىپ بەردى. ھاردۇق يەتكەن گۈلباھارغا يۇمشاق كۆرپە تولىمۇ راھەت بىلىندى، ئۇ يېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇخلاپ قالدى.

ئىبادەت ئۇنىڭ بىر تاتلىق ئۇخلاپ قالغىنىغا قاراپ ئۆزىچە يېنىك كۈلدى. ئىبادەت ئىشىكنى ئاستا يېپىپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ، ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ چۆچۈرە تۈگۈۋاتقان ئاپىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ھە راست، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئۇ ھەدىچىزنىڭ ئېتىنى سوراپ باقتىڭىزمۇ؟

— سورىدىم، ئېتى گۈلباھار ئىكەن، مەن گۈلباھار دېگەن ئىسىمنى ياخشى كۆرىمەن، ئاپا، مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ گۈلباھار قويغان بولساڭچۇ! — دېدى ئىبادەت ئاپىسىغا ئەركىلەپ.

— نېمىلەرنى دەيدىغاندۇر مۇنۇ قىز، كېلىڭە، چۆچۈرە تۈگىمىز، — دېدى مەريەم. ئىبادەت قولىنى يۇيۇۋېتىپ، ئاپىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ چۆچۈرە تۈگۈشكە كىرىشتى. چۆچۈرىلەر تۈگۈلۈپ بولدى.

— چۆچۈرىنى سالامدۇق؟ — سورىدى ئىبادەت ئاپىسىدىن.

— ئالدىرىمايلى، گۈلباھار ھەدىڭىز ئازراق ئۇخلىۋالسۇن، ھەي، قىز بالا دېگەننىڭ تەلىيى كەلمىسە بىكار، ئېسىڭىزدە بولسۇن، قىزىم، ھەرقانداق ئوغۇل بالىغا يېقىنلاشماڭ، بۇ جاھاندا ئوغۇل بالىدەك ئەسكى نەرسە يوق، قاراڭ ئاۋۇ گۈلباھار ھەدىڭىزنى، ئېزىپ - تېنەپ بىزنى ئىزدەپ كېلىپتۇ، يىگىت دېگەن مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئەسقاتمىسا، ئۇنداق يىگىتنى نېمە قىلىدۇ؟ — دېدى مەريەم قىزىغا نەسىھەت قىلىپ.

— ئەمىسە مەن گۈلجامال ھەدەمنىڭ ئەلگىكىنى ئەكىرىپ بېرەي، ئاپا، — دېدى ئىبادەت.

— بولدى ئەمدى، ئەتە ئەكىرىپ بېرىڭ، ئۇلار بۈگۈن ئىشلەتمەيدۇ، سىزگە دەيدىغان گەپ، قوشنىلار گۈلباھارنى سو-

رىسا، چوڭ ئاپامنىڭ قىزى دەڭ، قانداق قىلىمىز ئەمدى، بىزنى دەپ كەلگەندىن كېيىن ھاجىتىدىن چىقىشىمىز كېرەك، — دېدى مەريەم.

— ماقۇل، ئاپا، — دېدى ئىبادەت.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، مەريەم چۆچۈرىنى قازانغا سالدى، ئىبادەت ئاپىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە گۈلباھارنى ئويغاتتى.

— تاماق پىشتى، گۈلباھار ھەدە، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، — دېدى ئىبادەت.

گۈلباھار كۆزىنى ئاچتى.

— مەن ھازىر قەيەردە؟ — دېدى ئۇ ھېچ ئىشنى پەرق ئېتەلمەي.

— بىزنىڭ ئۆيدە...

— سىلەرنىڭ ئۆيدە؟ بۇ كىمنىڭ ئۆيى؟

— مەريەم دېگەن ئايالنىڭ ئۆيى بولمامدۇ؟ — دېدى ئىبادەت.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئەمدى ئېسىمنى تاپتىم، خاپا بولماڭ، سىڭلىم، مۇشۇ كۇنلەردە ئۇخلاپ قالسام ئېسىمنى تاپالمايدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى گۈلباھار.

— تاماق پىشتى، تاماق يەۋېلىڭ، ئاندىن ئۇخلاڭ، بەك چارچاپ كەتكەن ئوخشايسىز، — دېدى ئىبادەت. ئىبادەت داستىخان سېلىپ بولغاندى، مەريەم پەتنۇستا ئىككى چىنە چۆچۈرە كۆتۈرۈپ كىردى، ئىبادەت ئاپىسىنىڭ قولىدىن پەتنۇسنى ئالدى.

— سىز گۈلباھار ھەدەمنىڭ قېشىغا چىقىپ ئولتۇرۇڭ، ئاپا، — دېدى ئىبادەت. مەريەم پەتنۇسنى قىزىغا بېرىپ، گۈلباھارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— كېلىڭ، مەريەم ھەدە، — دېدى گۈلباھار، ئۇنىڭ ھاردۇقى چىقىپ قالغاندەك ئىدى. ئىبادەت تاماقنى مېھمانغا

تۇتتى، ئاندىن ئاپىسىغا تۇتتى.

— تاماق ئىچىڭ، گۇلباھار، چۆچۈرە ئەتكەنىدىم، ئوخشىدىمىكىن، — دېدى مەريەم.

گۇلباھار چۆچۈرىنى ھوزۇرلىنىپ ئىچىشكە باشلىدى، ئىسسىق تاماق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قىزىتتى. بىردەمدىلا ئۇنىڭ مەڭزى قىزىرىپ كەتتى.

— ئاتا - ئانىڭىز قەشقەردە بىرەر ئورۇندا ئىشلەمدۇ - يا؟ — دېدى مەريەم پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى ئېرتىۋېتىپ.

— ئاپام ئۆيدە، دادام شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ، — دېدى گۇلباھار.

— قىز بالا بولغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزنىڭ يۇرتىغا كەتكەن بولسىڭىزمۇ بولغانىكەن.

— تەقسىماتقا بويسۇنمىساق بولمايدىكەن، مەريەم ھەدە...

— ئوقۇمىسا تېخى ئۇنىڭ دەردى، ئوقۇسا تېخى ئۇنىڭ دەردى...

تاماقتىن كېيىن، مەريەم دۇئا قىلدى، ئىبادەت داستىخانىنى يىغىشتۇرۇپ، ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

— ئەمىسە، قىزىم، سىز مۇشۇ ئۆيدە مېنىڭ قىزىم بىلەن بىللە يېتىڭ، مەن ياندىكى ئۆيدە ياتىمەن، ئەگەر ئاخشاملىرى ئۆزگىرىپ قالسىڭىز، ئىبادەتنى ئويغاتسىڭىز، مېنى چاقىرىدۇ، ياخشى دەم ئېلىڭ، قالغان گەپلەرنى كېيىن دېيىشىمىز، باشقا ئىشلارنى ئويلىماڭ، بالىغا تەسىر قىلىدۇ. ھېلىقى شاراپەت دېگەن ساۋاقدىشىڭىز سىزنى يوقلاپ كېلەمدۇ - يا؟

— ياق، كەلمەيدۇ. مەن ئۇنى كەلمىگىن دېگەن.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئەمىسە دەم ئېلىڭ، قىزىم، مەنمۇ چىقىپ دەم ئالاي، — دېدى مەريەم.

— ماقۇل، مەريەم ھەدە...

مەريەم ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. گۇلباھار ئورنىدىن تۇرۇپ،

تامغا ئېسىلغان سۈرەت رامكىسىدىكى سۈرەتلەرنى بىر - بىرلەپ كۆردى، مەريەم بىلەن ئىبادەتنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى رەسىم-لەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئىبادەت دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ، كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.

جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى. گۈلباھار يانپاشلاپ يې-تىپ خىيالغا كەتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نۇرغۇنلىغان ئىشلار ئۆتتى، ئۇ يەنىلا ئاشۇ تاتلىق كۈنلەرنىڭ پەردىسى ئىچىدە ئىدى...

ئىبادەت ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى. گۈلباھار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى. ئىبادەت كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاپام بالدۇرراق يېتىپ دەم ئېلىڭلار دەيدۇ، گۈلباھار ھەدە، — دېدى.

— شۇنداق قىلايلى، سىڭلىم، بۇ يىل قانچە ياشقا كىردى-ڭىز؟ — دېدى گۈلباھار ئىبادەتكە قىزىقىپ.

— ئون بەش ياشقا كىردىم، — دېدى ئىبادەت كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ سۈزۈك سۇدەك پاكىز كۆزلىرى پارقىراپ تۇراتتى.

— ئەمىسە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپسىز - دە؟

— ياق، مەن مەكتەپتە ئوقۇمىغان.

— نېمىشقا مەكتەپتە ئوقۇمىدىڭىز؟

— مەن بەش ياشقا كىرگەندە دادام تۇگەپ كېتىپتىكەن، مەن ئاپامغا قارىشىمەن دەپ ئوقۇيالمىغان.

— ھە...، — دېدى گۈلباھار.

— ئەمىسە يېتىپ دەم ئالايلى، گۈلباھار ھەدە، مەن چىراغ-نى ئۆچۈرەي، — دېدى ئىبادەت.

ئىبادەت چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى، گۈلباھارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئۇ دېرىزىدىن ئاسمانغا قارىدى، چىرايلىق پارقىراپ تۇرغان ئاي ئۇنى خىيال دۇنياسىغا سۆرەپ كىردى، ئۇنىڭ كال-

لىسىدا نۇرغۇنلىغان ئىشلار بار ئىدى، لېكىن هازىر ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ مۇهىم ئىش، بالىسىنى ساق ـ سالامەت تۇغۇۋېلىش ئىدى، ئۇ ئاشۇنداق ئايىغى چىقمايدىغان خىياللىرىدىن قۇتۇلۇپ، كۆز ئالدىدىكى ئەمەلىيىتىگە، يەنە ئۇ يېتىۋاتقان مۇشۇ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. شاراپەت ئۇنىڭغا مەريەمنى ناهايىتى ياخشى تو- نۇشتۇرغانىدى، «خاتىرجەم بول، ئاداش، ئۇ ناهايىتى ياخشى ئايال، قولىدىن خېلى ئىش كېلىدۇ، ساق ـ سالامەت بوشىنىۋال- ساڭ، قالغان ئىشلارنىڭ هەممىسىنى ئۆزى توغرىلايدۇ» دېگەنى- دى ئۇ گۇلباهارغا. گۇلباهار مەريەمنى كۆرۈپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئەڭ مۇهىمى ئۇنىڭ ئىسسىق ئېشىنى ئىچكەندىن كېيىن، شاراپەتنىڭ گېپىگە قايىل بولۇپ قالدى. ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى ـ دە، ئىچى سىقىلغاندەك بولۇپ دېرىزىنى ئاچتى، ئىللىق شامال بىردىنلا ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇل- دى. مىڭ يىللاردىن بېرى بىنەمنىڭ باغرىدا پاكىز ئېقىۋاتقان سۇنىڭ نەمخۇش هىدى شامال بىلەن ئۆيگە كىرىپ گۇلباهارنى بىردىنلا روهلاندۇرۇۋەتتى، ئاي ئاسماندىن چۈشۈپ ئۇنى سۆيۈپ قويىدىغاندەك قاراپ تۇراتتى، بىنەم تەرەپتىن ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ ئاۋاز بىلەن بىللە بىنەمدىكى ئەمەن قوراي- نىڭ مەززىلىك پۇراقلىرىمۇ دېرىزىدىن ئۆيگە كىردى، گۇلباهار مەيدىسىنى ئېچىۋەتتى، شامال ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى سۆيۈشكە باش- لىدى، ئىبادەت ئۇخلاپ كەتكەنىدى، ئۇ ئىبادەتكە قارىدى، ئۇ- نىڭ كۆرپىسىنى ئوڭشاپ يېپىپ قويدى. «ئون بەش ياشلىق ئىبادەت، سىز نېمىدېگەن بەختلىك، سىز هەرگىز چوڭ بولماڭ، مەڭگۈ مۇشۇ يېشىڭىزدا تۇرۇپ ياشاڭ، مەيلى بۇ دۇنيادا، ياكى ئۇ دۇنيادا بولسۇن، قىز بالىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى مۇهەب- بەت بولىدىكەن، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم ساق تۇرۇپلا ساراڭ بولۇپ كېتىدىكەن، سىز هەرگىز چوڭ بولماڭ» دېدى ئۇ ئىبادەتكە قاراپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا، گۇلباهار كۆزىنى يۇم-

دى، لېكىن ئاي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا چاراسلاپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلار يەنىلا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ يېنىپ تۇراتتى. ئادەم دەم ئېلىشنى بىلگىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆمرى چەكلىك ئىدى، ئاي دەم ئېلىشنى بىلمىگىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆمرى چەكسىز ئىدى، تەڭشەلمىگەن جاھان ئەمەس، تەڭشەلمىگەن ئالەممۇ ئەمەس، ئەسلىي ئادەملەر تەڭشەلمىگەن...

## 2

گۈلباھار سەھەردە ئويغاندى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ، دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئىبادەت تېخى ئويغانمىغانىدى، بىردىنلا گۈلباھار ۋايجان دېسە ۋايجان دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىشقا باشلىغانىدى، ئىبادەت چۆچۈپ ئويغاندى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىچ كۆڭلىكى بىلەنلا ئالدىراپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، بىردەمدىلا مەريەم گۈلباھارنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى.

— يېتىڭ، قىزىم، يېتىڭ، — دېدى مەريەم، ئۇ گۈلباھار- نىڭ كۆڭلىكىنى قايرىپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى تەكشۈردى.

— ئىبادەت، تەييارلىق قىلىڭ، قىزىم، ھەدىڭىزنىڭ ۋاقتى توشۇپ قاپتۇ، تېز بولۇڭ، — دېدى مەريەم.

— ماقۇل، ئاپا، — ئىبادەت تالاغا چىقىپ كەتتى.

گۈلباھار ئوڭدا يېتىپ ۋايجان دەپ ۋارقىراۋاتاتتى، مەريەم ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ، قولىدىكى لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسى- دىكى تەرلەرنى ئېرتتى.

— غەيرەت قىلىڭ، قىزىم، چىداشلىق بېرىڭ، خۇدايىم بۇيرۇسا ھازىرلا يېنىكلەپ قالىسىز، — دېدى مەريەم.

ئىبادەت بىر چۆگۈن سۇ، داس، داكا ـ لاتا دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— ئىبادەت، ھەدىگىزنىڭ كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىڭ، مەن قولۇمنى يۇيۇۋالاي، ماڭا ياردەملىشىسىز.

— ماقۇل ئاپا...

گۈلباھار قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى، مەريەم قىزنىڭ ياردىمى بىلەن گۈلباھارنى تۇغدۇرۇشقا كىرىشتى. تالا ئاقىرىپ بولغاندى، گۈلباھارنىڭ پېشانىسىدە تولغاق ئازابىدىن تەر تامچىلىرى تەپچىرىگەن بولسا، مەريەمنىڭ پېشانىسىدىمۇ جىددىيلىكتىن تەر تامچىلىرى تەپچىرىگەنىدى. بىردىنلا بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بالا ساق ـ سالامەت تۇغۇلدى، ئىبادەت ئاپىسىغا ماسلىشىپ بوۋاقنى ئاپئاق داكىغا يۆگىدى.

— مۇبارەك بولسۇن، قىزىم، ئوغۇل ئىكەن، — دېدى مەريەم.

گۈلباھار مەريەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىگە لىقىدە ياش ئالدى...

ئېغىر كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، قۇياش ھەر كۈنى ئىللىق نۇرىنى گۈلباھار بىلەن ئۇنىڭ بالىسىنىڭ چىرايىغا چېچىپ تۇردى. مەريەممۇ گۈلباھارنى كۆڭۈل قويۇپ بېقىشقا باشلىدى. بۇ ھال گۈلباھارنى تەسىرلەندۈردى، بىر كۈنى گۈلباھار بالىسىنى ئېمىتىپ بولۇپ، بالىسىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

— دادىسىغا ئوخشامدۇ؟ — دېدى مەريەم گۈلباھارنىڭ قولىدىن بالىنى ئېلىپ يۆگىكىنى ئوڭشاپ تۇرۇپ.

گۈلباھار بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— بىرنەچچە كۈن بولغان بوۋاقنىڭ كىمگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، قىزىم، خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە بىرنەچچە ئايدىن كېيىن كىمگە ئوخشايدىغانلىقى روشەن بولىدۇ، — دېدى مەريەم.

گۈلباھار يەنە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— جىمىپ كەتتىڭىزغۇ، قىزىم؟

— مەنغۇ قۇتۇلدۇم، مەريەم ھەدە، بالا چوڭ بولسا قانداق بولار؟

— كېيىنكى ئىشلارنى خۇدايىم بىلىدۇ، قىزىم، بىز بۈگۈننى، جىق بولسا ئەتىنىلا بىلەلەيمىز، بىلگۈچى ئاللا دەپتىكەن، بۇ ساقام چوڭ بولسا يا دۇتار چالىدۇ، يا دۇتار ساتىدۇ، ئىشقىلىپ، ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلىپ جان باقىدۇ، نەچچە زاماندىن بېرى مەن سىزگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان قىزلارنى مۇشۇنداق تۇغدۇردۇم، ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئۇ يەردە - بۇ يەردە ئۆرۈلۈپ - سوقۇلۇپ چوڭ بولۇپ قالدى، ئەسلىدە بىر ئاچ - بىر توق چوڭ بولغان بالىلار ئادەمنىڭ قەدرىگە يېتىدىكەن، — دېدى مەريەم.

— ئەگەر مېنىڭ بىر ئۇچار گىلىمىم بولغان بولسا، مەريەم ھەدە، بۇ بالامنى ئاشۇ گىلەمنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، قىش - ياز گۈل ئېچىلىپ تۇرىدىغان جەننەتكە يولغا سېلىۋېتەتتىم...

— جەننەت ئارزۇلايدىغان يەر ئەمەس، قىزىم، ئەڭ ياخشى يەر بىزنىڭ مۇشۇ ئالەم، بىز مۇشۇ ئالەمدە ھەر بىر زىخ كاۋاپنىڭ تەمىنى تېتىپ يېيەلەيمىز، شۇڭا بۇ ساقام يەنىلا مۇشۇ ئالەمدە ياشىغىنى تۈزۈك، — دېدى مەريەم.

— بۇ ئالەمدە ياشىماق بەك تەس ئىكەن، مەريەم ھەدە...

— نەگە بارسىڭىز قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، قىزىم، خوش، مېنىڭ سىزدىن يەنە بىر ئىشنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ، بۇ ساقامنىڭ دادىسىنىڭ ئېتى نېمە؟

گۈلباھار گەپنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ مەريەمگە قاردى، ئۇ ئىككىلىنىپ قالدى.

— مەن ھازىرچە ئۇنىڭ ئىسمىنى سىزگە دەپ بېرەلمەيمەن، مەريەم ھەدە، كەچۈرىسىز، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، بىراق

بىز بىر ئۆيدە بولالمىدۇق، كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك، بۇ ئىش مەن بىلەنلا تۈگىسۇن، ئەگەر زۆرۈرىيىتى بولسا، مەن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرىمەن، — دېدى گۈلباھار.

— مەيلىڭىز، قىزىم، ئەمدى مەن مۇشۇنداق ئىشلارنى ئېنىق بىلىۋالمىسام بولمايدۇ، خوش، كەچتە كۆڭلىڭىز نېمە تارتىدۇ؟ — دېدى مەريەم.

— چۆچۈرە ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ، مەريەم ھەدە، سىز چۆچۈ-رىنى بەك ياخشى ئېتىدىكەنسىز، — دېدى گۈلباھار كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ماقۇل، قىزىم، مەن سىزگە ئوخشىتىپ چۆچۈرە ئېتىپ بېرەي، ئۆيدە قۇرۇتۇۋالغان يالپۇزمۇ بار، ئىبادەت بازارغا بېرىپ ئۇستىخانلىق گۆش ئەكەلسۇن، — دېدى مەريەم.

مەريەم ئىبادەتنى بازارغا ئەۋەتىپ، ئۆزى تاماققا تۇتۇش قىلدى. تاماق تەييار بولدى، چۆچۈرە بەكمۇ ئوخشىغانىدى، يال-پۇزنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى ئۆينى قاپلىدى.

— سىركايىگە بۆلۈپ ئىچىڭ، قىزىم، — دېدى مەريەم ياغاچ قوشۇق بىلەن سىركايىنى گۈلباھارغا تەڭلەپ.

— رەھمەت، مەريەم ھەدە.

تاماقتىن كېيىن، ئۇلار ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

— بالىغا ئەتە يەتتە كۈن بولىدۇ، قىزىم، خۇدايىم بۇيرۇسا بالىڭىز ئۇستىخانلىق ئادەم بولىدىغان ئوخشايدۇ، قاراڭە يەتتە كۈنلۈك بولغان بالا خۇددى ئۈچ - تۆت ئايلىق بولغان بالىدەك كۆرۈنىدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا بالىنىڭ دادىسى ئۇستىخانلىق كى-شى بولسا كېرەك، خوش، بالىنىڭ ئېتىنى قويۇۋېتەمدۇق؟ — دېدى مەريەم.

بالىنىڭ ئېتىنى قويۇش توغرىسىدا گۈلباھار تېخى ئويلاش-مىغانىدى، ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى.

— ئەللەينىڭ ئېتىنى قويۇۋەتسەك دەمسىز؟

— بالىنىڭ ئېتىنى قويۇۋەتمىسەك بولمايدۇ، قىزىم، ئېتىنى نېمە قويىمىز؟

— نېمە قويساق بولار، مەريەم ھەدە؟ — دېدى گۈلباھار گاڭگىراپ.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، مېنىڭ ياسىنقارى دېگەن بىر قوشنام بار، ئۇ كىشى دائىم ماڭا مۇشۇنداق بالىلارنىڭ ئىسمىنى قويۇپ بېرىدۇ، كەچتە مەن ئۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشەي، ئەتە ئۇ كىرىپ بالىنىڭ ئېتىنى قويۇپ بەرسۇن، قانداق دەيسىز؟ — دېدى مەريەم گۈلباھارغا قاراپ تۇرۇپ.

— مەيلى، مەريەم ھەدە، سىز دېگەندەك بولسۇن، — دېدى گۈلباھار.

— ئەمىسە مۇشۇنداق بولسۇن، قىزىم، ئالدى بىلەن خۇدايىم بۇيرۇسا بالىنىڭ ئېتىنى قويۇۋالايلى، ئاندىن قالغان ئىشنى سىز بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىمەن.

— ماقۇل، مەريەم ھەدە، — دېدى گۈلباھار كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

كۆز باغلانغاندا، مەريەم ياسىنقارىنىڭ ئۆيىگە كىردى، ياسىنقارىنىڭ ئايالى ئايشەم ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى.

— يۇقىرى چىقىڭ، مەريەم، ئىبادەتنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ، بىرنەچچە كۈن بولدى، كۆرۈنمەيسىزغۇ؟ — دېدى ئايشەم ئۇنىڭدىن گەپ ئالماقچى بولۇپ. چۈنكى ئايشەم بىرنەچچە كۈندىن بېرى قوشنىلىرىدىن مەريەم يەنە بىر قىزنى تۇغدۇرۇۋاپتۇ دېگەن ئۇچۇرغا ئىگە بولۇپ قالغانىدى.

— سەل ئالدىراش بولۇپ قالدىم، شەھەردىن ھەدەمنىڭ قىزى چىقىپتىكەن، ئۇ قىز ئىككىقات ئىدى، ھەدەم ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، ئۇ قىزنىڭ يولدىشى شەھەرلىك قاتناش ئىدارىسىدە ئىشلەيتتى، يەتتە كۈننىڭ ئالدىدا ئايالىنى

بىزنىڭ ئۆيگە ئەكىلىپ قويغان، بۈگۈن يەڭگىمگىلى ئالتە كۈن بولدى، شۈنداق، ئوغۇل تۇغدى قاراڭ، تەلىيى بار قىز ئىكەن، — دېدى مەريەم گەپنى ئوڭشاپ.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ھەقىقەتەن تەلىيى بار ئىكەن ئۇ قىزىڭىزنىڭ، ئوغۇل دېگەن مىڭ قىلمىسا ئوغۇل ـ دە، ۋاقتى كەلگەندە ۋارقىراپ قويسىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى توق تۇرىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى ئايشەم مەريەمنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— شۇنداق، ئەتە بوۋاقنىڭ يەتتە كۈن بولاتتى، مەيلى دادىسى ئۆلگۈرۈپ چىقسۇن ـ چىقمىسۇن. بوۋاقنىڭ ئېتىنى قويۇۋېتەيلى دەپ ئويلاشقاندۇق، ياسىنقارىنى بالىنىڭ ئېتىنى قويۇپ بېرەرمىكىن دەپ كىرگەنىدىم، — دېدى مەريەم.

— تولىمۇ ياخشى بوپتۇ، مەريەم، ئۇ باغقا چىقىپ كەتكەن، مەن ئۇنى چاقىرىپ كىرەي، — دېدى ئايشەم ئورنىدىن تۇرۇپ.

— سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

— ياقەي، ئۆزىمىزنىڭ ئىشى ئىكەنغۇ؟ — دېدى ئايشەم. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، يولدىشىنى باشلاپ كىردى.

— مۇبارەك بولسۇن، مەريەم، بىزنىڭ ئايشەمدىن خۇش خەۋەر ئاڭلايمەنغۇ؟! — دېدى ياسىنقارى بۇرۇتلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ.

— ھەدەمنىڭ قىزى ئىدى، ئۆزىمۇ دەپ يۈرىدىغان، سەھرا تىنچ، كىچىك ئاپا، مەن خۇدايىم بۇيرۇسا سىنىڭ قېشىڭغا چىقىپ بوشىنىمەن دەپ، تەلىيى بار قىز ئىكەن، ئوغۇل تۇغدى قاراڭ، بايام تېخى ئايشەمگە دەپ ئولتۇراتتىم، ئەتە ئەللەيگە يەتتە كۈن بولىدۇ، ئۆزلىرىنى چۈشتە چىقىپ بالىنىڭ ئېتىنى قويۇپ بېرەرمىكىن دەپ.

— ساۋاب بولىدىغان ئىش ئىكەنغۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە چۈشتە چىقاي، ھەي خوتۇن، داستىخان سالاي دېمەمسەنغۇ!

— شۇ، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپتۇق ئەمەسمۇ، — دېدى ئايشەم ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئاۋارە بولماڭ، ئايشەم، مەن چىقاي، ئەمىسە ئەتە شۇن-داق بولسۇن، ياسىنقارى، — دېدى مەريەم ئورنىدىن تۇرۇپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، — دېدى ياسىنقارى بۇرۇتلىرىنى تولغاپ قويۇپ. ياسىنقارى بىلەن ئايشەم ئۇنى دەرۋازىنىڭ ئالدى-غىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

— خوش ئەمىسە، — دېدى ئايشەم.

— خوش، — دېدى مەريەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياسىنقارى، بۇ خوتۇننىڭ نېمىدېگەن تۈگىمىگەن ھەدى-سىنىڭ، سىڭلىسىنىڭ، تۇغقىنىنىڭ قىزلىرى دەيمەن - دە، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قورسىقىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن قىزلارنىڭ ھەممىسىنى قوندۇرۇپ، تۇغدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، بىر قېتىممۇ راست گەپ قىلمايدۇ! — دېدى ئايشەم.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، خوتۇن، بۇنداق ئىشتا راست گەپ قىلغىلى بولامدۇ، دەردى يوق قىزلار ئۇنى ئىزدەمدۇ، بىز بۇ ئىشنى توغرا چۈشەنمىسەك بولمايدۇ، مانا بۇ يىل ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئۆلۈمىگە ئون يىل بولۇپ قاپتۇ، ئون يىلدىن بېرى مەن ئۇنىڭغا ئون نەچچە لايىق تېپىپ بولدۇم، لېكىن ئۇ پەقەت يېقىن كەلمىدى، مۇنداق قارىسام تازا ئەر سېغىنىپ كېتىدىغان خوتۇنلاردىن ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ بولدى قىلدىم، ئۇ بىچارە قانداق قىلىدۇ ئەمدى؟ مۇشۇنداق ئىشلاردا خەقنىڭ دەردى-گە دەرمان بولۇپ تۆت - بەش تەڭگە تېپىپ خەجلىمىسە، كىم ئۇنىڭ غېمىنى قىلىدۇ؟

— ئۇغۇ شۇ.

— شۇڭا سەنمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، مەھەللە ئىچىدە شۇن-داق، ھەدىسىنىڭ قىزى ئىكەن، ئالامەت ياخشى قىز ئىكەن، يولدىشى پالانى يەرنىڭ باشلىقى ئىكەن دەپ سۇنايچىلىق قىلىپ بېرىشىڭ كېرەككۇ!

— يائاللا، يان بېسىپ كەتكىنىنى، — دېدى ئايشەم قاپاق-لىرىنى بىر قىسما قىلىپ.

— قوشناڭ قارىغۇ بولسا بىر كۆزۈڭنى قىس دېگەننى بىلە-شىڭ كېرەكقۇ، خوتۇن، هازىر يوقالسۇن دېسە، يوقالسۇن دېيە-شىڭ كېرەك، ياشىسۇن دېسە، ياشىسۇن دېيىشىڭ كېرەك، بولمىسا ياشىيالمايسەنغۇ! — دېدى ياسىنقارى.

— ساراڭ! — ئايشەم كۈلۈپ كەتتى.

مەريەم ئەتىسى چۈشكە ئۈلگۈرتۈپ ئاش ئېتىپ تەييار قىلـ-دى؛ چۈشتە ياسىنقارى كەلدى، مەريەم ئۇنى مېهمانخانىغا باشلىدى.

— باشقىلارغا خەۋەر قىلمىدىم، ياسىنقارى، يازدا هەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدىكەن، — دېدى مەريەم.

— بولۇۋېرىدۇ، مەريەم، بىر ئادەم بولسىمۇ شۇ، ئىككى ئادەم بولسىمۇ شۇ، بوۋاقنىڭ ئېتىنى قويۇۋەتسەك بولىدىغۇ! — دېدى ياسىنقارى بۆرۈتلىرىنى ئوينىغاچ ئولتۇرۇپ.

ئىبادەت مېهمانىنىڭ قولىغا سۇ بەردى. مەريەم تۇجۇپىلەپ ئەتكەن پولۇنى ئەكىرىپ داستىخانغا قويدى.

— قېنى ئەمىسە، ياسىنقارى، تاماققا باقسىلا! — دېدى مەريەم. مەريەم ياسىنقارىنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ئۆزى گۈلباهارنىڭ قېشىغا چىقتى.

— ئەمىسە، قىزىم، سىز مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئىبادەت بىلەن بالىنى ياسىنقارىنىڭ قېشىغا ئاچىقاي، بالـ-نىڭ ئېتىنى نېمىدەپ قويىمىز؟ — دېدى مەريەم گۈلباهارنىڭ قېشىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ.

— مېنىڭ كاللامدا هېچ نەرسە يوق، مەريەم هەدە، ئۆزىڭىز

بىلىپ بىر ئىسىم قويۇپ قويۇڭ، — دېدى گۈلباھار يەرگە قاراپ تۇرۇپ.
— ئۇنداق دېمەڭ، قىزىم، بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، ئۆزدىڭىز ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىسىمنى دەڭ، شۇ ئىسىمنى قويايلى، — دېدى مەريەم.
— مەن مۇشۇ كۈنلەردە ھېچ نەرسىنى ياخشى كۆرمەيمەن، مەريەم ھەدە، ئۆزۈمنىمۇ ياخشى كۆرمەيمەن، بالىغا ئۆزىڭىز بىلىپ ئىسىم قويۇپ قويۇڭ! — دېدى گۈلباھار يىغلىغۇدەك بولۇپ.
— ئۇنداق دېمەڭ، قىزىم، يامان بولىدۇ، بالىدا گۇناھ يوق، گۇناھ بىزدە، مۇنداق قىلايلى، بىرى، سىز بالىنىڭ دادىسىنى ماڭا دەپ بېرىڭ، مەن ئىبادەتنى ئەۋەتەي، قويىدىغان ئىسىمنى دادىسى دەپ بەرسۇن، ئەگەر بۇنىڭغا كۆنمىسىڭىز، سىز بىر ئىسىمنى كۆرسىتىپ بېرىڭ، مەيلى قانداق بولمىسۇن، بۇ بالا سىزنىڭ. سىز ئەمدى ئانا بولدىڭىز، بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى مەريەم.
بۇ گەپ گۈلباھارغا خېلى تەسىر قىلدى، ئۇ ئويلىنىپ قالدى. «ئۇنىڭ ئېتىنى ھەرگىز ئاغزىمدىن چىقارمايمەن، مەن ئۇنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن، مەن بۇ ئىش ئارقىلىق ئۇنى پاتقاققا تىقىپ قويسام بولمايدۇ» دېدى ئۇ ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە.
— مېنىڭ ئەسلىي مەمەت دېگەن بىر ئىنىم بولىدىغان، ئۇ ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى، مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، ئاشۇ ئىنىمنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بۇ ساقامنىڭ ئېتىنى مەمەت قويايلى ئەمىسە، مەريەم ھەدە....
— مانا، ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى، قىزىم، سىز تېخى كىچىك، كېيىن ھەممە ئىشنى بىلىپ قالىسىز، بالىدا نېمە گۇناھ بار، قىزىم، ياخشى، ئەمىسە بۇ ساقامنىڭ ئېتى خۇدايىم

بۇيرۇسا مەمەت بولىدىغان بولدى، — دېدى مەريەم، — ئىبادەت، ياسىنقارى ئاكىڭىزنىڭ قېشىغا چىقىپ چاي قۇيۇپ قويۇڭ، تامىقىنى يەپ بولغان بولسا مېنى چاقىرىڭ!

ئىبادەت ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ياسىنقارى تامىقىنى يەپ بولغانىدى، ئىبادەت داستىخاننى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، مەريەم بالىنى كۆتۈرۈپ ياسىنقارىنىڭ قېشىغا كىردى.

— قېنى ئەمىسە، ئەللەيىنى ماڭا بېرىڭ، — دېدى ياسىنقارى.

مەريەم كۆلۈپ تۇرۇپ بالىنى ياسىنقارىغا بەردى، ياسىنقارىمۇ كۆلۈپ تۇرۇپ بالىنى قولىغا ئالدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بالىغا قارىدى.

— بەك چىرايلىق بالا ئىكەن بۇ، يەتتە كۈن بولدى دەيسىلەر، بىرنەچچە ئايلىق بولغان بالىدەكلا قىلىدىغۇ، تازا بەستلىك بالا بولغۇدەك خۇدايىم بۇيرۇسا، — دېدى ياسىنقارى بالىغا مەستلىكى كېلىپ، — ئېتىنى نېمىدەپ قويىدىغان بولدۇق؟

— بالىنىڭ ئاپىسى مەمەت قويساق دەيدۇ.

— ياخشى ئىسمىنى تاللاپتۇ، ئەقىللىق قىز ئىكەن، — دېدى ياسىنقارى.

«ئەقلى بولسا توي قىلماي تۇرۇپ ئانا بولۇپ ئولتۇرامدۇ!» دېدى مەريەم ئىچىدە كوتۇلداپ. ياسىنقارى بالىنى ئىككى ئالقىنىغا ئېلىپ قىبلە تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى، ئۇ تەقۋادارلىق بىلەن ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە ئايەتنى ئوقۇۋېتىپ بالىنى مەريەمگە تۇتقۇزدى.

— مۇبارەك بولسۇن، مەريەم، بالىنىڭ ئېتى مەمەت بولدى، — دېدى ئۇ.

— رەھمەت، ياسىنقارى، — دېدى مەريەم مەمەتنى قولىغا ئېلىپ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن مەمەتنى ئىبا-

دەتكە ئۈزاتتى، — مەمەتنى ئاپىسىغا ئاچىقىپ بەر، بالام، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئىبادەت مەمەتنى قولىغا ئېلىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مەريەم راسلاپ، تەييار قىلىپ دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە قويۇپ قويغان پەتنۇسقا يانچۇقىدىكى كونۋېرتنى ئېلىپ سالدى، ئاندىن پەتنۇسنى ياسىنقارىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئاز بولسىمۇ ئېلىپ قويسىلا، ياسىنقارى…

— ۋاي بۇ، بۇنداق قىلمىسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ، بۇ دېگەن ئۆزىمىزنىڭ ئىشى تۇرسا، — دېدى ياسىنقارى.

— شۇنداق بولسىمۇ ئېلىپ قويسىلا ئەمدى…

— رەھمەت ئەمىسە، ئالمىسام بولاتتى، بىز قارىي ئادەم يەپ كۆنۈپ كەتكەن، بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى ياسىنقارى پەتنۇس-تىكى كونۋېرت بىلەن لۆڭگىنى قولىغا ئېلىپ.

ياسىنقارى يەنە بىر دۇئا ياندۇرۇپ، مەريەم بىلەن خوشلى-شىپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، گۇلباھار دېرىزىدىن ياسىنقارىنى كۆردى. گۇلباھار مەمەتنى چىڭ قۇچاق-لاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ يىغى-سىغا نۇرغۇنلىغان مەنىلەر ئارىلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئىس-سىق كۆز ياشلىرى مەمەتنىڭ يۈزلىرىنى يۇيۇۋاتاتتى…

## 3

گۇلباھار يەتتىپ ئون كۈن بولغاندا، مەريەم گۇلباھار بىلەن مەمەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە پاراڭلاشتى.

— بەزى گەپلەرنى بالدۇرراق قىلىشىپ تۇرغىنىمىز ياخ-شى، قىزىم، مەمەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلاي دەيسىز؟ — دېدى مەريەم گۇلباھارنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ. گۇلباھار بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇخلاۋاتقان مەمەتكە قارىدى.

— ئىككى كۈن بولدى، مەريەم ھەدە، كاللامغا مۇشۇ ئىش كىرىۋالدى، مەمەتنى مەن ئورۇنلاشتۇرالمايمەن، ماڭا يۈز كېرەك، مېنىڭچە بالا سىزدە قالسا، بالا بېقىۋالىدىغانلار بولسا بېرىۋەتسىڭىز، — دېدى گۈلباھار كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ.

— ياخشى ئويلىشىڭ، قىزىم، كېيىن پۇشايمان قىلسىڭىز بولمايدۇ...

— مەن بۇ ئىشتا پۇشايمان قىلمايمەن، مەريەم ھەدە.

— ئەسلىدە مەن بۇ گەپنى كېيىنرەك تېشەي دېگەن، ئىبادەتتىن ئاڭلىسام يەنە تۆت - بەش كۈندىن كېيىن قەشقەرگە يولغا چىقىدىغان ئوخشايسىز، شۇڭا سەل ئالدىراپ قالدىم، بالا بېقىۋالىدىغان ئادەم يوق ئەمەس بار، بازاردا تاماكا ساتىدىغان بىر جۈپ بوۋاي - موماي بار، بوۋاينىڭ ئېتى قۇربان، مومايىنىڭ ئېتى گۈلبەھرەم، ئۆتكەندە مېنى ئىزدەپ كېلىپتىكەن، ياردەم قىلغان بولسىڭىز، بىر بالا بېقىۋالغان بولساق، دېگەنىدى، ئۇلار تا ھازىرغا قەدەر بالا يۈزى كۆرمەپتۇ. بوۋاي قەشقەردىن، ئايالى گۈلبەھرەم غۇلجىدىن، مەن ئەتە ئۇلار بىلەن بىر كۆرۈشەي، ئەگەر سىز ئېنىق بىر پىكىرگە كەلسىڭىز مەمەتنى بەرسەك شۇلارغا بېرىۋېتەيلى...، — دېدى مەريەم.

— مەيلى، مەريەم ھەدە، بىراق مەن بۇ ئىشقا ئارىلاشماي، ئۆزىڭىز بىر تەرەپ قىلىڭ، ئۇلار مېنى كۆرمىسۇن، مېنىڭ ئېتىمنىمۇ بىلمىسۇن، مەن يەنە بەش كۈندىن كېيىن يولغا چىقاي دەۋاتىمەن، قەشقەرگە بېرىپ كەلمىسەم بولمايدۇ، بالىنى مەن كەتكەندىن كېيىن بېرەرسىز، مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، ئەگەر ئۇلار مېنىڭ ئېتىمنى، ئىش ئورنۇمنى بىلىپ قالسا، مەمەت چوڭ بولغاندا چوقۇم مېنى ئىزدەيدۇ، ئۇ ۋاقىتتا تېخىمۇ رەسۋا بولىمەن، مەن ياشىشىم كېرەك، مەريەم ھەدە، سىز بىلىسىز، ياشاش ئۈچۈن يۈز بولمىسا بولمايدىكەن!

— بۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بولۇڭ، قىزىم، مەن ھەرگىز سىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدىغان ئىشنى قىلمايمەن...

— ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك...، — دېدى گۈلباھار كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— كۆڭلىڭىزنى ئەسكى قىلماڭ، قىزىم، كۆلۈپ ياشاڭ، مانا ھەممە ئىش تۈگىدىغۇ، ساق - سالامەت بوشىنىۋالدىڭىز، ئوقۇغان، تەربىيە كۆرگەن قىز ئىكەنسىز تېخى، بىر ئوبدان خىزمىتىڭىزمۇ بار ئىكەن، ئەمدى بۇ ئىشلارنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ، — دېدى مەريەم.

— ماقۇل، مەريەم ھەدە، — دېدى گۈلباھار.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەريەم بازارغا كىردى، ئۇ ئۇدۇللا گۈلبەھرەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.

— ... ماڭا خۇش خەۋەر ئەكېلىپسىز، مەريەم، سىزگە كۆپ رەھمەت، قۇربان ئاكىڭىز بازارغا چىقىپ كەتكەن، ئۇ ئاڭلىسىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، نەچچە زاماندىن بېرى بىر ئوغۇل بېقىۋالساق بولاتتى دەپ ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، — دېدى گۈلبەھرەم مەريەمنىڭ كۆزلىرىگە خۇشال قاراپ.

— مەنمۇ ئالدىراپ كىرگەنىدىم، گۈلبەھرەم ھەدە، ئۆيدە ئىبادەت قالغان، بالدۇرراق قايتىپ ئۇلارغا تاماق ئېتىپ بەرمىسەم بولمايدۇ، بازاردا قىلىدىغان ئازراق سودىلىقىم بار، مەمەتنىڭ ئاپىسىغا كۈندە شورپا سېلىپ بېرىۋاتىمەن، ئۆيدە چامغۇر تۈگەپ قالغانىدى، تۇزمۇ تۈگەپ قاپتىكەن، خوش ئەمىسە، مەن چىقاي...

— چاي ئىچىپ ماڭسىڭىز بولمامدۇ، مەريەم، — دېدى گۈلبەھرەم ئورنىدىن تۇرۇپ.

— رەھمەت، گۈلبەھرەم ھەدە، خۇدايىم بۇيرۇسا كېيىن ئايرىم كېلىمەن، — دېدى مەريەم.

— بىر ئىشنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ، مەريەم، مەمەتنىڭ ئاپىسىنىڭ ئېتى نېمە؟

— مېنى خىجالەت قىلماڭ، گۈلبەھرەم ھەدە، سىز ھەممە ئىشنى بىلىدىغان ئايال. مەمەتنىڭ ئاپىسى مەيلى بالامنى كىم بېقىۋالمىسۇن، ھەرگىز مېنىڭ ئېتىمنى چىقارماڭ دېگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئېتى سىز ئۇچۇن مۇھىم ئەمەس...

— شۇنداق، كەچۈرۈڭ، مەريەم، ئەمىسە يولىڭىزغا قاراي-مەن.

— ئەگەر ئۆزۈم كېلەلمىسەم، ئىبادەتنى ئەۋەتىمەن، — دېدى مەريەم.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، — دېدى گۈلبەھرەم. گۈلبەھرەم مەريەمنى ئۇزىتىپ قويدى.

مەريەم بازاردا سودا قىلىۋاتقاندا، ئون بەش ياشلارغا كىر-گەن بىر ئوغۇل قارىياغاچ مەھەللىسىدە پەيدا بولدى، ئۇ بۇلاقتىن سۇ ئەكېلىۋاتقان ئىبادەتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— كەچۈرسىز، قىز، مەن سىزدىن بىر ھەدەمنىڭ ئۆيىنى سورىماقچىدىم، — دېدى ئوغۇل.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دېدى ئىبادەت قولىدىكى چېلەك-نى يەرگە قويۇپ.

— مەريەم ھەدەمنىڭ ئۆيىنى ئىزدەيتتىم.

— ھە، مېنىڭ ئاپامنى ئىزدەيدىكەنسىز ـ دە، مەن قىزى بولىمەن، يۈرۈڭ، ئەمىسە ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى ئىبادەت يەردىن چېلەكنى ئېلىپ.

— ئاپىڭىز ئۆيدىمۇ؟

— ياق، ئاپام بازارغا كەتكەن.

— سىلەرنىڭ ئۆيدە گۈلباھار دېگەن بىر ھەدەم بارمۇ؟

— بار... بوشاندى... ئوغۇل تۇغدى...

— ئاپىڭىز بولمىسا مەن ئۆيگە كىرمەي، سىز خاپا بولماي مۇشۇ سومكىنى گۈلباھار ھەدەمگە بېرىپ قويۇڭ، — دېدى ئوغۇل.

— ھە... سىز كىم بولىسىز؟ ئېتىڭىز نېمە؟

— مەن گۈلباھار ھەدەمنىڭ بىر ساۋاقدىشىنىڭ ئىنىسى بولىمەن، ئېتىم دولقۇن، — دېدى ئوغۇل.

— ھە، ئېتىڭىز دولقۇن ئىكەن ـ دە، ئەمىسە ئۆيگە كىرمەمسىز، بوۋاقنى كۆرۈپ كەتمەمسىز، ئەللەينىڭ ئېتىنى مەمەت قويدۇق، — دېدى ئىبادەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— رەھمەت، ھەدەم تېز قايتىپ كەل، بولمىسا ئەنسىرەپ قالىمەن دېگەنىدى، ئەمىسە سىز خاپا بولماي مۇشۇ سومكىنى گۈلباھار ھەدەمگە بېرىپ قويارسىز، — دېدى دولقۇن قولىدىكى سومكىسىنى ئىبادەتكە تەڭلەپ.

— ماقۇل، — ئىبادەت دولقۇننىڭ قولىدىن سومكىنى ئالدى.

دولقۇن كەينىگە ياندى.

ئىبادەت كەينىگە بىر قاراپ قويۇپ، چىپلەكنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئىبادەت ئۆيگە كىرىپ، قولىدىكى سومكىنى گۈلباھارغا تەڭلىدى.

— سىزنى بايام دولقۇن دېگەن بىر بالا ئىزدەپ كېلىپتىكەن، گۈلباھار ھەدە، ئۆيگە كىرىڭ دەپ شۇنچە تۇتساممۇ ئۇنىماي قايتىپ كەتتى، — دېدى ئىبادەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— دولقۇن؟ قانچە ياشلاردا بار بالىكەن ئۇ؟ — دېدى گۈلباھار قولىغا سومكىنى ئېلىۋېتىپ.

— مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىكتەك قىلىدۇ، مەن گۈلباھار ھەدەمنىڭ بىر ساۋاقدىشىنىڭ ئىنىسى بولىمەن دەيدۇ!

— كەتتىما؟ — دېدى گۈلباھار ئىبادەتكە قاراپ.

— ھەئە.

گۈلباھار سومكىنى ئاچتى، سومكىنىڭ ئىچىدە گېزىتكە ئورالغان بىر سان گۆش، بىر بولاق قارا شېكەر بار ئىدى، ئۇ بۇ نەرسىلەرنى ئىبادەتكە بەردى، سومكىنىڭ تېگىدىن بىر پارچە خەت چىقتى. گۈلباھار كونۋېرتنىڭ ئىچىدىكى خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى:

«قەدىرلىك دوستۇم گۈلباھار، ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ، سېنى قەۋەتلا سېغىنىۋاتىمەن، ئاداش، ھەم سەندىن ئەنسىرەپ قالدىم، چۈنكى سېنىڭ ئەھۋالىڭدىن خەۋەر ئالالمىدىم، بەلكىم بۇ چاغقىچە بوشانغانسەن. ئەگەر سېنىڭ پىكرىڭگە ھۆرمەت قىلمىغان بولسام، بۈگەنگىچە سېنى بىرنەچچە قېتىم يوقلاپ كېلىپ بولغان بولاتتىم، ئىنىم دولقۇندىن ئازراق بىرنېمىلەرنى ئەۋەتتىم، ئۆزۈڭنى ياخشى كۈت، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەرگىز قايغۇرما، ئەگەر پۇلۇڭ يەتمىسە، مېنىڭ قېشىمغا ئادەم ئەۋەت، مەن قاراڭغۇدا بولسىمۇ سېنىڭ قېشىڭغا بارىمەن، خۇدايىمدىن تىلە، ئاداش، قالغان گەپلەرنى كۆرۈشكەندە قىلىشىمىز...»

گۈلباھار خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئىبادەتكە قارىدى:
— دولقۇن كەتتىمۇ؟
— ئۆيگە كىرىڭ دېسەم پەقەتلا ئۇنىمىدى.
گۈلباھار گەپ قىلمىدى، ئۇ يەنە خەتكە قارىدى.
مەريەم چوشكە يېقىن بازاردىن قايتىپ كەلدى، ئۇ دەرۋازىدىن كىرىشىگە، پېشايۋاندا دېرىزە ئەينەكلىرىنى سۈرتۈۋاتقان ئىبادەت ئاپىسىنى كۆردى، ئۇ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاپىسىنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئالدى.
— بەك جىق بىرنېمىلەرنى ئاپسىزغۇ، ئاپا، — دېدى ئىبادەت.
— گۆش ئالدىم، قىزىم، ھە، تاماقىا تەييارلىق قىلىپ قويدىڭىزما؟
— لەغمەنگە تەييارلىق قىلىپ قويدۇم.

— ياخشى، مەمەت يىغلاپ كەتمىگەندۇر؟
— ياق، ئۇخلاۋاتىدۇ.
مەريەم ئۆيگە كىرىپ گۈلباھار بىلەن كۆرۈشتى.
— كېلىڭ، مەريەم ھەدە، ھازىر كەلدىڭىزما؟ — دېدى گۈلباھار كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ھە، ھازىر كەلدىم، قىزىم، مەمەت تېخى ئويغانماپ-تۇ - دە؟
— ئويغانمىدى، ئەتىگەن ئۇخلىغان پېتى.
— گۈلبەھرەم ھەدىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ كەلدىم، مەمەتنى بېقىۋالىدىغان بولدى، خۇشال بولۇپ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ كەتتى بىچارىنىڭ، ئۆز ۋۇندىن بېرى بىر ئوغۇل بالا بېقىۋالسام بولاتتى دەپ يۈرىدىغان، مانا ئەمدى خۇدايىم بۇيرۇسا مۇرادىغا يېتىدىغان بولدى، — دېدى مەريەم.
— گۈلبەھرەم ھەدەم قانچە ياشلاردا بار؟ — دېدى گۈلباھار.
— ئاتمىش ياشلارغا كىرىپ قالدىغۇ دەيمەن، ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ شەھەردە سەن ئەمەس مەن دەپ ياسىنىپ پەرىشتىدەك يۈرىدىغان ئايال ئىدى ئۇ. جاھان دېگەن مۇشۇنداق ئىش ئىكەن، قىزىم، ۋاقىت ھەممە نەرسىنى يىغىشتۇرىدىكەن، — دېدى مەريەم.
گۈلباھار بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
— چۈش بولۇپ قاپتۇ، مەن چىقىپ تاماق ئېتەي، قىزىم، — دېدى مەريەم.
— ئەتىگەن ھېلىقى مەن سىزگە دېگەن شاراپەت ئىسىملىك ساۋاقدىشىمنىڭ ئىنىسى دولقۇن مېنى يوقلاپ كېلىپتىكەن، مەن ئۇ بالىنى كۆرمىدىم، قۇدۇقنىڭ قېشىدا ئىبادەت بىلەن ئۇچرى-شىپ قاپتۇ، ئۇ ئىبادەتكە بىر سومكا بېرىپتۇ، بىر سان گۆش بىلەن بىر بولاق قارا شېكەر ئەۋەتىپتۇ، — دېدى گۈلباھار.

— ھە، شاراپەت ئۆزى كەلمەپتۇ - دە!

— مەن ئۇنى كەلمە ئاداش دېگەنىدىم، تونۇشلار ئۇچراپ قالسا گەپ - سۆز بولۇپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم.

— ھە... ئەمىسە مەن چىقىپ تاماق ئېتەي، قىزىم، — دېدى مەريەم ئورنىدىن تۇرۇپ.

تاماقتىن كېيىن، مەريەم گۈلباھار بىلەن گۇڭۇر - مۇڭۇر قىلىشتى.

— ئاخشام ياخشى ئۇخلىيالمىدىڭىز - ھە، مەمەتنىڭ يىغىسى مەن ياتقان ئۆيگىمۇ ئاڭلاندى، بەك ئۇزۇن يىغلاپ كەتتىغۇ بۇ ساقام، — دېدى مەريەم.

— شۇنداق بولدى، مەريەم ھەدە، مەمەت ئاخشام بەك ئۇزۇن يىغلاپ كەتتى، ئەمگۈزسەم يا ئەممەيدۇ، بەك ئۇزۇندا ئۇخلاتتىم.

— خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ ساقام يوغان ئادەم بولىدىغان ئوخشايدۇ، ئون كۈن ئىچىدە بويى بىرنەچچە ئاي بولغان بالىدەك بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى مەريەم مەمەتنى قولىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ.

— شۇ، بويىغا تارتىپ كېتىۋاتىدۇ...

— ئەمدى خۇدايىم بۇيرۇسا مەمەتنى گۈلبەھرەم ھەدەملەر بېقىۋالىدىغان بولدى، گۈلباھار، مەنمۇ خاتىرجەم بولىدىغان بولدۇم، سىزگە مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ قوياي، قۇربان ئاكا ئەسلىي قەشقەرلىك سودىگەر ئىدى، ئۇ قىرىق ياشلارغا كىرگەندە غۇلجىغا چىقىپتىكەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ خېلى پۇل تاپقان سودىگەر ئىمىشكەن، ئۇ ئاساسەن خوتەندىن غۇلجىغا گىلەم يۆتكەپ ساتىدىكەن، ئۇ ئوچۇپ يۈرگەن ئاشۇ يىللىرى گۈلبەھرەم ھەدەم بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ، ئۇ ۋاقىتتا گۈلبەھرەم ھەدەم شەھەردە كېپىنەككە ئوخشاش ئوچۇپ يۈرىدىغان يىللىرى ئىكەندۇق، گۈلبەھرەم ھەدەمدە چىراي بار، ئەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشنى بىلىدۇ، قۇربان ئاكىدا

بولسا پۇل بار، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇلبەھرەم ھەدەمگە پەرۋانە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانىكەن، ئۇلار يىگىرمە نەچچە يىل ئۆي تۇتقان بولسىمۇ، گۇلبەھرەم ھەدەم بالا يۈزى كۆرمەپتۇ، قۇربان ئاكا گۇلبەھرەم ھەدەم بىلەن توي قىلىپ ئون يىل بولغاندىن كېيىن، ئۇ پۈتۈن مال - دۇنيا ۋە دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ، ئەسلىدە بىرىگە نۇرغۇنلىغان ماللىرىنى ئۇستۇن باھادا نېسىگە بەرگەنىكەن، ئۇ ئادەم گىلەملەرگە ئىگە بولۇپ بولغاندىن كېيىن، گىلەمنى ئەرزان باھادا باشقا گىلەمچىلەرگە ئۆتكۈزۈۋېتىپ، قېچىپ كېتىپتۇ. خوتەندە گىلەملەرنى ئۇنىڭغا نېسىگە بەرگەن گىلەمچىلەر بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، غۇلجىغا چىقىپ ئۇنى قىستاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىدىكى بارلىق دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا شە-ھەر مەركىزىدىكى چوڭ قورۇ - جايىنى سېتىۋېتىپ، مۇشۇ چەت بازارغا كېلىپ ماكانلىشىپ، تاماكا سېتىپ جان بېقىپ كېلىۋې-تىپتۇ، ئەر - ئايال ئىككىلىسى ياخشى ئادەملەر، خۇدايىم بۇي-رۇسا، مەمەت ئۇلارنىڭ قولىدا ياخشى ئادەم بولىدۇ، — دېدى مەريەم.

— خۇدايىم تەلىيىنى بەرسۇن بالامنىڭ، — دېدى گۇلباھار كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— ئۇنىڭ دادىسىنى دەيمەن، باغرى بەك قاتتىق ئادەم ئوخ-شايدۇ، بىر قىسمىلا ئىش قىلىدىغۇ ئۇ ئادەم.

— مەن يەنە بەش كۈندىن كېيىن يولغا چىقايمىكىن، مەريەم ھەدە؟ — دېدى گۇلباھار.

— بۈگۈن مەمەتكە ئون بىر كۈن بولدى، ئەگەر يەنە بەش كۈندىن كېيىن يولغا چىقسىڭىز، ئون ئالتە كۈن بولىدۇ، ئون ئالتە كۈن بولغاندا ماڭسىڭىزمۇ بولىدۇ، بىراق بالا كالا سۈتىگە تەسرەك كۆنىدۇ، مېنىڭچە، يىگىرمە كۈن بولغاندا مېڭىڭ، ئارىلىقتا ئاز - تولا كالا سۈتى بىلەن ئۆگىتىپ تۇرلي، قانداق دەيسىز؟ — دېدى مەريەم.

گۈلباھار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى.

— مەن بىر ئاي رۇخسەت سورىغانىدىم، ئۇنداقتا ۋاقتىم ئون كۈنلا قالدۇ، ئانامنىڭ قېشىدا ئۆزۈن تۇرالمىغۇدەكمەن، — دېدى گۈلباھار.

— ئۇنىڭغا ئامال يوق، قىزىم، بالىنى ئويلىمىسىڭىز بولمايدۇ، مەن دېگەندەك قىلىڭ، يىگىرمە كۈن تۇشۇپ كەتسۇن! — دېدى مەريەم گۈلباھارنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى گۈلباھار مەمەتكە قاراپ تۇرۇپ.

مەمەتكە ئون بەش كۈن بولغاندا، مەريەم تونۇر ئېلىش ئۈچۈن بازارغا كىردى، ئۇ بازاردا گۈلبەھرەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇ گۈلبەھرەمنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى...

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، گۈلبەھرەم ھەدە... بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى، قورسىقىڭىز...

— كۆرگەنلەر مېنى قورسىقىدا بالا بار ئىكەن دەپ قالسۇن دەپ قورسىقىمغا بىرنېمىلەرنى تىقىۋالدىم، خۇدايىم بۇيرۇسا مەمەتنى ئۆيگە ئەكېلىۋېلىپ ئۆزۈم تۇغدۇم دەپ ئۆيدىن چىقماي يېتىۋالىمەن... .

مەريەم كۈلۈپ كەتتى:

— قېرىغاندا نېمە قىلغىنىڭىزدۇر بۇ، ھەدە...

— مۇشۇنداق قىلمىسام بولمايدۇ، مەريەم، ھازىر ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كوت - كوت بولۇپ كەتتى، نەدىن ئەكەلدىڭىز، كىمنىڭ بالىسىكەن دەپ سوراپ ساراڭ قىلىۋېتىدۇ ئادەمنى...

مەريەم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى.

— ئادەمنىڭ ئويىغا كەلمەيدىغان ئىشنى قىلىپسىز، خەق ئىشىنەمدۇ؟

— مەن ئىشەندۈرىمەنغۇ، مەريەم، نېمىنى كۆرمىگەن

خوتۇن مەن، بۇنچىلىك ئىشنى قاملاشتۇرالمىسام بولماس، باياـ
قى مېڭىشىمنى كۆرمىدىڭىزما، ئاستا ـ ئاستا كېرىلىپ ماڭىدىـ
غان بولسام ھەممە ئادەم ئىشىنىدۇ، — دېدى گۈلبەھرەم كۈلۈپ
تۇرۇپ.

— كۆرگەنلەر نېمە دەۋاتىدۇ؟ — دېدى مەريەم.

— نېمە دەيتتى، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تېگىپتۇ، ھۆپۈپ
جىرىم غاجىلاپتۇ، قۇرۇپ كەتكەن دەرەخ كۆكلەپتۇ، زاماننىڭ
ئاخىرى بولغان ئوخشايدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. مەن زاماننىڭ ئاخىرى
بولمىدى، قۇربان ئاكاڭغا جان كىرگەن گەپ جان، دېدىم...

مەريەم توختىماي خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— مەمەتنىڭ ئەھۋالى ياخشىما؟ — دەپ سورىدى گۈلـ
بەھرەم.

— ياخشى، ئاپىسى يەنە بەش كۈندىن كېيىن كەتمەكچى،
كەتكەن كۈنى مەن ئىبادەتنى ئەۋەتىمەن، بۈگۈن ـ ئەتە ئىچىدە
سۈت ئۇقۇشۇپ قويۇڭ، مەمەت هازىرمۇ ئاپىسىنىڭ سۈتىگە تويـ
مايۋاتىدۇ، كالا سۈتىنى قوشۇمچە قىلىپ بېرىۋاتىمەن، — دېدى
مەريەم.

— بۇنى ياخشى دەپ قويدىڭىز، مەريەم، يېقىندا تېخى
قوشنىمىزنىڭ كالىسى تۇغقان، سۈتى بەك ياخشى، ئاشۇلارنىڭ
سۈتىنى ئالىمەن ـ دە! — دېدى گۈلبەھرەم.

مەريەم گۈلبەھرەم بىلەن خوشلىشىپ، تونۇر بازىرىغا بارـ
دى، بازاردىن بىر كىچىك تونۇر سېتىۋېلىپ، بىر ئېشەك هارۋىـ
سىنى كىرا قىلىپ، ئۆيىگە ئەكېلىۋالدى. كەچتە ئۇ گۈلباھارغا
گۈلبەھرەم ھەدىنىڭ قىلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ھەدىگەندە ئىباـ
دەت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، لېكىن گۈلباھار كۈلمىدى.

— تەڭشەلمىگەن جاھان، مەريەم ھەدە، مەن بۇ يەردە ئوغـ
رىلىقچە بالا تۇغۇپ قايغۇرۇپ يۈرىمەن، گۈلبەھرەم ھەدەم قورـ
سىقىنى سۈنئىي تومپايتىپ بويۇمدا بار دەپ بازار ئايلىنىپ يۈرۈپـ

تۇ، ياشماق نېمىدېگەن تەس! — دېدى گۈلباھار.

— شۇنداق، قىزىم، جان باقماق مۇشۇنداق تەس، بولۇپمۇ بىز ئاياللار ئۈچۈن بەك تەس، بىز ئاساسەن ئەرلەرگە تايىنىپ ياشايمىز، ئۇلاردىن ئاشقاندا ئىگە بولالايمىز، بۇ جاھان ئەرلەرنىڭلا غېمىنى يەيدۇ، بىز بىلەن كارى يوق، ئىگىسى ئەسلىدە بىزنى ئەرلەرنىڭ ئىچ پۇشۇقى ئۈچۈن ياراتقانىكەن، بىز ياردىشىمىزدىلا ئاجىز يارالغان، — دېدى مەريەم.

كەچ كىردى. گۈلباھار بالىسىنى قوينىغا ئېلىپ ياتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى.

مەمەت مۇشۇ دۇنياغا كەلگىلى يىگىرمە كۈن بولغاندا، گۈلباھار يولغا چىقماقچى بولدى. يولغا چىقىشنىڭ ئالدىنقى كېچىسى گۈلباھار بىلەن مەريەم تۈن خېلى بىرۋاخ بولغۇچە پاراڭلاشتى، ئاخىرى گۈلباھار يېنىدىن ئوتتۇز سوم پۇلنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا قۇلىقىدىكى بىر جۈپ ھالقىسىنى قوشۇپ، مەريەمنىڭ ئالدىغا قويدى. يىگىرمە كۈننىڭ ئالدىدا شاراپەت ئۇنى مەريەمنىڭ ئۆيىگە يولغا سالغاندا، قايتقاندا ئوتتۇز سوم بەرسەڭ بولىدۇ، ئاداش، دېگەنىدى، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ ئىبادەتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى، شۇڭا ھالقىسىنى ئىبادەتكە ئاتاپ مەريەمنىڭ ئالدىدا قويدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، قىزىم، بۇنداق قىلماڭ، بۇ بەك جىق بولۇپ كەتتى، سەت بولىدۇ، — دېدى مەريەم گۈلباھارنىڭ قولىنى ئەدەپ يۈزىسىدىن قايتۇرۇپ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاپئاق لۆڭگىنىڭ ئۈستىگە قويغان پۇل بىلەن ھالقىدا ئىدى.

— ئاز بولسىمۇ بۇ ئوتتۇز سوم پۇل بىلەن بىر جۈپ ھالقىنى ئېلىپ قويۇڭ، ھەدە، سىز ماڭا ئۆزۈمنىڭ ئانىسىدەك ياخشى قارىدىڭىز، مەن ھەرگىز سىزنى ئۇنتۇمايمەن، ئۆيگە خىراجەت قىلىڭ، مەن ئۈچۈنمۇ ئاز پۇل خەجلىمىدىڭىز، بۇ بىر جۈپ

ھالقىنى ئىبادەت قولىقىغا سالسۇن...

— بەك سەت بولدى، قىزىم، ئەمىسە پۇلنى ئېلىپ قوياي، ھالقىڭىزنى ئالسام بولمايدۇ، ئىبادەتنىڭ ھالقىسى بار...

— بۇ ھالقا ئىبادەتكە خاتىرە بولۇپ قالسۇن، ھەدە، ئىبادەت ماڭا بەك ياخشى قارىدى، ئۇ خۇددى ئۆز سىڭلىمدەكلا بولۇپ قالغان، — دېدى گۈلباھار كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— بوپتۇ ئەمىسە، كۆڭلىڭىز ئىكەن، قىزىم، مەمەتتىن خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئادەتتە بۇنداق ئىشلاردا بالىنىڭ ئانىسىغا راست گەپ قىلمايتتىم، سىزگە راست گەپ قىلدىم، بولمىسا بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بەزى ئانىلار بالىسىنى سوراپ كېلىپ مېنى ئاۋارە قىلىدۇ، ئەتە ئەتىگەندە سىزنى يولغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىبادەتنى گۈلبەھرەمنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىمەن، ئۇلار كېلىپ مەمەتنى ئەكېتىدۇ، سىز بالىدىن خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ ئەمدى.

— رەھمەت، مەريەم ھەدە، ئەمىسە مەن ئەتە سەھەردە يولغا چىقىمەن، يۇرتقا بارغاندىن كېيىن سىلەرگە خەت يازىمەن.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، قىزىم، ئەمىسە بۈگۈن بالدۇرراق ئارام ئېلىڭ، «يول ئازابى — گۆر ئازابى» دېگەن گەپ بار، بولمىسا يولدا قىينىلىپ قالىسىز، — دېدى مەريەم. مەريەم ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە چىقىپ كەتتى، ئىبادەت بىلەن گۈلباھار چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاشقا ياتتى، لېكىن گۈلباھارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى...

ئەتىسى تاڭ ئېتىش ئالدىدا مەريەم گۈلباھارنى ئويغاتتى، ناشتىدىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىر تۇمار بەردى.

— بۇ تۇمارنى تۈنۈگۈن ياسىنىقارىغا دەپ سىز ئۈچۈن پۈتتۈرگەنىدىم، ئاخشام تىكىپ تەييار قىلدىم، بۇنى بوينىڭىزغا ئېسىۋېلىڭ، دوست بار يەردە دۈشمەن بار، تىل تەگمەيدۇ، — دېدى مەريەم.

— رەھمەت، مەريەم ھەدە، — دېدى گۈلباھار تۇمارنى قولىغا ئېلىپ، ئۇ تۇمارنى بوينىغا ئېسىۋالدى. گۈلباھار سوم-كىسىنى ئېلىپ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تاتلىق ئۇخلاۋاتقان مەمەتكە بىر قارىۋېتىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە يەنە بىرنى سۆيدى، شۇ دەقىقىدە ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئاستا ئۆيدىن چىقتى، مەريەم بىلەن ئىبادەت ئۇنى دەرۋازىنىڭ ئالدىغىچە ئۇزى-تىپ قويدى.

— خۇدايىمغا ئامانەت، ئاقيول بولسۇن، قىزىم، — دېدى مەريەم.

— خوش، گۈلباھار ھەدە، قەشقەردىن قايتىپ كەلگەندە ئۆيگە كېلىڭ، — دېدى ئىبادەت.

— رەھمەت، مەريەم ھەدە، رەھمەت، ئىبادەت، مەن چوقۇم سىلەرنى ئىزدەيمەن، — دېدى گۈلباھار.

مەھەللىنى تاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانى-دى. مەھەللىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدىن خورازلارنىڭ چىللىغان، ئىتلارنىڭ ئېرىنچەكلىك بىلەن ھاۋشىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گۈلباھار سومكىسىنى كۆتۈرۈپ شەھەر تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. گۈلباھارنىڭ گەۋدىسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا غايىب بولدى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، مەريەم ئىبادەتنى گۈلبەھرەمنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى، گۈلبەھرەم ھايال بولمايلا يېتىپ كەلدى.

— بالىنى كۈندۈزى ئېلىپ ماڭسام بولمايدۇ، مەريەم، كەچتە قاراڭغۇ چۈشكەندە كېلىپ ئەكېتەي، خوش، ئەمىسە دەي-دىغان گەپنى دېيىشىۋالايلى، — دېدى گۈلبەھرەم مەريەمنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

— قورسىقىڭىز بەك يوغىناپ كېتىپتىغۇ، گۈلبەھرەم ھە-دە، — دېدى مەريەم چاقچاق قىلىپ.

— قېرىغاندا قورساق كۆتۈرسە مۇشۇنداق بولۇپ قالىدى-كەن، مانا ئەمدى ئاي - كۈنۈم توشۇپ قالدى، مەريەم، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەته تۇغىمەن، — دېدى گۈلبەھرەم كۈلۈپ تۇرۇپ. مەريەممۇ كۈلۈپ كەتتى.

— سىزگە نېمە دېسەم بولار، گۈلبەھرەم ھەدە، ئەمدى...

— قورسىقىڭىزدا نېمە بولسا شۇنى دەڭ، مەريەم، مەن ھەممە ئىشنى توغرا چۈشىنىدىغان ئايال، قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ، — دېدى گۈلبەھرەم.

— ئەمىسە سىزگە گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلاي، گۈلبەھرەم ھەدە، ھال - ئەھۋالى ياخشىراق قىزلار، ھەرگىز مېنى ئىزدەپ كەلمەيدۇ، مەمەتنىڭ ئاپىسىنىڭمۇ ھال - ئەھۋالى ئارانلا ئىكەن، ئۇنىڭ يېنىدىن ھاردۇقۇم چىققۇدەك بىرنېمە چىقمىدى، تۇغدۇر-دۇم، باقتىم، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم قىلدىم، — دېدى مەريەم گۈلبەھرەمگە قاراپ تۇرۇپ.

گۈلبەھرەم يېنىدىن تەييارلاپ قويغان پۇلنى ئېلىپ مەريەم-گە تەڭلىدى.

— بۇ قانچە؟ — دېدى مەريەم.

— قىرىق سوم، — دېدى گۈلبەھرەم.

— رەھمەت، گۈلبەھرەم ھەدە، ئەسلىدە سىزدىن پۇل ئال-مىساممۇ بولاتتى، ئۆزىڭىز بىلىسىز، مېنىڭ يۆلەنچۈكۈم يوق ئادەم.

— شۇنداق، مەريەم، مەن سىزنى ياخشى چۈشىنىمەن، ئەمىسە رازى بولۇڭ، مەن كەچتە قاراڭغۇ چۈشكەندە كېلىپ بالىنى ئەكېتىمەن، — دېدى گۈلبەھرەم.

— شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، — دېدى مەريەم.

— مەمەتنى كۆرۈپ باقايمۇ؟

— ئۇخلاۋاتىدۇ، كەچتە بىراق ئەكەتمەمسىز، — دېدى مەريەم.

— شۆنداق قىلاي ئەمىسە، كەچتە بىرەر خادىك ياكى ئىشەك هارۋىسى چىقىپ قالار، — دېدى گۈلبەھرەم.
مەريەم گۈلبەھرەمنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ يوغان قورسىقىنى كۆتۈرۈپ شەھەر تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە، گۈلبەھرەم بىر ئىشەك هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ كېلىپ، مەمەتنى ئەكەتتى. گۈلبەھرەمنىڭ يولغا چىققىشى بىلەن، قارىماققا ئەمدى تېخى ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلارغا كىرگەن بىر قىز يوغان قورسىقىنى كۆتۈرۈپ مەريەمنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەتتى، مەريەم ئۆيدە ئىدى، ئۇ دېرىزىدىن بىرىنىڭ قورۇغا كىرىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۆيدىن چىقتى، ئۇ ئالدى بىلەن قىزنىڭ قورسىقىغا قارىدى، ئاندىن پېشايۋاندىن چۈشۈپ قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— كېلىڭ، قىزىم، ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى يەنىلا شۇنداق يېقىملىق، مۇلايىم، تاتلىق ئىدى.

## 4

گۈلبەھرەم ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە تۈن يېرىم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مەمەتنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى. گۈلبەھرەمنىڭ يولغا قاراپ ئولتۇرغان قۇربان بوۋاي ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلبەھرەمنىڭ قولىدىن بوۋاقنى ئالدى. گۈلبەھرەم قورسىقىدىكى كىچىك ماموق تەكيىنى ئېلىپ تاشلىدى، ئاندىن خۇددى ئېغىر بىر يۈكتىن ئازاد بولغان ئادەمدەك قېنىپ نەپەس ئالدى.
— مانا، خۇدايىم بىزگە بىر ئوغۇل بەردى، قۇربان، — دېدى گۈلبەھرەم قۇرباننىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن مەمەتنى ئېلىپ، — خۇداغا شۈكرى، — دېدى خۇشاللىق تەپچىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مەمەتتىن ئۈزمەي، — مەريەم بۇ بالىنىڭ ئاپىسىنىڭ ئىتىنى بەرگىلى ئۇنىمىدى، — دېدى گۈلبەھرەم.

— نېمە قىلاتتىڭ ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ئىسمىنى، ئۆزىنى باقسالڭ بولمىدىمۇ! —دېدى قۇربان مەمەتتىن كۆزىنى ئۇزمەي تۇرۇپ.

— مەريەمگە قىرىق سوم بەردىم، جىق بېرنۇەتمىگەندىمەن، قۇربان؟

— ياقەي، ئۆزۈڭ تۇغالمىغاندىكىن مۇشۇنداق بولىدۇ - دە ئەمدى، — دېدى قۇربان چاقچاق قىلىپ.

— قوۋۇرغام، دەپ كەتكىنىنى، تۇغدۇرالىسىڭىز تۇغار-مەن! — دېدى گۈلبەھرەم قوشۇما قاشلىرىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ.

— ئاز گەپ قىل، خوتۇن، مەن ئەينى يىللىرى قەشقەردىكى خوتۇنۇمنى يىلىغا بىرنى ئەمەس، ئىككىدىن تۇغدۇرۇۋەتكە-نىدىم، — دېدى قۇربان بوۋاي كۈلۈپ.

— چۇشىڭىزدە تۇغدۇرغان بولغىيتتىڭىز!

— ئوڭۇمدا قىلغان ئىشلىرىمنى دەپ بەرسەم قورقۇپ كېتە-سەن، خوتۇن.

— ھە، شۇنداق، سىزلا ئوينىغان بۇ جاھاندا، ئەمىسە گېپىڭىز راست بولسا بىر قىزىل لاتا تېپىپ ئۆينىڭ ئىشىكىگە بېكىتىپ قويۇڭ، مەن ئەمدى بۇگۈندىن باشلاپ تۇغۇتلۇق.

— تولغاق ئازابى تارتمايلا تۇغۇۋەتتىڭ - دە - ھە!

— چاقچاقنى ئاز قىلىڭ ئەمدى، قۇربان، مەمەتنىڭ ئېتىنى يۆتكىۋېتەيمىكىن دەيمەن، — دېدى گۈلبەھرەم ئېرىگە قاراپ تۇرۇپ.

— نېمىشقا؟

— چوڭ بولغاندا ئاپىسى ئىزدەپ كېلىپ ئاۋارە قىلامدىكىن دەيمەن.

— ئەخمەق خوتۇن - دە سەن، كەلسە كەلمەمدۇ، بالا دېگەن تاپقان ئادەمنىڭ ئەمەس، باققان ئادەمنىڭ بولىدۇ، مەريەمدىن بىرەر پارچە خەت ئېلىۋالدىڭما؟

— نېمە خەت؟
— مەمەتنى ئۆز ئانىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئوتتۇرىلىقتا ۋاستىچى بولۇپ پالانىغا بەردىم، ئۇ ياق مەمەتنىڭ توغۇتى ئۇ-چۇن كەتكەن چىقىملارنى تۆلىدى دېگەندەك مەزمۇندا بىر نەرسە يازدۇرۇۋېلىشىڭ كېرەككۇ!
— ھە راست، بۇ گەپنى ياخشى قىلدىڭىز، ئۆزى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كېلىمەن دېگەنىدى، شۇ ۋاقىتدا يازدۇرۇۋا-لاي، — دېدى گۈلبەھرەم.
— ئەمىسە، خوتۇن، سەن بۇگۈندىن باشلاپ توغۇتلۇقما؟
— توغۇتلۇق، ئەتە ئەتىگەندە قوشنىلارغا خەۋەر قىلىۋېتىڭ، سىزمۇ بىرنەچچە كۈن بازارغا چىقماڭ، توغۇتۇمغا قارىمىسىڭىز بولمايدۇ.
— ياللا، راست توغقان بولساڭ گەپ بار ئىكەن - دە!

قۇربان بوۋاي ئەتىسى ئەتىگەندە چېلەكنى كۆتۈرۈپ تۆت كوچىغا كەلدى، سۇخانىنىڭ ئالدىدا ئون نەچچە كىشى سۇغا نۆۋەت كۈتۈشۈپ تۇرۇشاتتى، قۇربان بوۋايمۇ ئۆچىرەتتە نۆۋەت كۈتۈپ تۇردى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قۇربانكا، ئەتىگەندە سۇغا چىقىپ-سىز - ھە، ھەدىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دېدى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان تۇرسۇن قەغەز ئىسىملىك كىشى.
— ھەدەڭ ئاخشام ساق - سالامەت يەڭگىۋالدى، ئۇكا!
— مۇبارەك بولسۇن، قۇربانكا، قىزمۇ - ئوغۇلمۇ؟
— ئەلۋەتتە ئوغۇل بولىدۇ - دە ئۇكا، ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ ئاكاڭنىڭ پەيزىنى.
— سىنىڭ پەيزىڭ قېرىغانسېرى تۇتۇپ كېتىۋاتقان ئوخشى-مامدۇ، قۇربانكا!
— ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئۇكا، نەچچە زاماندىن بېرى ھەدەڭنى

ئايغان گەپ، — دېدى قۇربان بوۋاي. ئەتراپتىكى ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ خەۋەر شۇ كۈنى مەھەللىگە تارقىلىپ بولدى. گۈلبەھرەمنىڭ يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرى كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ، ئۇنى يوقلاشقا باشلىدى.

## 5

ھەش ـ پەش دېگۈچە مەمەت ئۈچ ياشقا كىرىپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ بويى بەش ياشلىق بالىنىڭ بويىدەك كۆرۈنەتتى، يوغان قاپقارا كۆزلىرى ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرۈپ تۇراتتى. قۇربان بوۋاي ئۇنى ھەر كۈنى بازارغا ئاچىقىپ، تاماكا ساتىدىغان يېرىدە ئولتۇرغۇزۇۋالاتتى، قەغەز يەشىكنىڭ ئۈستىگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، دادىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە خېرىدارلارنىڭ تاماكا قۇتىسىغا تاماكا قاچىلاپ بېرەتتى. چۈشلىكى گۈلبەھرەم ئۇلارغا تاماق ئەكېلەتتى. بەزىدە قۇرباننى ئۆيگە تاماققا ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى مەمەت بىلەن تاماكا سېتىپ ئولتۇراتتى. كۈنلەر، يىللار شۇ تەرىقىدە ئۆتتۈۋەردى. مەمەت يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى، گۈلبەھرەم ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. دوختۇرلار ئىككى ئاي كۆڭۈل قويۇپ داۋالىدى. بىر كۈنى مەسئۇل دوختۇر قۇربان بوۋاينى يېنىغا چاقىرىپ، گۈلبەھرەمنىڭ كېسىلىنىڭ ساقايمايدىغان تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى، ئۆيگە ئاچىقىپ كېتىپ ئوبدان بېقىۋېلىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. قۇربان بوۋاي بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ گاڭگىراپلا قالدى. ئۇ قايغۇرۇپ، يىغلاپ يۈرۈپ ئايالىنى ئۆيىگە ئاچىقىپ كەتتى، بۇ ئەمەلىيەت ئۇنى قاتتىق ئويغا سېلىپ قويدى. ئۇ گۈلبەھرەم بىلەن غۇلجىغا كەلگەن ئىككىنچى يىلى تونۇشقانىدى، ئۇ گۈلبەھرەمنى بەكمۇ تەستە قولغا چۈشۈرگەنىدى، قۇربان بوۋاي «مەن غۇلجىنىڭ مەڭگۈ توزۇمايدىغان بىر گۈلىنى ئۈزۈۋالدىم» دەپ خۇشال بولغانىدى. كېيىنكى

يىللاردا ئۇلار پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئىككىسى ناھايىتى ياخشى، ئىناق ئۆتكەندى، قۇربان بوۋاي كېسەل ئازابى-دىن ئورۇقلاپ، رەڭگىرويى ساماندەك سارغىيىپ كەتكەن گۈل-بەھرەمنى ئۆيدە بىر ئايچە باقتى، بىر ئايدىن كېيىن گۈلبەھرەم قۇربان بوۋاي بىلەن مەمەتنى مەڭگۈلۈك ھىجرانغا تاشلاپ ئالەم-دىن ئۆتتى. قۇربان بوۋاي گۈلبەھرەمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى-نى تۈگىتىپ، قەشقەردىكى چوڭ ئوغلى قاسىمغا خەۋەر قىلدى، قاسىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئايالى گۈلئايىمنى ئېلىپ ناھايىتى تېزلا غۇلجىغا يېتىپ كەلدى.

قاسىم، قۇربان بوۋاينىڭ تۇنجى ئايالى تۇخاندىن بولغان بالىسى ئىدى. ئۇ، قەشقەردە ئىش - ئوقىتى خېلى يۈرۈشكەن سودىگەرلەرنىڭ بىرى ئىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلان-غاندىن كېيىن، ئۇ باشقا سودا ئىشلىرىنى تاشلاپ، يوشۇرۇن ھالدا گىلەم - كىگىز ئېلىپ سېتىپ، تۆت - بەش تەڭگىگە زار بولماي ياشاپ كەلگەنىدى. قاسىم كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، دادىسى بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا پاراڭلاشتى.

— دادا، ئەمدى ئىككىمىز ياخشىراق بىر پاراڭلىشايلى، — دېدى ئۇ دادىسىغا قاراپ تۇرۇپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، گۈلئايىم ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا قاراپ ماڭدى.

— سەنمۇ ئولتۇرۇپ ئاڭلا، گۈلئايىم، — دېدى قاسىم ئايالىغا بۇيرۇق قىلىپ.

— ماقۇل، مەمەت كوچىغا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، چا-قىرىپ كىرەي، — دېدى گۈلئايىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي گۈلئايىم مەمەتنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— دادا، مەن دېگەن گەپنى ئويلاشتىڭىزمۇ؟ — دېدى قاسىم.

— ياق تېخى، بالام، ئويلاشقۇدەك بولمىدىم.

— ئەمىسە بۇگۈن بىز ئوچۇق ـ ئاشكارا پاراڭلىشايلى، سىز ياشىنىپ قالدىڭىز، بۇ يەردە يالغۇز تۇرسىڭىز بولمايدۇ، ئەمدى مەن سىزنى مەيلىڭىزگە قويۇۋەتمەيمەن، نەچچە يىللاردىن بېرى بىرنەچچە قېتىم كەلدىم، ئۆزۈم كېلەلمىگەندە ئادەم ئەۋەتتىم، پەقەت گېپىمگە كىرمىدىڭىز، قەشقەر ئۆزىڭىزنىڭ يۇرتىغۇ، ئۇ-نىڭ ئۈستىگە بىز تۇرساق، نېمە ئۈچۈن، بىز بىلەن بىللە ياشاشقا كۆنمەيسىز؟ — دېدى قاسىم.

— مەن بۇ شەھەرگە كۆنۈپ قاپتىمەن، بالام…

— ئەمىسە بۇ شەھەر بىزدىنمۇ ئەزىزمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، بالام، توپىسى ئېغىر شەھەر ئىكەن بۇ، كېتىمەن دەپ كەتكىلى بولمايدىكەن…

— ئەمدى مەن سىزنى مەيلىڭىزگە قويۇۋەتمەيمەن، دادا، مەن سىزنى بىللە ئەكەتمىسەم بولمايدۇ، بىز كىچىكىمىزدە سىز-نىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلىغان، ئەمدى سىز بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭ-لىمىسىڭىز بولمايدۇ، دادا!

— مەن ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى تاشلاپ مۇشۇ شەھەرگە يېنىپ چىققان، بالام، ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن كېتىمەن؟ — دېدى قۇربان بوۋاي.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، دادا، بىزنى تاشلىۋەتكەن بول-سىڭىز نېمە بوپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز چوڭ بولۇپ قالغان تۇرساق، يۇرتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە يۇرتنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنلەرمۇ يۈزلىرىنى پولۇدەك قىلىپ كېلىۋاتىدىغۇ، — دېدى قاسىم.

قۇربان بوۋاي مەمەتكە قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇ بالىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قاسىمغا قارىدى.

— مەن يەنە ياخشىراق ئويلىنىۋالاي، بالام. بىز ئەتە پاراڭ-لاشساق قانداق؟ — دېدى قۇربان.

— ئەمىسە ئەتە بىر قارارغا كېلىڭ، دادا، — دېدى قاسىم.
— ماقۇل، بالام، — دەپ قۇربان بوۋاي تالاغا چىقىپ كەت-تى، گۈلئايىم ئېرىگە:
— مەمەت ئەقىللىق بالا بوپتۇ، قاسىم، مەمەتنى مەن بېقىۋالىمەن، — دېدى.
— گەپنى ئاز قىلىڭلار، ئالدى بىلەن دادام بىر قارارغا كەلسۇن، قالغان ئىشلار دېگەن ئاسان، خوتۇن خەق دېگەن ئەر-نىڭ ئاغزىغا قارىشى كېرەك، موزاي ئەمەس ئۇ بېقىۋالىمەن دەپلا بېقىۋالىدىغان، — دېدى قاسىم.
— مېنىڭ بۇ ئۆيدە بىر بالا بېقىۋېلىش ھوقۇقۇممۇ يوقما؟
— ئاز گەپ قىلىڭلار، خوتۇن، ئۆيدىكى بالىلىرىڭلارنى بېقىۋاتىسىلەرغۇ ئەينا، — دېدى قاسىم ئايالىغا ئالىيىپ قاراپ.
— مەنمۇ ئادەمغۇ، قاسىم، مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىممۇ ئۆتمەمدۇ بۇ ئۆيدە! — دېدى گۈلئايىم نارازى بولۇپ.
— ئالدىرىماڭلار، سىلىنىڭ گېپىڭلار ئۆتۈپ قالىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىپ قالىدۇ، ئالدىرىماڭلار، شەھەر كۆرۈپ چىقسام دېدىڭلار، ئالغاچ كەلدىم، ئەمدى مېنى خاپا قىلساڭلار بولمايدۇ، — دېدى قاسىم. گۈلئايىم خاپا بولۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن، گۈلئايىم داستىخاننى يىغىشتۇر-دى. مەمەت قورۇدا ئوينايمەن دەپ تالاغا چىقىپ كەتتى.
— ئەمىسە، بالام، كەتسەم كېتەي، قوش قېرىسا يۇرتىغا قايتىپتۇ دېگەن گەپ بار، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىنى سىلەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزەي، — دېدى قۇربان بوۋاي.
— مانا، ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى، دادا، — دېدى قاسىم خۇشال بولۇپ.
— بىر شەرتىم بار، ئەگەر مېنى بازارغا چىقىپ تاماكا ساتمايسەن دەپ چەكلىسەڭلار بولمايدۇ، مەن بازاردىن ئاي-رىلالمايمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، دادا، بۇ شەرتىڭىزنى ئورۇندايمىز، — دېدى قاسىم.
قۇربان بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
— دادا، مەمەتنى بىز بېقىۋالايلى دېسەم، قاسىم ئۇنىمايۋاتىدۇ، — دېدى بىر چەتتە ئولتۇرغان گۈلئايىم گەپكە ئارىلىشىپ.
— ئاز گەپ قىلىڭلار، خوتۇن، — دەپ ۋارقىرىدى قاسىم.
— قاسىم، پەسرەك سۆزلە، بالام، مەمەتنى سىلەر باقمىساڭلار ئۆزۈم باقىمەن.
— قېرىغاندا ئۆزىڭىزنىڭ ھالىدىن چىقىشىڭىزلا بولدى، دادا، مېنىڭچە مەمەتنى ئۆزىنىڭ ئاپىسىغا بېرىۋېتەيلى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئۆزى باقىنى ياخشى.
— بۇنداق گەپلەرنى مەن سەندىن ياخشى بىلىمەن، بالام، بىراق ھازىر ئۇنىڭ ئاپىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ كىندىكئانىسى بىزگە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئېتىنىمۇ دەپ بەرگىلى ئۇنىمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېچەكىشىپ قاپتىمەن.
— ئۇ ئايال ھازىر بارما؟ — دېدى قاسىم.
— بار.
— ئۇ ئايالنىڭ ئېتى نېمىتى؟
— مەريەم. ئۇ ئاشۇنداق بىچارە قىزلارنىڭ ھالىدىن چىقىپ جان باقىدىغان ئايال، ئەگەر مەمەتنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرىمىز دېسەڭلار، ئۇ مەمەتنى ئۆزى بېقىۋالىدۇ، ئىشقا ئەسقېتىپ قالغان بالا ـ دە بۇ، — دېدى قۇربان بوۋاي.
— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە، بىر تېتىك بالا تۇرسا بۇ، — دېدى گۈلئايىم.
— بىز گەپ قىلغاندا سىلە جىم ئولتۇرۇڭلار، — دېدى قاسىم ئايالىغا ئالىيىپ.
— گۈلئايىم راست دەيدۇ، بالام، گەپنى ئاز قىلايلى،

مەمەتنى ئۆزۈم ئەكېتىمەن، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ بەرسەڭلارلا بولدى، قېرىغاندا ماڭا يانتاياق بولىدۇ، — دېدى قۇربان بوۋاي.

— بىز هارامدىن بولغان بالىنى باقساق بولمايدۇ، دادا، بۇنداق بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندا چاتىقى تولا بولىدۇ، هېلى بىرى بالامنى بېرىۋېتىڭلار دەپ كەلسە، هېلى بىرى بالامنى سېغىندىم دەپ كېلىپ، ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

— ئۇنداق دېمە، بالام، يامان بولىدۇ، خۇدالىق ئالەم بۇ، بالىدا نېمە گۇناھ بار دەيسەن، بالىنى بىز باقساق ساۋاب بولىدۇ ئەمەسمۇ!

— بالىنى ئاشۇ مەريەم دېگەن كىندىكئانىسىغا ئاپىرىپ بې-
رەيلى، دادا، ئۆزى بېقىۋالسا تېخى ياخشى ئەمەسمۇ يا ئانىسىنى تېپىپ بېرىۋېتەمدۇ، يا ئۆزى بېقىۋالامدۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، بىز قورۇ ـ جاينى سېتىپ يولغا چىقايلى، — دېدى قاسىم.

— ئەگەر مەمەتنى ئۇنىڭ كىندىكئانىسىغا قالدۇرساق، مەن قورۇ ـ جاينى ساتمايمەن، بۇ هويلىنى مەمەتكە مىراس قالدۇرد-
مەن، — دېدى قۇربان بوۋاي.

قاسىم دادىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، دادا، ئاسراندى بىر هارىمىغا قورۇ ـ جايىڭىزنى بېرىمەن دەيسىز!

— شۇنداق، بالام، ئۇ مېنىڭ بالام، مەن ئۇنى بېقىۋالغىنىم بىلەن، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ بالىسىدەك كۆرىمەن، ئۇ مېنىڭ يۈرد-
كىمدە سەن بىلەن ئوخشاش، ئەگەر سەن قورۇ ـ جاينى مەمەتكە قالدۇرۇشقا قوشۇلمىساڭ، قورۇ ـ جاينى ساتساق ساتايلى، بە-
راق مەمەتنى ئۆزۈم ئەكېتىمەن!

— ئەمىسە قورۇ ـ جايىڭىزنى بەرسىڭىز بېرىڭ، دادا، مەمەتنى ئۇنىڭ كىندىكئانىسىغا ئاپىرىپ بېرەيلى، بىز ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ يولغا چىقمىساق بولمايدۇ، — دېدى قاسىم خاپا بولغاندەك قىلىپ.

نەتىجىدە ئۇلار ئادەم ئەۋەتىپ مەريەمنى چاقىرتىپ كەلمەكـ-
چى بولدى. بۇ ئارىدا قۇربان بوۋاينىڭ قوشنىسى يارى كاۋاپچى
بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قالدى، ئۇ دەرھال قۇربان بوۋاي بىلەن
كۆرۈشتى.

— قۇربانكا، يۇرتقا قايتىدىغان ئوخشىماسسىز؟! — دېدى
كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، ئۇكا، قېرىغاندا بالىلارنىڭ قېشىدا تۇرمىسام
بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى قۇربان بوۋاي.

— ياخشى بوپتۇ، قۇربانكا، بولسىغۇ بىللە ياشىساق بولاتـ-
تى، يالغۇزچىلىق يامان، ھېلىمۇ ئوغلىڭىز سىزنى ئەكەتكىلى
بىرنەچچە قېتىم كېلىپ بولدى، مانا ئەمدى ماڭمىسىڭىز
بولمايدۇ... خوش، ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، قۇربانكا، مېنىڭ
مىجەزىمنى بىلىسىز، مەن ئۇدۇللا كەتكەن ئادەم، كۆڭلۈمدە نېمە
گەپ بولسا شۇنى دەۋېرىمەن، بايام ئايالىمدىن بىرگەپ ئاڭلاپ
قالدىم، ئۇ، مەمەتنى مەريەمگە ئاپىرىپ بېرىۋېتىدىكەن، قورۇـ-
جايىنىمۇ مەمەتكە قالدۇرىدىكەن، دېدى. مەن ئۇنىڭ گېپىگە
ئىشەنمىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىز بىلەن بىر كۆرۈشەي دەپ
كىرگەنىدىم، — دېدى يارى.

— ئاڭلىغىنىڭىز راست، ئۇكام، ئەسلىدە مەمەتنى ئۆزۈم
بىرگە ئەكېتەي دېگەن، قارىسام يەنىلا ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ قولىدا
چوڭ بولغىنى تۈزۈكتەك قىلىدۇ، — دېدى قۇربان بوۋاي.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، قۇربانكا، ئىشقا ياراپ قالغان
بالا تۇرسا ئۇ، مەريەمنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى كىم بىلمەيـ-
دۇ، سىز مەمەتنى ئۇنىڭ قولىغا بەرسىڭىز، مەريەم ئۇنى يەنە
بىرىگە ساتىدۇ، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، بىزگىمۇ مەسلىھەت
سېلىپ قويماپسىز، ئاكا، — دېدى يارى.

— ھەممە ئىشنى مۇشۇ قاسىم باشقۇرۇۋاتىدۇ، ئۇكا...

— مەمەتنى مەريەمگە بەرمەيلى، ئۇنى ئۆزۈم بېقىۋالاي،

ئۆيدىكىلەرنىڭ پىكرىمۇ شۇ، قانداق دەيسىز، قۇربانكا؟ — دېدى يارى قۇربان بوۋاينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ.

— مەن ئەسلىي بالىنى ئۆزۈم ئەكېتەي دېگەنىدىم، ئۇكا، بىراق گېپىمنى ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمىدى، ئەگەر سەن بېقىۋال-ساڭ تېخى ياخشى ئەمەسمۇ، ئۇكا! توختا، مەن قاسىمنى چاقى-راي، — دېدى قۇربان بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ.

قاسىم قورۇدا ئايالىغا بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىراۋاتاتتى، ئۇ دادىسىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى.

— قاسىم، ئۆيگە كىر، بالام، ۋارقىراپ گەپ قىلىساڭ سەت بولىدۇ، سەن كىچىك بالا ئەمەس، دىققەت قىل، ساڭا يارىنىڭ گېپى بار ئىكەن!

قاسىم دادىسى بىلەن ئۆيگە كىردى، ئۇ يارىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى.

— قاسىم، سىز دادىڭىزنى دورىماپسىز، دادىڭىزغا ئوخشاش گەپنى كېسىپ - كېسىپ قىلمايدىكەنسىز! — دېدى يارى مەغ-رۇر ئولتۇرۇپ.

— مەن بىر پۇل بولسىمۇ يانچۇقۇمغا كىرسە دەيدىغان ئا-دەم، دادامدەك مەرد ئەمەس، بىر ئادەمگە ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتمەيمەن، ئەگەر دادامنى دورىغان بولسام، تاپقان - تەرگىنىم-دىن قۇرۇق قالغان بولاتتىم، — دېدى قاسىم چىرايىنى ئاچماي.

— بۇ جاھاندا ھەممە ئادەم پۇل تاپىمەن دەپ ياشايدۇ، پۇل بولمىسا نان ئالغىلى بولمايدۇ. پۇل تاپقانلارمۇ تاپقان پۇلنى كوچىغا چېچىۋەتمەيدۇ، ئادەم ئۆزىگە چىڭ بولۇشى كېرەك، مەردلىك دېگەن ئۇ باشقا گەپ، ئۇ ئەسلىدە ئوغۇل بالىدا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت، لېكىن ئۇ ھەممە ئادەمدە بولۇۋەرمەيدۇ، «مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام» دېگەن گەپ بار، شۇڭا سىز دادىڭىزنى دورىشىڭىز كېرەك - دە! — دېدى يارى.

— سىز بەك قوپال ئادەم ئىكەنسىز...، — دېدى قاسىم.

— مەن ئۇششاق تىجارەت بىلەن جان باقىدىغان ئادەم، قاسىم، شۇڭا ئــادەملەرگە قــاراپ مــۇئامىلە قىلىمەن، كەچۈرد-ىسىز! — دېدى يارى.

— قېنى ئەمىسە، قانداق گېپىڭىز باركىن؟

— ئاڭلىسام مەمەتنى كىندىكئانىسىغا بېرىۋەتمەكچى بولۇۋې-تىپسىلەر، بىز ئاسرىۋالايلىمىكىن دەپ ئويلاشقان! — دېدى يارى.

— بالا چوڭ بولۇپ قــالغاندا كــۆزىڭىز چــۇشۇپتۇ - دە بالىغا! — دېدى قاسىم يارىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ.

— بالا دېگەن بىرىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنسە، يەنە بىرىنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان گەپ ئىكەن، قاراڭ!

— دادام نېمە دەيدىكىن؟

— قۇربانكام ئەلۋەتتە قوشۇلىدىغۇ!

— سىزمۇ شۇ قورۇ - جايغا قىزىقتىڭىزغۇ دەيمەن، — دېدى قاسىم چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— ئەگەر مەن بۇ قورۇ - جايغا قىزىققان بولسام، بايام بۇ ئۆيگە خۇدانىڭ سالىمى بىلەن ئەمەس، دىۋاننىڭ يىغىسى بىلەن كىرگەن بولاتتىم، — دېدى يارى.

— مەمەتنى يارىغا بېرەيلى، بالام، يارىنىڭ يولى بار، ئۇ بالىنى گۈلدەك بېقىپ كېتىدۇ، — دېدى قۇربان بوۋاي.

— بولىدۇ ئــەمىسە، دادام دېگــەندەك بــولسۇن، ئەمىسە قورۇ - جاينى ئىككىگە بۆلىمىز، يېرىمى مەمەتنىڭ نامىدا مەمەت-كە قالىدۇ، يېرىمىنى يارىغا ساتىمىز، ئەلۋەتتە بىزگىمۇ پۇل كېرەك، — دېدى قاسىم دادىسىغا قاراپ.

قۇربان بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىتتىكلا بالىسىغا قارىدى،

— بولىدۇ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى يارى.

— قورۇ - جاينىڭ يېرىمىنى قانچىگە ئالالايسىز؟ — دېدى قاسىم بىر كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ.

— بازار نەرخى ئالىمەن، دەللاللارنى چاقىرىپ باھاغا سالدىمىز، يانمايمەن، يانسام خوتۇن، — دېدى يارى.

قاسىمنىڭ قورۇ - جاينىڭ يېرىمىنى يارىغا ساتىمەن دېگەن سۆزى قۇربان بوۋايغا ياقمىدى. ئۇ يارىنىڭ ئالدىدا بالىسىغا ئوشۇقچە گەپ قىلىشنى بىئەپ كۆردى.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، قۇربانكا، سىلەر قورۇ - جاينىڭ يېرىمىنى باھالىتىڭلار، مەن تامنى ئۆرۈپ قورۇيۇمغا قوشۇۋالىمەن، ئوشۇق دۇنيا باشنى يارمايدۇ، سىلەر يولغا چىققان كۈنى مەمەتنى ئۆزۈم ئېلىپ قالىمەن، سەن ئەسلى مېنىڭ بالام ئىدىڭ، ساقام، سىنى ھازىرقى داداڭ بېقىۋالغان، ئەمدى سەن ئۆزۈڭنىڭ ئۆيىدە تۇرمىساڭ بولمايدۇ دەپ ئۇنى بىر سائەت ئىچىدىلا كۆندۈرۈۋالىمەن، بازارغا ئاچىقىپ كاۋاپدانىنىڭ ئالدىدا راسا بىر مېھمان قىلىۋەتسەم كەينىمدىن قوزىدەك ماڭىدۇ ئۇ، — دېدى يارى كۈلۈپ تۇرۇپ.

قۇربان بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئۇنىڭ مەيلىچە بولسا ئۇ قورۇ - جاينىڭ يېرىمىنى ئەمەس، ئالىقانچىلىك يەرنىمۇ ساتقۇسى يوق ئىدى. قاسىم يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قورۇ - جاي سودىسىغا ئارىلىشىپ دەللاللىق قىلىدىغان بىر ئادەمنى تېپىپ، قورۇ - جاينىڭ يېرىمىنى سۆزلىشىپ باھادا پۈتۈشۈۋالدى، يارى ئەل - ئاغىنىلىرىدىن قەرز ئېلىپ يۈرۈپ قورۇ - جاينى سېتىۋالدى، قورۇ - جاينىڭ يېرىمىگە مەمەتنىڭ نامىدا ۋەسىيەت پۈتۈلدى.

يەكشەنبە كۈنى قاسىم دادىسىنى ئېلىپ يولغا چىقتى، يارى مەمەت بىلەن بېكەتكە كەلدى، لېكىن مەمەت ھە دېگەندە ئۇنىڭغا قوينىڭ قوزىسىدەك كۆنۈپ كەتمىدى، ئۇ بېكەتتە تېپىرلاپ، يىغلاپ كەتتى، قاسىم مەمەتنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ باشقا يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى، قۇربان بوۋاي يارىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ يىغلاۋاتقان مەمەتنى كۆرۈپ، كۆزلىرىدىن كۈز يامغۇرىدەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى توختىتىۋالالماي قالدى...

# 6

يارى تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدىلا مەمەتنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. يارى ئايالى دىلبەر بىلەن مەمەتكە: «ئەسلىي سەن بىزنىڭ بالىمىز ئىدىڭ، قۇربان داداڭلارنىڭ بالىسى بولمىغاچقا، بىز سېنى ئۇلارغا بېرىپ تۇرغان، ئۇلار قەشقەرگە كېتىدىغان بولغاچقا، بىز سېنى ئېلىۋالدۇق» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپ، ئۇنى پەس قىلدى. يارىنىڭ بالىلىرىمۇ ئۇلارغا ماسلىشىپ: «سەن ئەسلىي بىزنىڭ ئۇكىمىز، دادام سېنى قۇربان چوڭ دادىلارغا بېرىپ تۇرۇپتىكەن» دەپ ئۇنى قايىل قىلدى. ھە دېگەندەك يارى ئۇنى بىر ياز بازاردا ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ، تاتلىق - تۈرۈملەرنى ئېلىپ بېرىپ ئۆزىگە ھەقىقىي قارىتىپ ياردەمچى قىلىۋالدى، مەمەت يارىنىڭ كاۋاپدىنى ئالدىدا يۈرۈپ، زىخ يىغىپ، زىخ تازىلاپ يارىنىڭ قولىنى خېلىلا بوشاتتى.

9 - ئاينىڭ كىرىشى بىلەنلا، يارى مەمەتنى مەكتەپكە بېرىش - بەرمەسلىك مەسىلىسىدە ئايالى دىلبەر بىلەن كېلىشەلمەي قالدى.

— مەمەتنى ئوقۇتمىساق قانداق بولىدۇ، ئۇ ئوقۇمىسا ياۋا ئادەمنىڭ ئۆزىلا بولىدۇ - دە! — دېدى دىلبەر ئېرىنىڭ ئوقۇتمايمەن دېگەن پىكرىگە قوشۇلماي.

— ئۇنى ئوقۇتۇپ نېمە قىلىسەن، مەن بىلەن ھۈنەر ئۆگەنمەمدۇ، — دېدى يارى.

— كاۋاپچىلىق دېگەن بىر ئۆمۈر ئۆگىنىپ بولالمايدىغان ھۈنەر ئەمەسقۇ ئۇ، ئەتە - ئاخشاملىرى، شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى، تەتىل - پەتىللەردە ياردەملىشىپ بەرسىمۇ ئۆگىنىۋالىدىغۇ، — دېدى دىلبەر.

— سەن بەك يىراقنى ئويلاپ كېتىدىكەنسەن، خوتۇن،

مەمەتنى ئوقۇتۇش ياكى ئوقۇتماسلىق مېنىڭ ئىشىم، سېنىڭ ۋەزىپەڭ مەمەتنىڭ ئىشتان ـ پايپاقلىرىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا پاكىز يۇيۇپ بېرىش، قالغان ئىشقا ئارىلاشما، مەن ئۇنى ئۆزۈمگە ھاسا تاياق قىلىمەن، — دېدى يارى.

دىلبەر ئېرىگە گېپىنى يېگۈزەلمىدى، يارى مەمەتنى مەكتەپكە بەرمىدى، مەمەت يارىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، ئۇنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ ئىشلەپ، بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا ياخشى كاۋاپچى بولۇپ يېتىلدى.

## 7

مەمەت ئون بەش ياشقا كىردى. ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئۇنى ئون بەش ياشقا كىردى دېمەيتتى، يارى ئۇنىڭغا دۇكان ئايرىپ بىر كاۋاپدان قىلىپ بەردى، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە بازارغا بېرىپ گۆش ئەكېلىپ، ئىككى سائەتنىڭ ئىچىدە تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، كاۋىپىنى چىقىرىپ بولاتتى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇ بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، گۆش كاۋىپىنى ئاساس قىلىشتىن ئۈچەي كاۋىپىنى ئاساس قىلىشقا ئۆتتى. چۈنكى ئۈچەي كاۋىپىنىڭ خېرىدارى كۆپ ئىدى. مەمەتنىڭ ئۈچەي كاۋىپى بازاردا خېلىلا داڭ چىقىرىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن خېرىدارلار ئۇنىڭغا «ئۈچەي» دەپ لەقەم قويۇشۇۋالدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچەي كاۋىپى ھەم پاكىز، ھەم تەملىك ئىدى، ئۇ ئۈچەيلەرنى پاكىز تازىلاپ قازاندا چالا پىشۇرغاندىن كېيىن، قوناق ئۇنىغا مىلەپ زىخقا ئۆتكۈزۈپ، ئىككىلا ئۆرۈپ خېرىدارلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتى، ئۈچەينىڭ كۆيۈۋاتقان ماي ۋە دورا-دەرمەكنىڭ مەززىلىك ھىدى خېرىدارلارنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغاپ تۇراتتى، بولۇپمۇ سۇلياۋ خالتىلاردا پارچە ھاراق ئەكېلىپ

ئىچىدىغان تىكتۇرمىچىلەر[1]بۇنداق ئۈچەي كاۋىپىغا ئامراق ئى-
دى، بەزى ئىچەرمەنلەر ناھايىتى يىراق يەرلەردىن كېلىپ ئۈچەي
كاۋىپى زاكوسكا قىلىپ نەپسىلىرىنى قاندۇرۇشۇپ كېتەتتى.
دەسلەپتە مەمەت ئۈچەي كاۋىپى چىقارغاندا، يارى ئۇنىڭ يولىنى
توستى: «ئۇنداق نەرسىلەرنى قوي، سەن مېنىڭ شاگىرتىم بول-
غاندىن كېيىن، گۆش بىلەن ھەپىلەش» دېدى. مەمەت ھەدەپ
قويۇپ ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىۋەردى، ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپات-
لىدىكى، مەمەت ئۈچەي كاۋىپى چىقىرىپ يول تېپىپ كەتتى،
كېيىن ئۇ گۆش كاۋىپىدىن قولىنى ئۈزدى، پۈتۈن كۈچى بىلەن
ئۈچەي كاۋىپى چىقىرىشقا تىرىشتى. چۈنكى ئۇ يىگىرمە سوملۇق
گۆش كاۋىپى ساتقىلى كەتكەن ۋاقىت ئىچىدە، قىرىق سوملۇق
ئۈچەي كاۋىپى سېتىپ بولاتتى، يارى ئۇنىڭ بۇ ئەمەلىيىتىنى
كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ تۇتقان يولىنى قوللىدى.
كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەمەتكە يەنە بىر لەقەم سىڭىپ قالدى،
بازاردىكىلەر ئۇنى «مەمەت مەدىكار» دەپ ئاتايدىغان بولۇشۇۋال-
دى، دەسلەپتە يارى بۇ لەقەمنى ئاڭلاپ بىرنەچچە كاۋاپچى،
پولۇپەزلەر بىلەن ۋارقىرىشىپمۇ قالدى. «ھەرقايسىڭمۇ ئادەممۇ،
ئاغىنىلەر، بوزەكمىكەن بۇ، مەدىكار دەپمۇ لەقەم بولامدۇ، ھاقا-
رەتقۇ بۇ، ئاۋۇ ئۆزىنىڭ ‹ئۈچەي› دېگەن سىڭگەن لەقىمىنى
ئاتاشماسەن» دەپ رەنجىدى. بىراق بازاردىكى ئوقەتچىلەر ئۇنى
يەنىلا «مەمەت مەدىكار» دەپ چاقىرىپ يۈرۈۋېرىشتى، بىراق
خېرىدارلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى «مەمەت ئۈچەي» دەپ چاقىرى-
شاتتى. «لەقەم ئاسماندىن چۈشىدۇ» دېگىنى راست ئوخشايدۇ.
بۇ ئىككىلا لەقەم ئۇنىڭغا خۇددى قۇمغا سۇ سىڭگەندەكلا تېز
سىڭدى. مەمەت بۇ ئىككى لەقەمدىن «مەدىكار» دېگەن لەقەمنى
بەكرەك ياقتۇراتتى. چۈنكى ئۇ، بازاردا كىم چاقىرسا شۇنىڭ

① تىكتۇرمىچىلار — پوكەينىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ ھاراق ئىچىدىغانلار.

ئىشنى قىلىشىپ بېرەتتى، پەقەت ياق دېمەيتتى. قىسقىسى، ئۇ مۇشۇ بازاردىكى ھەممە ئادەم بىلەن چىقىشىپ ئۆتەتتى. مەيلى كىمنىڭ ئىشى بولمىسۇن جان كۆيەرلىك بىلەن ياردەم قىلاتتى. مەمەتنىڭ خالىسلىقى ھەممە ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ۋە مەستلىكىنى قوزغايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەمەتنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەم سۇخانىنىڭ قېشىدىكى ئاشخانىدا مانتا چىقىرىدىغان ئايال خالىدە ئىدى.

خالىدە سېمىز، بوڭ - بوڭ سۆزلەيدىغان ئايال بولۇپ، بازاردىكىلەر ئۇنى «خالىدە سېرىق» دەپ چاقىرىشاتتى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك كاۋاپ سېتىۋاتقان مەمەتكە يوغان تەخسىدە مانتا ئەكېلىپ بېرەتتى. ئەلۋەتتە ئۇ مانتىنى بىكارغا بەرمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ مانتىلىرى ئارقىلىق مەمەتنى ئۆزىنىڭ بالىسى قىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى، بىر كۈنى ئۇ قورسىقىدىكى مۇشۇ ئويىنى يولدىشى خالمۇراتقا ئاشكارىلىدى.

— مەمەتكە ھەر قېتىم مانتا ئاپىرىپ بەرسەم، نېمانچە قىلىسەن ئۇ بالىغا دەپ كايىپ كېتىسىز، مانا ئەمدى مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، خالمۇرات، مەمەتنى بىز بېقىۋالمايمىزمۇ! — دېدى ئۇ.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، خوتۇن، خەق بىر ئوبدان چوڭ بولۇپ قالغان بالىسىنى ساڭا تۇتقۇزۇپ قويمىسۇن يەنە، — دېدى خالمۇرات كۈلۈپ تۇرۇپ.

— راست دەيسىز، بىراق بىز ئۇ بالىنى ئۆزىمىزگە قارىتىۋالساق مەقسىتىمىزگە يېتىمىزغۇ، سەۋەب قىلىشمىز كېرەكقۇ؟!

— ئەمىسە ئۆزۈڭ كەلتۈر، ئۆزۈڭ سەۋەب قىل.

— ئالدىراپ قامچىڭىزغا تۇكۇرمەڭ، خالمۇرات، مېنىڭ ئويۇم مۇنداق، ئەگەر مەمەتنى ئۆزىمىزگە كۆندۈرۈۋالساق، كېيىنچە قىزلىرىمىزنىڭ بىرىنى چېتىپ قويىمىز، ئۇ ۋاقىتىدا

ئىشلىرىمىز پۈتۈنلەي ئوڭغا تارتىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى خالىدە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— رىۋايەتقۇ سېنىڭ بۇ خىياللىرىڭ، سەن يارى كانايىنىڭ مىجەزىنى بىلمەمسەن، ئاشۇ كاناي مەمەتنى ساڭا تۇتقۇزۇپ قويمىسۇن يەنە، ئاللا توۋا دەپ ئۇننى قويۇۋېتىپ بىر ۋارقىرايدىغان بولسا بىزنى بازاردا رەسۋا قىلىدۇ ئۇ گوي، — دېدى خالمۇرات.

— ئەگەر بىز مەمەتنى ئۆزىمىزگە قارىتىۋالساق، ئۇنىڭ نېمە ئامالى بولىدۇ دەيمەن ـ دە! — دېدى خالىدە.

— خاتىرجەم بول، مەمەت سېنىڭ تۆت مانتاڭغا سېتىلىپ كەتمەيدۇ، بولدى قىل، ئەمدى بۇ ئىش توغرىسىدا ئۇشۇقچە گەپ قىلما، — دېدى خالمۇرات.

خالىدە نىيىتىدىن يانمىدى، ئۇ يەنىلا مەمەتكە مانتا توشۇپ يۈردى، بىر كۈنى ئۇ مەمەتكە:

— مەمەت، ئاپئاق ساقام، مەن سىزگە بىر ئىشنى دەپ قوياي، سىز ئەسلىي يارىنىڭ بالىسى ئەمەس، سىزنى ئۇلار ئالداپ بېقىۋالغان، — دېدى خالىدە.

— مەن بۇ ئىشنى بىلىمەن، خالىدە ھەدە، لېكىن ئۆزۈمنىڭ ئاپىسىنى بىلمەيمەن، سىز ئاپامنى بىلەمسىز؟ — دېدى مەمەت چىرايلىق كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئاپىسىنى بىلمەيمەن…

— ماڭا ئۆزۈمنىڭ ئاپىسىنى تېپىپ بەرگەن بولسىڭىز، خالىدە ھەدە، — دېدى مەمەت خالىدەگە قاراپ تۇرۇپ.

— بۇ تەس ئىش ئەمەس، ساقام، بىر يىلدىن بېرى مەن سىزگە بىر ئىشنى دەي دەپ كەلگەن، ئەگەر سىز ماڭا بالا بولسىڭىز، مەن چوقۇم سىزگە ئاپىڭىزنى تېپىپ بېرىمەن…

مەمەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاڭۋېقىپ قالدى.

— بىزگە بالا بولۇپ كېتىڭ، مەمەت، سىز چوڭ بولغاندا

تويىڭىزنى قىلىپ قويىمىز، مۇشۇ بازاردىن ياخشى بىر دۇكان ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى خالىدە.

مەمەت ھوشىنى يوقىتىپ قويغان كىشىدەك خالىدەگە كۆز-لىرىنى تىكىپ ئۇزاق قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھېچبىر ئىپادە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ خالىدەگە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراپ تۇردى.

— مەن بىكاردىن - بىكار سىزنى بېقىۋالاي دەۋاتقىنىم يوق، ساقام، ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز، سىز بۇ بازارغا ئەتىگەن كۈن چىقماستا كېلىسىز، كەچتە قاراڭغۇ چۈشكەندە، ھەتتا يېرىم كېچىدە قايتىسىز، قىش - ياز مۇشۇنداق ئىشلەۋاتى-سىز، سىز يارىلارغا ئاز پۇل تېپىپ بەرمىدىڭىز، ئۇ كاناي سىزنى تىلىپ باي بولدى، ھېيت - بايراملاردا ئۇستىۋېشىڭىزغا بىرەر قۇرمۇ يېڭى كىيىم ئېلىپ بەرگىنىنى بىلمەيمىز ئۇ كاناي-نىڭ، قۇربان بوۋاي سىزگە مىراس قىلىپ بەرگەن قورۇ - جاينى ئۇ تاھازىرغىچە ئىجارىگە بېرىپ يەۋاتىدۇ، مۇمكىن ئە-مەس، ئۇ سىزنى مۇشۇنداق ئىشلىتىپ قېرىتىۋېتىدۇ، ئۇ سىزنى ھەرگىزمۇ ئۆيلەپ، ئۆي ئايرىپ بەرمەيدۇ، ئەگەر سىزنى ئۆيلەپ قويسا كىم ئۇنىڭغا پۇل تېپىپ بېرىدۇ؟ ئۇ ۋاقتىدا قۇربان بوۋاي سىزگە قالدۇرغان قورۇ - جاينى سىزگە قايتۇرۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىجارىدىن قۇرۇق قالىدۇ، يارى كاناي بۇنداق لوق گۆشنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ - دە! ئەگەر سىز بىزگە بالا بولسىڭىز، ئەتىسىلا دۇكىنىڭىزنى ئايرىم قىلىپ بېرىمەن، قىزلىرىمنىڭ قايسىسى يارىسا شۇنى ئالىسىز، ئىك-كىڭلار بىر بولۇپ كاۋاپچىلىق قىلىسىلەر، ۋاقتى كەلگەندە يېڭى ئۆيمۇ سېلىپ بېرىمەن...

مەمەت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قىزىرىپ خىجىللىقتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى...

— سىز ياخشىراق ئويلىشىپ بېقىڭ، ساقام، ئۇلار سىزنى بالا قىلىۋالغىنى بىلەن، سىزنى قۇل قىلىپ ئىشلىتىۋاتىدۇ...

بىز ئەتە يەنە پاراڭلىشايلى، ياخشى ئويلىشىڭ، ساقام، — دېدى خالىدە.

— يارى دادام مېنى ياخشى كۆرىدۇ، خالىدە ھەدە، مەن ھېچ يەرگە بارمايمەن، دىلبەر ئاپام ماڭا خەت ئۆگىتىۋاتىدۇ، ساۋاتىم چىقاي دەپ قالدى، ئۇلار مېنى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى مەمەت.

خالىدە مەقسىتىگە يېتەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ مەمەتكە مانتا توشۇش ئىشىنى مەمەتنىڭ جاۋابى بىلەن توختىتىپ قويمىدى. يەنە قانداقتۇر بىر ئۈمىد خالىدەنى ئۆزىگە رام قىلىپ تۇراتتى.

خالىدە بىلەن مەمەتنىڭ مەخپىي قىلىشقان «سۆھبىتى» كىملەر ئارقىلىقتۇر دىلبەرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. دىلبەر قاتتىق تېرىكىپ بۇ «سۆھبەت» نىڭ مەزمۇنىدىن يارىنى خەۋەردار قىلدى.

— مۇنداقمۇ ئىش بار ئىكەن ـ دە تېخى، مەن ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى يارى غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.

ئەتىسى ئەتىگەندە يارى خالمۇراتنىڭ ئاشخانىسىغا كىردى. خالمۇرات ھە دەپ گۆش توغراۋاتاتتى، خالىدە ئورۇندۇقتا ئولتۇ- رۇپ پىياز ئاقلاۋاتاتتى، يارىنى كۆرۈش بىلەن خالىدەنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. چۈنكى يارىنىڭ چىرايى بەكمۇ ئوسال ئىدى.

— ھە، تەييارلىق قىلىۋېتىپسىلەر ـ دە، خالمۇرات، — دېدى يارى چىرايىنى سوغۇقلا قىلىپ.

— شۇنداق، ئاداش.

— مەن سىنىڭ ئادىشىڭ ئەمەس، ئادىشىڭنى تېپىپ ئاداش دەۋال، ھارامزادە، — دېدى يارى ھەدېگەندىلا ئاغزىنى بۇزۇپ.

— نېمە بولدۇڭ، نېمىشقا ئاغزىڭنى بۇزىسەن!

— خوتۇنۇڭنى ياخشى باشقۇر، گۇي، ئەگەر باشقۇرالمىساڭ، ماڭا ئىلتىماس قىل، مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭدەك خوتۇنلارنى كارامەت باشقۇرۇۋېتىمەن، — دېدى يارى ۋارقىراپ.

— ئاغزىڭنى بۇزما، يارى، نېمە بولدۇڭ دەۋاتىمەن!

— نېمە بولاتتى، ئايالىڭ بىزنىڭ مەمەتنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپتۇغۇ، بېقىۋالارمىش تېخى، ئاشۇ ئاغزىدىن ئوغۇز سۈتى كەتمىگەن بالىغا قىزىمنى بېرىمەن دەپتۇ ماۋۇ ئەتكەن مانتىسىغا ئوخشاش كۆلۈپ تۇرىدىغان پاقىۋاش خوتۇنۇڭ....

— يارى، ئاغزىڭنى بۇزماي گەپ قىل، — دەپ ۋارقىرىدى خالمۇرات.

— بۇزسام قانداق قىلىسەن؟

— سەت بولىدۇ، بىرنېمە دېيىشىپ قالمايلى!

— سەن خەق سەت بولىدۇ دېگەننى بىلىشەمسەن! ئۆز ۋاقتىدا سەھرادىن شەھەرگە جان باقىمىز دەپ كەلگەن كۈنلىرىڭنى ئۇنتۇپ قېلىشتىڭما؟ توپا يېغىپ تۇرىدىغان چىرايىڭنى نۇرلاندۇرۇپ قويغان ئادەم كىم؟ ئاكاڭ قارىغاينىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشتىڭما؟ ئەمدى قورساقلىرىڭ تويۇپ مېنىڭ كەينىمدىن توپا چاچقۇدەك بولۇشتۇڭما؟

خالىدە ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزدى.

— مەن مەمەتكە ھېچنېمە دېمىدىم، يارى، بىرى بىزنىڭ ئوتتۇرىلىقىمىزدا گەپ تاپقان ئوخشايدۇ، — دېدى خالىدە.

— خالىدە، سىز چىقىپ تۇرۇڭ، مەن سىز بىلەن سۆزلەشمەيمەن، سىزنى ئېرىڭىز پۇل خەجلەپ ئالغان، شۇڭا مەن ئېگىڭىز بىلەن سۆزلىشىمەن، — دېدى يارى ۋارقىراپ. خالمۇرات ئايالىغا تالاغا چىقىپ تۇرغىن دېگەن مەنىدە شەرەت قىلدى.

خالىدە ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— مەن بولمىغان بولسام سەن مۇشۇ بازارغا پاتمايتتىڭ،

خالمۇرات، خوتۇنۇڭغا گەپ قىلىپ قوي، ئۇ مەندىن بالا ئەمەس، بىر قۇشقاچمۇ ئالالمايدۇ، مۇشۇ گېپىمنى خوتۇنۇڭغا ئەينەن يەتكۈز، ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە مەمەتكە مانتا توشۇيدىغان بولسا، مەن مۇشۇ ئاشخاناڭغا ئوت قويۇۋېتىمەن، — دېدى يارى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ.

— خاپا بولما، يارى، ئۇقۇشماسلىق بولغان ئوخشايدۇ، — دېدى خالمۇرات گەپنى ئوڭشاپ.

— مەن دەيدىغان گەپنى دەپ بولدۇم، خالمۇرات، ئېسىڭدە بولسۇن، ئەگەر ئايالىڭ يەنە مەمەتكە ئېگىز - پەس سۆزلەيدىكەن، ئۇ ۋاقىتدا مەن سېنىڭ يۈزۈڭگە قارىمايمەن، — دېدى يارى.

— خاپا بولما، ئاداش، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، — دېدى خالمۇرات يارىنى بەزلەپ.

يارى خاپا هالدا ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. يارىنىڭ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن خالىدە ئالدىراپ ئاشخانىغا كىردى. يارىنىڭ قوپال، سېسىق گەپلىرىدىن بەدىنى تىكەنلىشىپ تۇرغان خالمۇرات خالىدەنىڭ ئاشخانىغا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ زەردە بىلەن ۋارقىرىدى:

— سەن مەمەت بىلەن پاراڭلاشقانما؟

— ياق...

— ياق دېگىنىنى، بۇنىڭدىن كېيىن جىم يۈر، مەمەت بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، سېنىڭ كاللاڭنىڭ سۇيى بارمىكىن دەيمەن، خەقنىڭ بالىسىنى بېقىۋالاي دەپ بېقىۋالغىلى بولامدۇ! مۇشۇنداق ساراڭلاردەك ئىش قىلىپ يۈرسەڭ ئۆزۈڭغا بارماي ئېلىشىپ قالىسەن، — دېدى خالمۇرات.

— ۋېييەي، ئۇ يارى دېگەن پوپاڭدىن كىم قورقاتتى، خوتۇنمۇ پوپاڭ، ئىككىسى ئۇچىغا چىققان بىرنېمىلەرغۇ، — دېدى خالىدە چىرايلىرىنى بىر قىسما قىلىپ.

— گەپنى ئاز قىل، خوتۇن، بۇنىڭدىن كېيىن مەمەتكە ئۇشۇق گەپ قىلما، ئۆزىمىزنىڭ ئىش - ئوقتى بىلەن بولاي-لى، — دېدى خالمۇرات.
— مەمەت بەك چىرايلىق بالا بولغان...
— مەن سېنى ئۇنىڭ گېپىنى قىلما دېدىمغۇ! كاللاڭنىڭ مۇھىم ۋىنتىسىدىن ئىككىسى كەم جۇمۇ سېنىڭ!
— مۇنداقلا دەپ قويۇۋاتىمەن ئەمدى، ... خەپ، يارى كاناي، يىقىلىپ پۇت - قوللىرىڭ سۇنۇپ كېتەر ئىلاھىم! — دېدى خالىدە ئۇنى قارغاپ.
— نامازنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان سەندەك خوتۇننىڭ قارغىشىغا پىتمۇ ئۆلمەس...

## 8

يىللار مەمەتكە يىگىتلىك سۈپەت، بۇرۇت - ساقال ئاتا قىلدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە مەمەتمۇ ئون سەككىز ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالدى. ئۇ بەستلىك يىگىت بولۇپ ئۆسۈۋاتات-تى. مەمەتنىڭ ھەش - پەش دېگۈچە چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قېلىشى يارى بىلەن دىلبەرنى سۆيۈندۇرسە، ئۇنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇش ئىشلىرى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى. بىر كۈنى كەچتە يارى بىلەن دىلبەر يالغۇز ئولتۇرۇپ مەمەتنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىپ قالدى.
— ئۇنى تېخى كىچىك دېسىڭىز بولمايدۇ، يارى، بويىنىڭ ئۆسۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرمىدىڭىزما؟ يىگىرمە بەش - يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرگەن يىگىتلەردەك ئېگىز تۇرمامدۇ، ماقۇل دەڭ، ئۇنىڭ توينى قىلىپ قويايلى، — دېدى دىلبەر.
— ئۇ ئۆزى تېخى بىر بالا تۇرسا، ئۇنىڭ توينى قىلىپ قويساق قانداق بولىدۇ؟! ئالدىرمايلى، خوتۇن، مەن ئۇنىڭ

دۇكىنىنى ئايرىپ قويىاي دەۋاتىمەن، بازاردا بىر دۇكان چىقىپ قالدى، ئاشۇ دۇكاننى ئۇنىڭغا ئېچىپ بېرەيمىكىن دەۋاتىمەن، سەن قانداق قارايسەنكىن؟ — دېدى يارى.

— ئۇنداق قىلسىڭىز كۇندە تاپقان پۇلىنى كۇندە خەجلەپ تۈگىتىۋېتەمدىكىن، — دېدى دىلبەر ئەنسىرىگەندەك قىلىپ.

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، مەمەتنى سەن تازا چۈشىنىپ كەتمەيسەن، ئۇ بەك چىڭ بالا بولدى، قولىغا چۈشكەن پۇلنى بانكىغا قويۇپ ساقلاۋاتىدۇ.

— ھە راست، بانكا دېسىڭىز بىز ئۇنىڭغا ئاتاپ بانكىدا قويۇپ كېلىۋاتقان ئاشۇ پۇل ئېسىمگە كېلىپ قالدى، ئۇ پۇلمۇ خېلى بولۇپ قاپتۇ، توينى قىلىۋېتىپ قاراپ ئولتۇرمايمىزمۇ، ئۇمۇ خاتىرجەم بولىدۇ، بىزمۇ خاتىرجەم بولىمىز، — دېدى دىلبەر.

— مېنىڭ ئويۇم مۇنداق، خوتۇن، ئۇ ئۆز ئالدىغا بىرنەچچە يىل ئىشلىۋالسۇن، پىشسۇن، بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتسۇن، شۇ ۋاقتىدا توينى قىلىپ قويايلى، سەلەي قاساپ كۆچۈپ كېتىمەن دەيدۇ، كۆچۈپ كەتسە كەتمەمدۇ، جېدىلى جىق ئادەم ئىكەن، مەمەتنى ئاشۇ قورۇغا چىقىرىپ قويىمامدۇق، ئۆزى خان، ئۆزى بەگ ياشاپ باقمامدۇ! — دېدى يارى.

— بۇنداق قىلساق قانداق بولار، يارى؟ خەق گەپ تاپامدى-كىن! — دېدى دىلبەر.

— نېمە تاپسا تاپمامدۇ، خەق بىلەن كارىمىز نېمە، ئۆزد-مىزگە چىڭ بولساق بولدى، ئۇنىڭ قولىغا يېتەرلىك پۇل بېرەي-لى، ئۆز ئالدىغا ئىش - ئوقەت قىلمىسۇنمۇ!

— ئۆزى نېمە دەر؟ — دېدى دىلبەر.

— ئۆزى قوشۇلىدۇ، ئۇ ئەقىل تېپىپ قالدى، بازار دىگەن يامان، ھەرقانداق ئادەمنى موللا قىلىۋېتىدۇ، ئۇ ئەمدى يەنە تاپقان پۇلىنى بىزگە تاپشۇرۇۋەرسە، ئاغزىدا دېمىگىنى بىلەن،

كۆڭلى چىگىلىپ قالىدۇ، — دېدى يارى.

— مەيلى ئەمىسە، سىز ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بېقىڭ، — دېدى دىلبەر.

يارى مەمەت بىلەن پاراڭلاشتى.

— نېمە كىتاب ئوقۇۋاتىسەن، بالام؟ — دېدى يارى كىتاب ئوقۇۋاتقان مەمەتنىڭ قېشىغا كېلىپ،

— شېئىر كىتاب، دادا، مۇقاۋىسى يىرتىلىپ كېتىپتۇ، — دېدى مەمەت.

— ھەر ھالدا ئاپاڭ ساۋاتىڭنى چىقاردى سېنىڭ، كىتاب ئوقۇشقا قىزىقىپ ياخشى قىلىپسەن، داۋاملىق ئوقۇپ بەر، بولمىسا ئۆگەنگەن خەتلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالىسەن، — دېدى يارى.

— ماقۇل، دادا.

— ئەمىسە، بالام، ياخشى قۇلاق سال، ساڭا دەيدىغان ئازراق گەپ بار، سەن چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ قالدىڭ، ساڭا ئايرىم بىر دۇكان قىلىپ بېرەي دەۋاتىمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتىدىن باشلاپ ئۆز ئالدىڭغا مۇستەقىل سودا قىلىسەن، تاپقان پۇلۇڭنى ئۆزۈڭ يىغساڭمۇ بولىدۇ، مەن ياكى ئاپاڭ ساقلاپ بەرسەكمۇ بولىدۇ. دېمەكچى بولغىنىم، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل ياشا دەۋاتىمەن، قانداق دەيسەن؟ — دېدى يارى سەمىمىي تەلەپپۇزدا.

— ماقۇل، دادا، سىز دېگەندەك قىلاي، كۈندە تاپقان پۇلۇمنى ئەكېلىپ بېرەي، سىز ساقلاپ بېرىڭ، — دېدى مەمەت. يارىنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا ياققانىدى.

— پۇلۇڭنى ئۆزۈڭ بانكىدا ساقلىساڭمۇ بولىدۇ، بالام، ئەڭ مۇھىمى سېنى چېنىقسۇن دەۋاتىمەن، پايدا ـ زىيانغا ئۆزۈڭ ئىگە بولساڭ، ئىشلىرىڭ ئىلگىرى باسىدۇ، — دېدى يارى.

— ماقۇل، دادا.

— سەلەي قاسساپ كۆچۈپ كېتىدىغان بولدى، ئەمدى سەن ئاشۇ قورۇدا ئولتۇر، ئەمدى ئۆيلەرنى ئىجارىگە بەرمەيمىز، خۇدايىم بۇيرۇسا بىرنەچچە يىلدىن كېيىن تويۇڭنى قىلىپ قويىمەن...

يارىنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا مەمەت قىزىرىپ كەتتى.

— ئاپاڭ نەچچە زاماندىن بېرى ساڭا ئاتاپ بانكىدا پۇل قويۇپ كېلىۋېتىپتىكەن، ئاشۇ پۇلنى دەسمايە قىلىپ ئوقىتىڭنى باشلىۋال، بالام، — دېدى يارى.

— ماقۇل، دادا، — دېدى مەمەت.

يارى ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭ دۇكىنىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئايرىپ بەردى.

— بۇ بىچارە بالا دەيمەن، يارى، ئۆزىنىڭ ئانىسىنى بىلمەيلا كېتىۋاتىدۇ ـ دە، — دېدى دىلبەر كەچتە ئورۇنغا كىرىپ يېتىپ بولۇپ.

— نېمە قىلاتتىڭ ئۇنىڭ ئاپىسىنى؟ ئېيمەتتىڭ! — دېدى يارى.

— ساراڭ، مەن ئانامنى ئېيىپ بولغان.

— ئەمىسە ئۇ خوتۇننى تىلغا ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟

— مەمەتكە ئۆزىنىڭ ئاپىسىنى تېپىپ بېرەيمىكىن دەيمىنا!

— گەپنى ئاز قىل، خوتۇن، مەمەتنىڭ مۇشۇنداق ياشىغىنى ياخشى، ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلىشنىڭ نېمە پايدىسى، — دېدى يارى.

— ھەي يارى، مەمەتنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن چېغىدىكى ئىشلىرى ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ — دېدى دىلبەر.

— ئەلۋەتتە ئېسىمدە بار، — دېدى يارى، — سەلەي قاسساپ ئەتە ئەتىگەندە كۆچۈپ بولىدۇ، مەن مەمەتنى ئاشۇ قورۇغا

ئاچىقىپ قويىمەن، ئۆزىنىڭ قورۇسىدا ئۆزى ئولتۇرسۇن، سەن پات ـ پات كىرىپ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ بەر، ياخشىراق تاماق ئەتكەندە ئېلىپ قوي، يېتىمسىرەپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى يارى.

— مەمەتكە ئوبدانىراق قىزدىن بىرنى تېپىپ ئۆيلەپ قويىدىغان گەپ ئىدى، — دېدى دىلبەر.

— هوي خوتۇن، زۇۋانىڭ يەنە ئېچىلدىغۇ، سەھرالىق بولغىنىتى ئۇ ماڭا ئوخشاش ئون ئالتە ياشتا خوتۇن ئېلىۋالدىغان، شەھەر ماۋۇ.

— سارالڭ، پۇشايمان قىلمۋاتامسىز...

— ئەتۇرلۇك قىلما، خوتۇن، سېنى خۇدايىم ماڭا كۆلۈپ تۇرۇپ بېرىۋەتكەن، — دېدى يارى.

## 9

مەمەت كۈن تېخى يورۇماستىنلا قۇشخانىغا كەلدى، ئۆپكە ـ ئۇچەي بازىرى قۇشخانىنىڭ يۇقىرىسىدا ئىدى، مەمەت ئۇچەي ساتىدىغان يەرگە كېلىپ، قوي ئۇچىيى بىلەن كالا ئۇچىيىدىن ئالدى. ئاندىن دۇكىنىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇچەيلەرنى پاكىز تازىلاپ، دۇكاننىڭ قېشىغا ئورۇنلاشتۇرغان چوڭ قازانغا بېسىپ قايناتتى، ئاندىن ئۇچەينى سۈزۈۋېلىپ، ئۇچەيلەرنى پاكىز تازىلاپ، كاۋاپقا توغرامچە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ تازا بېرىلىپ ئىشلەۋاتقاندا، يارى ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى.

— بۈگۈن ئەتىگەندىلا تۇتۇش قىلىپ كېتىپسەنغۇ، بالام، — دېدى ئۇ.

— بۈگۈن سەھەر تۇرۇپتىمەن، دادا، كەچتە بالدۇرراق بىكار بولىمەن، — دېدى مەمەت.

— ياخشى، بالام، تىرىشقىن، تىرىشقان ئادەمنىڭ بىر نېنى ئىككى بولىدۇ، — دېدى يارى.

— ماقۇل، دادا.

— مەنمۇ دۇكانغا باراي، بالام، گۆشنى ئەمدى ئەكەلدىم تېخى، — دېدى يارى، ئۇ مەمەتنىڭ دۇكىنىدىن چىقىپ كەتتى.

مەمەت ئۇچەيلەرنى توغراپ زىخقا ئۆتكۈزۈشكە باشلىغاندا، تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي بازارغا قوياشنىڭ نۇرلىرى چېچىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ بازارنىڭ بىر كۈنلۈك يېڭى سودىسى باشلاندى. كاۋاپدانىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغان چۆگۈن-دىكى چاي قايناپ كەتكەنىدى، مەمەت كىچىك چەينەككە چاي دەملەپ، بىر گىردە نان بىلەن ناشتا قىلىۋالدى. ئاندىن چىنە-چەينەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۈستەللەرنى سۈرتۈپ تازىلاشقا باشلىدى.

بىر سائەتتىن كېيىن، خېرىدارلار بىر-ئىككىدىن كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار كاۋاپدانىنىڭ ئالدىدىكى ئۇزۇن ئورۇن-دۇقتا ئولتۇردى، مەمەت خېرىدارلارنى كۆرۈپ، كاۋاپلىرىنى كاۋاپدانغا تىزدى، ئۇ كاۋىپىنى پىشۇرغاچ، كاۋاپدانىنىڭ ئالدىدى-كى ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ چېتىدە ئولتۇرۇپ قالغان بىر كىشىگە قارىدى:

— ئاكا، دۇكانغا كىرىپ ئولتۇرۇڭ، مەن كاۋاپنى ياخشى پىشۇرۇپ ئەكىرىپ بېرەي، — دېدى.

— رەھمەت، ئۇكام، مەن مۇشۇ سېنىڭ ئۇچەي كاۋىپىڭغا خۇمار، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ كاۋاپدانىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ پۇرىقىنى پۇراپ تۇرۇپ يېمىسەم خۇماردىن چىقمايمەن، — دېدى ئۇ كىشى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە كاۋاپنى پۇرىقى بىلەن بىللە يەيسىزكەن-دە، — دېدى ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ئوتتۇز ياشلاردىن ئاشقان بىر يىگىت.

— سالامەتلىكىڭ ياخشى بولسا ھەممىنى قوشۇپ يەيسەن، ئۇكا، — دېدى ئۇ كىشى كۈلۈپ تۇرۇپ. يىگىت كۈلۈپ قويۇپ

گەپ قىلمىدى. بۇ ئارىدا مەمەت پىشقان كاۋاپنى ئۇلارنىڭ قولىغا ئىككى زىختىن تۇتقۇزدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي كاۋاپدانىنىڭ ئەتراپى خېرىدارلار بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇ قېشىدا گۆش كاۋىپى ساتىدىغان نۇرلاننى چاقىردى.
— نۇرلانكا، خاپا بولمىسىڭىز بالىڭىز مەۋلان ماڭا قارىشىپ بەرگەن بولسا، — دېدى.
— بولىدۇ، ئۇكا، مەۋلان قارىشىپ بەرسۇن، ئەمدى سەنمۇ بىر شاگىرت ئالمىساڭ بولمىغۇدەك، — دېدى نۇرلان.
مەۋلان دادىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، مەمەتنىڭ قېشىغا كېلىپ، زىخلارنى يىغىپ، تازىلاپ كاۋاپ ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.
— نۇرلانكا، سىز دېگەندەك بىر شاگىرت ئالمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ، مەھەللىلەردە ياخشىراق بالىلاردىن بولسا ماڭا بىر شاگىرت تېپىپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى مەمەت كاۋىپىنى پىشۇرغاچ.
— بولىدۇ، ئۇكا، مەن ئۇقۇشۇپ باقاي، — دېدى نۇرلان.
پېشىندىن ئۆتە - ئۆتمەيلا مەمەتنىڭ كاۋىپى تۈگىدى. ئۇ كاۋاپدىنىنى تاشلاپ قويۇپ، نۇرلانغا ياردەملەشتى، چۈنكى نۇرلاننىڭ بازىرى ئەمدىلا قىزىشقا باشلىغانىدى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!
نۇرلان قىزىق كاۋاپ پىشۇرۇۋاتاتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ سالام قىلغان ئادەمگە قارىدى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مانا، يالقۇنلار كېلىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ، كېلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى نۇرلان.
— بۇياقنى تەخەللۇسى بىلەن يالقۇن يالپۇز دەپ ئاتايسىز، نۇرلانكا، — دېدى يالقۇن بىللە كەلگەن ئاغىنىسى ئەيسا ئونتقۇيرۇقلۇق قىلىپ.
— مەمەتنىڭ ئۇچەي كاۋىپىنى سېغىنىپ كېلىپ قالدۇققۇ، نۇرلانكا، — دېدى يالقۇن.

— گېلىڭلار قىچىشىپ قاپتۇ ـ دە…

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئاكا، ئازراق ئۇسساپ قالدۇق، ئازراق ئىستېمال قىلىپ باققۇمىز بار، ھە، مەمەت ئۇكا، گەپ قىلمايسەنغۇ، بىزنى كۆرگۈڭ كەلمىدىما؟ — دېدى يالقۇن.

— كۆرگۈم كەلمەمدىغان، بۇ ئىككى ئاكام يوقلىلىپ كەتتىمغۇ دەپ يۈرەتتىم تېخى، يۇرۇڭلار ئەمىسە، دۇكانغا كىرەيلى، — دېدى مەمەت.

— شۇنداق قىلىڭلار، مەمەتنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ ئولتۇرۇڭلار، خېرىدارلار سەل بېسىقسا مەنمۇ كەينىڭلاردىن كىرىمەن، — دېدى نۇرلان.

مەمەت مېھمانلارنى دۇكىنىغا باشلىدى.

— كاۋىپىڭ تۈگىگەن ئوخشىمامدۇ، ئۇكا، — دېدى ئەيسا كاۋاپدانغا قاراپ.

— بۈگۈن بالدۇرراق تۈگىدى، ئاكا، ھەرقاچان بىرەر ئىش قىلغۇڭلار باردۇر؟ ياخشى پىشقان باشتىن بىرنى ئەكىرەيما؟ — دېدى مەمەت.

— كاۋىپىڭ تۈگىگەن بولسا ئاشۇنداق قىلماي ئامال يوق ـ دە، ئۇكا، — دېدى يالقۇن.

— نۇرلانكامنىڭ گۆش كاۋىپىدىن كەلتۈرەيمۇيا؟ — دېدى مەمەت.

— ياق، ئۇكا، گۆش كاۋىپىنى يېمەيمىز، ئاشۇ بېشىڭنى كەلتۈر! — دېدى يالقۇن.

— نېمە دېگىنىڭ، ئاداش، بۇ، مەمەتنىڭ بېشىنى يەمسەن؟ شائىر بولغاندىكىن گېپىڭنى ئوڭشاپ قىلمامسەن! — دېدى ئەيسا ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— كوتۇلدىماي ئولتۇرە، ئاداش، خوتۇن كىشى بولۇپ قالغان بولساڭ ئېرىڭ لاۋزا گەپلىرىڭگە چىدىماي ئىككى كۈندىلا تالاق قىلىۋېتەتتىكەن سېنى! — دېدى يالقۇن.

— ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ساڭا ئوخشاش شائىر بولمايدۇ، ماڭا ئوخشاش كوت - كوتلىرىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ.

مەمەت قوينىڭ پىشۇرۇلغان بېشىنى ئەكېلىمەن دەپ بازارغا كەتتى.

يالقۇن شەھەرلىك ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ئىشلەيتتى. ئۇ ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلاتتى، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇ نۇرغۇنلىغان تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن شېئىرلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى، يازغانلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئېلان قىلغىنى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىگە يېزىلىدىغان قەلەم ھەققى خوتۇنىنىڭ ئوسمىسىغىمۇ يەتمەيتتى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئارۇپ ئىدى، ئۇ تۇنجى شېئىرىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئەمدى مەن شائىر بولۇپ قالدىم، شۇڭا ئۆزۈمنىڭ تەخەللۇسىنى ئويلىشىشىم كېرەك دەپ، «يالپۇز» سۆزىنى ئۆزىنىڭ تەخەللۇسى قىلىۋالغاندى، ئۇ مەغرۇر ھالدا خوتۇنىغا: «بىرىنچىدىن، يالپۇزنىڭ پۇرىقى بەك ئېسىل، ئەسلىي ئۇ جەننەتتە بولىدىغان ئۆسۈملۈك، ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئۇقۇشماي ئۇنى مۇشۇ ئالەمگە ئالغاچ چۈشكەن گەپ، ئىككىنچىدىن، ئۇ ئەڭ ياخشى دورا، يازدا چۆچۈرە ئېتىپ يېسە ئادەمنى ھېلىقىدەك روھلاندۇرىدۇ» دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شېئىرلىرى «يالقۇن يالپۇز» دېگەن ئىسىم بىلەن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. ئەيسا ئۇنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىدى، ئۇ شەھەرلىك ھاراق زاۋۇتىدا ئىشلەيتتى، ئەيسا تېتىك، شوخ يىگىت بولۇپ، تۆتلا ئادەم يىغىلغان يەردە قىزىقچىلىق قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا مەمەت بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى، ھەر شەنبە كۈنى كېلىپ ئۇنىڭ ئۇچەي كاۋىپىنى يەپ كېتەتتى.

مەمەت پىشۇرۇلغان قوي بېشىدىن بىرنى گېزىتكە ئوراپ، دۇكانغا كۆتۈرۈپ كىردى.

— كەل، ئۇكا، يارايسەن، پەيزىڭ بار، ئۆزۈڭ گۆشلىرىنى بىر قوللۇق قىلىپ تەخسىگە ئال، ئۇكا، ئازراق تۇز سېلىۋەت، ئالامەت زاكۇسكا بولىدۇ - ھە، رومكا تاپمامسەن، — دېدى يالقۇن.

— رومكاڭ بارمۇ، ئۇكا؟ — دېدى ئەيسا مەمەتكە قاراپ تۇرۇپ.

— رومكىلارنىڭ ھەممىسى چېقىلىپ تۈگىدى، ئاكا، ۋېلىسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقى بار، شۇنىڭدا ئىچسىلەر - دە ئەمدى، — دېدى مەمەت باشنىڭ گۆشىنى تەخسىگە ئالغاچ.

— نۇرلانكامدا باردۇر، ئۇكا، قوڭغۇراقتا ئىچسەك دات پۇراپ كېتەمدىكى، — دېدى يالقۇن.

— مەن نۇرلانكامنىڭ قېشىغا چىقىپ باقاي، — ئەيسا ئورنىدىن تۇرۇپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

— بۈگۈن خۇدايىم بۇيرۇسا تۇجۇ①بىلەن ئولتۇرىمىز، ئۇكا، ئەيسادا بىر بوتۇلكا تۇجۇ بار، — دېدى يالقۇن.

— ئەمىسە ئىككىڭلارغا بەشتىن ئون سامسا كەلتۇرەيما! — دېدى مەمەت قولىنى لۆڭگە بىلەن ئېرتكەچ.

— تازا ئوخشىغان يېرىدىن ئەكېلىسەن - دە، ئۇكا!

مەمەتنىڭ دۇكاندىن چىقىشى بىلەن، ئەيسا رومكىنى ئېلىپ دۇكانغا كىردى.

— مەن ھازىر كېلىمەن، ئەيسا ئاكا، — دېدى مەمەت.

— بۈگۈن بىرنېمىلەرنى دەپ مەمەتكە ئىچۇرسەك بولاتتى، ئاداش، — دېدى ئەيسا يالقۇنغا قاراپ تۇرۇپ.

— ئاز گەپ قىل، ئاداش، ئۇنى بۇ يولغا باشلىمايلى، ئۆزىمىزنىڭ قىلغان گۇناھى يېتەر، — دېدى يالقۇن.

مەمەت بىر تەخسە سامسا كۆتۈرۈپ كىردى.

---

① تۇجۇ — بىرىنچى قازان ھاراق، بۇ سۆز خەنزۇچىدىكى 头酒 دىن ئۆزگەرگەن.

— كەل، ئۇكا، سېنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇق ـ ھە! — دېدى يالقۇن.

— قېنى ئەمىسە، ھازىرلا تونۇردىن قومۇرغان سامسا ئىدىكەن، ئاكىلار، ئازراق بىرنېمە يەۋېلىڭلار، — دېدى مەمەت مېھمانلارنى سامسىغا تەكلىپ قىلىپ. ئەيسا تەخسىدىكى سامسىدىن بىرنى ئېلىپ چىشلىدى.

— سامسا ئوخشاپتۇ، يالقۇن، — دېدى ئۇ.

— ئۆزۈڭمۇ ئاله، ئۇكا، — دېدى يالقۇن قولىغا سامسىدىن بىرنى ئېلىۋېتىپ. مەمەتمۇ بىر سامسا ئالدى.

— ئوخشاپتۇ، سامسا بالىسى ئىكەن ـ دە! — دېدى يالقۇن. ئۇ ھۇزۇرلىنىپ سامسىغا تۇتۇش قىلدى.

— قۇيغاچ تۇرايمىا، ئاداش؟ — دېدى ئەيسا يالقۇنغا قاراپ.

— نۇرلانكامنى چاقىرمامسەن؟

— ھازىر كىرىمەن، باشلاۋېرىڭلار دەيدۇ!

— قۇيە ئەمىسە.

ئەيسا رومكىغا ھاراقنى قۇيۇپ، «ماقۇل ئەمىسە» دەپ ئالدى بىلەن ئۆزى ئىچتى، ئاندىن رومكىغا ھاراقنى لىق قۇيۇپ، يالقۇننىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيدۇڭغۇ، ئاداش، بۇنى، — دېدى يالقۇن قولىدىكى سامسىنى تەخسىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ قويۇپ.

— مۇشۇنداق ئىچسەڭ مەن بىلەن تەڭ بولىسەن، مەن چۈشتە زاۋۇتتا ھاراقنىڭ چۇشۇۋاتقان يېرىدىن ئىككى رومكا ئىچىۋالغان، — دېدى ئەيسا قىزىقچىلىق قىلىپ.

— مۇنداق دە، ئاداش، ماقۇل ئەمىسە، ئىچىۋەتتىم! — يالقۇن قولىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

— مەمەت ئۇكا، بىرەر رومكا ئىچىپ قويامسەن؟ — دېدى ئەيسا مەمەتنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— رەھمەت، ئەيسا ئاكا، مەن مۇشۇ كۇنگىچە يا موخۇركا،

يا هاراق دېگەن نەرسىنى قولۇمغا ئېلىپ باقماپتىمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئالماسمەن، سىلەر ئويناۋېرىڭ-لار، — دېدى مەمەت.

— سەن تېخى كىچىك، ئۇكا، هاراقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېتەلمەيسەن، ئۆيلەنگەندىن كېيىن، بالىلىق بولغاندىن كېيىن، تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە زېرىككەندە، ئاندىن هاراق-نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن، — دېدى ئەيسا. مەمەت كۈلۈپ كەتتى.

— ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تۇتقان يولى بولىدۇ، ئەيسا، بىرىمىز هاراقكەش، يەنە بىرىمىز بەڭگى، بىرىمىز قىمارۋاز، يەنە بىرىمىز ھۇنەرۋەن، بىرىمىز ئۇنداق، بىرىمىز مۇنداق بولۇپ ياشايدىكەنمىز بۇ دۇنيادا. ئادەم بولغاندىكىن ئەركىن ياشىغىنى ياخشى، مەمەتكە ئوشۇق گەپ قىلما، — دېدى يالقۇن.

— يائاللا، ئاداش، سۆزلەپلا كەتتىڭغۇ!

— بىز دېگەن شائىر - دە، — دېدى يالقۇن قىزىقچىلىق قىلىپ.

— ھە راست، مەن سېنىڭ شائىرلىقىڭنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ، ئاداش، سەن شائىر بولغاندىمۇ خەلق شائىرى - دە! — دېدى ئەيسا قىزىقچىلىق قىلىپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئاداش، شائىر دېگەن خەلقنىڭ بولماي كىمنىڭ بولاتتى؟

— مېنىڭ دېگىنىم، بەزى شائىرلار ئۆزىنى يازىدۇ، ئۆزى-دىن ئېشىنسا قېينانىسىنى مەدھىيىلەپ يازىدۇ ئەمەسمۇ، ئا-داش، سەن دېگەن نوقۇل خەلقنى يازىسەن - دە!

— قېينانا دېگەن خەلق ئەمەسمۇ؟ ئالدى بىلەن ئانا خەلق بولۇشى كېرەك - دە! — دېدى يالقۇن.

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدىكەن، ئاداش، يېڭى گەپ ئىكەن بۇ، يېقىندىن بېرى ئانچە - مۇنچە يازغانسەن؟! — دېدى ئەيسا.

— ئىككى شىئىر يازدىم، ئالامەت چىقتى، ئاداش.
— ئاڭلىمايلىمۇ؟
— ئەمىسە نۇرلانكامنى چاقىرايما؟ — دېدى مەمەت يالقۇنغا قاراپ.
— شۇنداق قىلە، ئۇكا، كاۋېپىنى بالىسى سېتىپ تۇرمامدۇ، — دېدى ئەيسا. مەمەت نۇرلاننى چاقىرىپ كىردى.
— ئەسسالامۇ ئەلايكۇم مېھمانلار، قايتىدىن بىر كۆرۈشۈۋېتەيلى، — دېدى نۇرلان. ئۇ مېھمانلار بىلەن قايتا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، — ئويۇننى باشلىۋېتىپسىلەر - دە.
— ئەيسا سىزنى كىرىدۇ دېدى، رومكىنى ئالدىرىماي ماڭدۇرغاچ تۇردۇق، — دېدى يالقۇن.
— بۈگۈنكى ئويۇن يەنە تۇجۇ ئىكەن - دە، — دېدى نۇرلان.
— ئەيسا بار يەردە ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، نۇرلانكا، قېنى، سامسىدىن ئېغىز تېگىڭ.
— توۋا، مەن مېھمانلارغا چاي قۇيۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئەمەسما! — دېدى مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ پىيالىلەرنى چايقاپ، مېھمانلارغا چاي قۇيدى.
— ئەمىسە بېلىق كۆزى قىلىپ بىرنى ئىچىۋېتىڭ، نۇرلانكا، — دېدى ئەيسا هاراقنى رومكىغا لىق قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپ.
— ماقۇل ئەمىسە، ئۇكىلار، ئۆزۈممۇ ئۇسساپ قالغانىدىم، — دېدى - دە، نۇرلان هاراقنى كۆتۈرۈۋەتتى.
— يالقۇن بىر - ئىككى شېئىر يېزىپتىكەن، ئاڭلايلى دېگەنتۇق، — دېدى ئەيسا زاكۇسكا بېرىۋاتقان نۇرلانغا قاراپ تۇرۇپ.
— ئەمىسە بۈگۈن ئۆيگە يالپۇز پۇراپ بارىمىزكەن - دە! هەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى.

— پەيزىلىك بار جۇمۇ، نۇرلانكا، سىنىڭ، ياش ۋاقتىڭدا ئويۇننىڭ قىپىنى يارغان ئادەمكەنسەن ـ دە، — دېدى ئەيسا.

— ئۇنى بىردېمە، ئۇكا، ئوينىشىمىز ۋىچىر دېگىنە، پىـ.روتكا قىزلىرى بىلەن شاما بولۇپ كېتەتتۇق. ئۇلارنىڭ كۆزلىـ.رى كۆپكۆك، تېرىسى سۇپسۇزۇك، تانسا دېگەنگە بەك ئۇستا نەرسىلەر ئىدى، ئويۇننى بىر باشلىۋالساق بىر قول تانسا ئويناپ بولغۇچە تاڭ ئېتىپ كېتەتتى، ئاشۇ يىللارمۇ ئۆتتۇپ كەتتى ـ دە، هازىر ئويلىسام چۈشۈمدىكىدەكلا جۇمۇ، — دېدى نۇرلان هەسرەت چېكىپ.

— نۇرلانكامغا يەنە بىرنى قۇيە، — دېدى يالقۇن ئەيساغا شەرەت قىلىپ، بۇ شەرەتنىڭ ئىچىدە «ئۇنى ئازراق قىزىتىپ گەپكە سالىمىز» دېگەن مەنىمۇ بار ئىدى. ئەيسا دەرهال رومكىغا هاراق قۇيۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— مەست بولۇپ قالماي، ئۇكا، يەنە.

— مەست بولمايسىز، ئاكا، ئاشۇ يىللىرى دەيمەن، نۇرلانـ.كا، ئاشۇ سەتەڭ پىروتكا قىزلىرىدىن بىرەر ـ يېرىمىنى ئېلىپ قويماپتىكەنسىز ـ دە! — دېدى ئەيسا.

— توۋز گەپ قىلەۋا، ئاداش، بىرەر ـ يېرىمىنى دېگەن قانداق گەپ ئۇ، بىرنىغۇ ئالار، يېرىمىنى قانداق ئالىدۇ! — دېدى يالقۇن مەقسەتلىك هالدا نۇرلاننىڭ چىشىغا تېگىپ. مەمەت كۈلۈپ كەتتى.

— ئادەم دېگەن ئۇچۇشنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلەلمەيدىكەن، ئۇكا، كېيىنەكىنىڭ قانتىدا ياشساڭ ئاخىرقى هېسابتا ئېزىپ كېتىدىكەنسەنغۇ!

— هەممىسىنى ئۇچۇرۇپ قويۇپسىز ـ دە، — دېدى ئەيسا.

— قايماقتەك قىزلار ئىدى ـ دە، هازىرقى قىزلىرىڭ نېمە، چىرايىدىن توپا يېغىپ تۇرىدۇ، ۋاي دەپ كەينىگە كىرگۈدەك بىرەرمۇ قىز يوق، — دېدى نۇرلان.

— قىز بالا دېگەن شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، نۇرلانكا، سەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىغاندا ئۇ ساڭا مۇشۇ ئالەمدىكى ئەڭ گۈزەل قىز بولۇپ كۆرۈنىدىكەن، شۇنداقلا توي قىلىپ بولدۇڭ-ما، ئۇ ئادەتتىكى بىرنېمىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن، — دېدى يالقۇن.

— ئالامەت گەپ قىلدىڭ - دە، ئۇكا. شائىر دېگەن شائىر - دە، مۇشۇ گېپىڭ ئۈچۈن ئەمىسە مۇشۇ هاراقنى ئىككىمىز بۆلۈپ ئىچىۋېتەيلى، ئاچچىقىنى ئۆزۈم ئىچەي، تاتلىقىنى ساڭا بېرەي، — دېدى نۇرلان. ئۇ رومكىدىكى هاراقنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ، قالغان يېرىمىنى يالقۇنغا سۇندى.

— رەھمەت، نۇرلانكا، ئەمىسە...

— ساڭىمۇ رەھمەت، ئۇكا، سىلەر كەلسەڭلارلا شۇنداق ئىچىپ قويىمەن، سۆزلەپ قويىمەن، قانداق قىلىمىز ئەمدى، مۇشۇنداق جاھانىكەنغۇ، — دېدى نۇرلان.

— ئەمىسە شېئىرىمنى ئوقۇمدۇم - يا؟ — دېدى يالقۇن ئەيساغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ.

— ئوقۇڭ، ئۇكام، ئوقۇڭ، ئۇزۇن بوپتۇ سىزنىڭ شېئىرىڭىزنى ئاڭلىمىغىلى، — دېدى نۇرلان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مۇشۇ ئەيسا دائىم گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ قويۇپ يوقىلىپ كېتىدۇ، — دېدى يالقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بېشىنى چىقىرىپ بەرگەندىن كېيىن قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىرنېمە قىلىۋالامسەن...

ھەممە ئادەم كۈلۈپ كەتتى.

— ئەمىسە ئوقۇ، ئاداش، خاتىرەڭ يېنىڭدىمۇ - يا؟

— ئەلۋەتتە يېنىمدا بولىدۇ - دە، ئاداش، — دېدى يالقۇن يانچۇقىدىن خاتىرىسىنى ئېلىپ، — ئەمىسە مەن ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاپ بېقىڭلار، نۇرلانكا، ئالدىراپ يازدىم، ۋاقىت يوق، يېزىغا بېرىپ زىيالىي بولۇپ ئىشلىگەن تۇرمۇشۇمنى يازدىم، پىكىر

بېرىڭلار، داۋاملىق تۈزىتىمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇنى مۇكەممەل بىر شېئىر قىلىپ ئىشلەيمەن.

— قېنى، خەپشۇك ئەمىسە، — دېدى ئەيسا. مەمەت كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ يالقۇننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— ئالدى بىلەن «بىنەم» دېگەن شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرەي.

— قېنى، — دېدى نۇرلان.

يالقۇن ئۆزىنى رۇسلىۋېلىپ، دېكلاماتسىيىنى باشلىدى:

*ھەر يىلى،*
*ياخشى بۇغداي بىلەن ياخشى شامال،*
*بىزنى چىللايتتى.*
*......*
*......*

*ۋىجدانلىق شامال،*
*ھارۋىكەشنىڭ ھاردۇقىنى چىقىراتتى.*
*ئۇنىڭغا چوڭ چىنىدە لەگمەن بېرەتتى،*
*ئاشپەز ئانىنىڭ يېتىم بالىسى،*
*ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئۇسسۇلغا چۈشەتتى.*
*يېتىم بۇلۇڭدا ئەمەس قۇچاقتا،*
*ياق،*
*ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا يېتىم ئەمەس.*
*بىزنىڭ ئارىمىزدا يېتىم يوق...*

— ئالامەت ياخشى يېزىلىپتۇ، ئۇكا، چۈشىنىشلىك بولۇپتۇ، — دېدى نۇرلان، — بولۇپمۇ ئاخىرىنى بەك ياخشى چۈشۈرۈپسەن، ئۇكام، قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن، خۇدايىم بۇيرۇسا ياخشى شائىر بولۇپ يېتىلىدىغان ئوخشايسەن...

— پەيزىڭ بار، ئاداش، بۇ شېئىرىڭنى ئېلان قىلدۇرساڭ بولغۇدەك، يەنە بىرىنىمۇ ئوقۇۋەتمەمسەن، — دېدى ئەيسا.

— ئۇنى كېيىن ئوقۇپ بېرەي، ئاداش، بۈگۈنچە مۇشۇ بىرنى ئوقۇپ تۇراي، — دېدى يالقۇن.

— مەمەت، مەۋلاننىڭ قېشىغا چىقىپ ئۆزۈڭ بىر قوللۇق قىلىپ يىگىرمە زىخ كاۋاپ پىشۇرۇپ ئەكىرە، ئۇكا، يالقۇنكاڭنىڭ شېئىرىنى ئۆزۈم مۇكاپاتلىۋېتەي، — دېدى نۇرلان.

— ماقۇل، نۇرلانكا، — مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

— قەلەم ھەققىنى نەقلا ئالىدىغان بولدۇڭ ـ دە، ئاداش، شائىر بولۇۋالسىمۇ ياخشىكەن دەيمەن، نۇرلانكا، سورۇنلاردا بىرەر ـ يېرىم پارچە شېئىر ئوقۇپ قويساڭ قورساق تويۇۋېرىدىكەن، — دېدى ئەيسا چاقچاق قىلىپ.

— ئۇنىمۇ يازالىغان ئادەم يازىدۇ، ئۇكا، گەپنى گەپكە ياپسا كەلتۈرۈپ يازماق ئاسان ئەمەس، — دېدى نۇرلان.

— ئەيسا ئۇكا، ماڭا بىلىق كۆزى قىلىپ بىر رومكا قۇيە، يالقۇننىڭ شېئىرىنى مۇبارەكلەپ بىرنى ئىچىۋېتەي، — دېدى نۇرلان.

ئەيسا نۇرلانغا بىلىق كۆزى قىلىپ بىر رومكا هاراق قۇيۇپ بەردى، نۇرلان رومكىنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

— مەن دەيمەن، نۇرلانكا، مۇشۇ يالقۇن ئەمدى بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ياخشى شائىر، ئاشۇ ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ئىشلەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرگۈچە ئازراق يول مېڭىپ شائىرلار ئىدارىسىگە يۆتكىلىۋالسا بولمامدۇ دەيمەن ـ دە، — دېدى ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ. يالقۇن كۈلۈپ كەتتى:

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ئاداش، شائىرلار ئىدارىسى دەپمۇ ئىدارە بولامدۇ، گېپىم بار دەپ قىلىۋېرىدىكەنسەن، — دېدى يالقۇن.

— ھېلىقى شېئىر باسىدىغان يەرنى نېمە دەيدۇ ئەمىسە؟
— گېزىتخانا دېمەمدۇ، ئەخمەق، ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ خەتكە نېمە يېزىلغانلىقىنى بىلمەيدىغان نەرسە ـ دە بۇ.
— ھەممىسى بىر گەپ، ئاشۇ گېزىتخانا دېگەن يەرگە يۆتكىلىپ كەتسەڭ بولمامدۇ! — دېدى ئەيسا.
— ئۇ يەرگە يۆتكەلمەك تەس، ئاداش، بىزدەك ئادەملەرنى ئالمايدۇ، — دېدى يالقۇن.
مەمەت بىر لېگەندە لىق كاۋاپ ئەكىردى.
— قېنى ئەمىسە، كاۋاپتىن ئېلىڭلار، ئۇكىلىرىم، — دېدى نۇرلان مېھمانلارنى كاۋاپقا تەكلىپ قىلىپ.
— ئۆزۈڭمۇ ئاله، مەمەت ئۇكا، بۇ شېئىرىم قانداق بوپتۇ؟ گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — دېدى يالقۇن مەمەتكە قاراپ تۇرۇپ.
— بەك ياخشى يېزىپسىز، يالقۇن ئاكا، بولۇپمۇ ئاخىرقى «بىزنىڭ ئارىمىزدا يېتىم يوق» دېگەن گەپ مېنى بەك تەسىرلەندۈردى، — دېدى مەمەت كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ.
— كاۋاپمۇ تۈگەپ قالدى. ئاداش، يەنە بىر شېئىرىڭنى ئوقۇۋەتمەمسەن، — دېدى ئەيسا چاقچاق قىلىپ.
— ئالدىرىما، ئاداش، بۈگۈن كاۋاپقا ھەر ھالدا تويۇپ قالدۇق، كېيىنكە ئوقۇيدىغانغا شېئىر قالمىسا بولمايدۇ، — دېدى يالقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ھە بوپتۇ، ئەمىسە ئۇ شېئىرىڭنى يالپۇزغا ياخشىراق چىلاپ قوي، ياخشىراق تەم كىرسۇن، — دېدى ئەيسا. نۇرلان كۈلۈپ كەتتى.
— خوش، مەمەتنىڭ ئىشىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ، ئۇكىلار؟ — دېدى نۇرلان كۈلۈپ تۇرۇپ.
— خۇش خەۋەر بارما؟ — دېدى يالقۇن.
— مەمەتكە دادىسى بۈگۈندىن باشلاپ دۇكان ئايرىپ بەردى،

پايدا ـ زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان بولدى، بۇ دۇكاننىڭ بىر يىللىق ئىجارىسىنى دادىسى تۆلەپ بەردى، كېيىنكىسىنى خۇدايىم بۇيرۇسا ئۆزى تۆلەپ ئاچىدۇ، سەلەي قاسساپ ئۇلتۇرغان ھېلىقى قورۇنىمۇ ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەمدى بىرەر ـ ئىككى يىل ئىچىدە ئۆيلەپ قويىمىز دەيدۇ بۇ يىگىتنى، — دېدى نۇرلان.

— خۇش خەۋەر ئىكەنغۇ! — دېدى يالقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ مەمەتكە قاراپ.

— ھە، مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە، مەن تېخى مەمەت قىز ئەپقاچىدىغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن، — دېدى ئەيسا.

— سېنىڭ خىيالىڭغا ئۇنىڭدىن باشقا ياخشىراق ئىشلار كەلمەمدۇ، ئاداش، — دېدى يالقۇن.

— قىز ئەپقاچتى دېگەن يامان گەپ ئەمەس، ئاداش، ئەپقې-چىپ كەلگەن قىز تاتلىق بولىدۇ تېخى! — دېدى ئەيسا.

— ھاراق ماڭا كېلىپ تۇگەپ قاپتۇ، مەن يېرىم جىڭ خىزمەت قىلاي، ئۇكىلار، — دېدى نۇرلان ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بۇگۇن مۇشۇ يەردە بولدى قىلايلى، نۇرلانكا، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇدا شەنبە يەنە ئوينايمىز، بىرنەچچە كۈنگىچە ئەيسا يەنە تۇجۇنىڭ ئورنىنى قىلىپ قويىدۇ، مەمەتنىڭ ئىشى ياخشى بوپ-تۇ، ئاكا، بىر ـ ئىككى يىل پۇل تاپسۇن، خۇدايىم بۇيرۇسا ياخشى قىزدىن بىرنى ئېلىپ بېرىمىز، — دېدى يالقۇن.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، ئۇكا، — دېدى نۇرلان مەمەتنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ.

## 10

نۇرلان مەمەتكە بىر شاگىرت تېپىپ بەردى، بالىنىڭ ئېتى ساۋۇتجان ئىدى، ئۇ نۇرلاننىڭ مەھەللىسىدىكى تۇل ئايالنىڭ بالىسى ئىدى. نۇرلان بىر كۇنى ساۋۇتجاننى ئەتىگەندە بازارغا

ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، مەمەتكە تاپشۇرۇپ بەردى.

— مانا، ئۇكا، ساۋۇتجان دېگەن مۇشۇ يىگىت شۇ، بۇ يىل ئون ياشقا كىرىپتۇ، بۇ بالىنىڭ دادىسى ئەسلىدە خاڭدا ئىشلەيتتى، ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا خاك بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن، ئاپىسى تۆت بالا بىلەن يالغۇز قالدى، بىچارە خوتۇن مەھەللىدە سۈت ساتىدۇ، ئاپىسىغا بالىڭىزنى كاۋاپچىلىققا شاگىرتلىققا بېرەمسىز، دېسەم، خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇستىسىغا دەپ قويۇڭ، بالىنىڭ ئۇستىخىنى مېنىڭ، گۆشى ئۇستامنىڭ، ياخشى باشقۇرۇپ ھۈنەر ئۆگىتىپ قويسۇن، دەپ يېلىنىپ كەتتى. ئەمدى، ئۇكا، بالىنى ئۆزۈڭ بىر قوللۇق باشقۇرۇپ ئىشلىتىسەن، — دېدى نۇرلان.

— رەھمەت، نۇرلانكا، — دېدى مەمەت ساۋۇتجاننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

چۈشكە يېقىن مەمەتنى خېرىدار بېسىۋالدى، ساۋۇتجان زىخلارنى يىغىپ تازىلاپ كاۋاپ ئۆتكۈزۈشكە كىرىشىپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن ئۇلارنىڭ كاۋىپى يەنىلا بالدۇر تۈگىدى. مەمەت كاۋاپدانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، دۇكانغا ئەكىرىۋەتتى، ساۋۇتجانمۇ دۇكاننىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندى.

— بۈگۈن بالدۇر بىكار بولدۇق، ساقام، ئىككىمىز مۇنچىغا چۈشۈۋالايلى، ئاندىن ساتىراشخانىغا كىرىپ چاچلىرىمىزنى ياسىتىۋالايلى، سېنىڭ چېچىڭمۇ ئۆسۈپ كېتىپتۇ، — دېدى مەمەت ساۋۇتجاننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— ماقۇل، ئۇستام، — دېدى ساۋۇتجان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سەن مەكتەپتە ئوقۇغانمۇ يا؟ — دەپ سورىدى مەمەت ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— ياق، — دېدى ساۋۇتجان.

— ھە، مۇنداق دە، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش قارا قورساق

ئىكەنسەن، مەن بىلەن ياخشى ئىشلە، گەپ ئاڭلا، چوڭلارنى كۆرسەڭ ئاكا دە، ئۆزۈڭنى پاكىز تۇت، كاۋاپچى دېگەن ئۆزىنى پاكىز تۇتمىسا خېرىدارلار قېچىپ قالىدۇ، مەن ئەتە - ئاخشاملىرى ۋاقىت چىقىرىپ سىنىڭ خەت - ساۋاتىڭنى چىقىرىپ قوياي، — دېدى مەمەت.

— ماقۇل، ئۇستام، — دېدى ساۋۇتجان.

مەمەت دۇكىنىغا قۇلۇپ سېلىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى دۇكاندا كاۋاپ ساتىدىغان باراتجان دېگەن ئادەم ئۇنى چاقىردى.

— ھەي، مەمەت مەدىكار، بۇ ياققا كەل، ماڭا ئازراق ياردەملەش، — دېدى.

مەمەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىزىرىپ كەتتى، ئۇ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ باراتجاننىڭ قېشىغا باردى.

— سەن مەدىكارزە، پوق ئۇچەينى سېتىپ بىزنىڭ بازىرىمىزنى ئۆلتۈردۈڭ، بۇياققا ئۆت، مۇنۇ كاۋاپلارنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ بەر، — دېدى باراتجان ۋارقىراپ.

— خاپا بولمايسىز، باراتجان ئاكا، مەن مۇنچىغا ماڭغان، ئەتە بالدۇرراق بىكار بولسام قارىشىپ بېرەرمەن.

— ئەتە؟ ھەي، ھارامدىن بولغان، قورسىقىڭ تويۇپ قالدىما؟ ئەتە دەيسەنغۇ؟ سەن گۆي مۇشۇ يەردە پوق ئۇچەي سېتىپ بىزنىڭ بازىرىمىزنى ئۆلتۈردۈڭغۇ! ئەگەر سەن بىزنىڭ بازىرىمىزنى ئۆلتۈرمىگەن بولساڭ، بىزمۇ بۇنداق كەچ قالاتتىقمۇ! ؟ — دېدى باراتجان ۋارقىراپ.

— سىز گۆش كاۋىپى ساتىسىز، باراتجان ئاكا، مەن ئۇچەي كاۋىپى ساتىمەن، ئىككىمىزنىڭ بازىرى ئوخشاشمايدۇ، مەن قانداقلارچە سىزنىڭ بازىرىڭىزنى تارتىۋالىمەن؟ — دېدى مەمەت.

— ۋاھ، گەپ قىلىشنى خېلى ئۆگىنىپسەن - ھە، ھارىمى، — دېدى باراتجان ئۇنىڭغا ۋارقىراپ.

— مېنى بىكاردىن ـ بىكارغا تىللىماڭ، باراتجان ئاكا، يامان بولىدۇ، گۇناھىمنى ئارتتۇرىۋالىسىز، — دېدى مەمەت غەزەپلىنىپ. باراتجان:

— ھەي ھارامدىن بولغان، تېخى ماڭا ئەقىل ئۆگەتمەكچىمۇسەن، — دېگىنىچە مەمەتنىڭ زاڭقىغا بىر شاپىلاق ئۇردى، — كۆزۈمدىن يوقال يۈندى ئىچىپ چوڭ بولغان گۆي.

نۇرلان مەمەت ئۇياققا ماڭغاندىلا باراتجاننىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇراتتى. ئۇ باراتجاننىڭ مەمەتنى تىللىغانلىرىنى ئاڭلاپ تۇرالماي قالدى، ئاخىرى باراتجان مەمەتنى بىر شاپىلاق سالغاندىن كېيىن، قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بارات تاز، بەك نوچىلىشىپ كېتىۋاتىسەنغۇ، بىر يەرلىرىڭ قىچىشىۋاتامدۇ، ئاداش، — دېدى نۇرلان باراتجانغا ئالىيىپ تۇرۇپ.

— كارىڭ نېمە سېنىڭ، — دېدى باراتجان.

— ئىگىسى يوقمىكەن بۇنىڭ؟! كىچىك بالىنى بوزەك قىلىساڭ نېمىشقا كارىم بولمايدىكەن! — دېدى نۇرلان.

— بۇ ھارامدىن بولغاننىڭ دەۋاتقان گېپىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ!؟ — دېدى باراتجان.

— سېنىڭ دېگەن گەپلىرىڭنىمۇ ئاڭلاپ تۇردۇم، سەنمۇ ئادەمما؟ مەمەتنى ئېغىزىغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن تىللىدىڭ. سېنىڭ ھارامدىن بولمىغانلىقىڭمۇ چاغلىق، بارات تاز، سەن بەك كۆكەرمە بولۇپ كەتتىڭ مۇشۇ كۈنلەردە، ماۋۇ بازاردا ئالدى ـ كەينىڭگە قاراپراق گەپ قىلارسەن— دېدى نۇرلان.

— سەن بېرىپ ئىشىڭنى قىل، ئاداش، مېنىڭ ئىشىمگە ئارىلاشما، — دېدى باراتجان.

— ئارىلاشقۇم كېلىۋاتىدىغۇ، چاپىنىڭنى سالامسەن، غىتمەك، — دېدى نۇرلان.

— سەن بازارنى قالايمىقان قىلىمەن دەمسەن! — دېدى باراتجان.

— ئاناڭغا تېگىشكەن بازار بولغىيتتى بۇ قالايمىقان قىلغىلى بولمايدىغان، چىقە گۇي ماياقىا، تولا جىنىمنى چىقارماي، — دېدى نۇرلان. ئۇ بېشى بىلەن باراتجاننىڭ يۈزىگە ئۇستى.

باراتجاننىڭ بۇرنى قاناپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆڭلەكلىرى قانغا مىلەندى، ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە، نۇرلان گالاچ - گۇلۇچ قىلىپ ئۇنى يەنە بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى، بۇ ئارىدا كاۋاپچىلار ئۇلىشىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئاجرىتىۋەتتى.

— سەن ئوغۇل بالا بولساڭ، مەن بىلەن ئېلىش، بارات تاز، — دېدى نۇرلان ۋارقىراپ.

باراتجان تاياقنىڭ دەردىدە بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

— نېمە بولغانتى، ئاداش؟ — دەپ سورىدى بىر كاۋاپچى نۇرلاندىن.

نۇرلان بولغان ئىشلارنى ئۇلاشقانلارغا سۆزلەپ بەردى.

— ئۆزىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ بۇ تازنىڭ، — دېدى نۇرلاندىن گەپ سورىغان ھېلىقى كاۋاپچى.

— توۋا، جاھاندا ھەرخىل ئادەم بولىدۇ - دە، — دېدى بىرى.

— سەن ساۋۇتجان بىلەن يولۇڭغا ماڭىۋەر، ئۇكام، بۇنىڭ-دىن كېيىن مۇشۇ بازاردا كىم سېنى بوزەك قىلىدىكەن، ئاغزى - بۇرنىنى تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن، مۇشۇ بىچارىگىمۇ ئازار بېرىۋاتىدۇ دېسە، — دېدى نۇرلان مەمەتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

مەمەت ساۋۇتجاننى ئەگەشتۈرۈپ، بازاردىن چىقىپ كەتتى.

— بارات تاز، ئاڭلىمىدىم دېمە، مەنمۇ مۇشۇ بازارنىڭ بىر نوچىسى، بىراق مەن نوچىلىقنى تالاشمايمەن، مېنىمۇ بىلىپ قوي، قاچان ماڭا تايىنىڭ يېتىپ قالسا، ھايت دېسەڭ كەينىڭدىن ماڭىمەن، — دېدى نۇرلان.

## 11

ھەش پەش دېگۇچە ئاريدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن يالقۇن بىلەن ئەيسا مەمەتنىڭ كاۋاپخانىسىغا كەلدى. مەمەت كاۋاپدانىنى ساۋۇتجانغا تاشلاپ بېرىپ، كاۋاپخانىغا كىرىپ يالقۇنلار بىلەن بىللە بولدى.

— شاگىرتىڭ خېلى ئىشقا ياراپ قاپتۇ - ھە، ئۇكا، — دېدى يالقۇن.

— ئۇنىڭغىمۇ ئىككى يىل بولۇپ قالدى، يالقۇنكا، — دېدى مەمەت.

— ياخشى، ئۇكا، ئەمىسە بىزگە كاۋاپنى بەش زىختىن پىشۇرۇپ ئەكىر، سوۋۇپ قالسا پەيزىسى قالمايدۇ، — دېدى يالقۇن.

— نۇرلانكامنى چاقىرىپ قويغىن، — دېدى ئەيسا.

— مەن بايام چاقىرغان، نۇرلانكامنىڭ بۈگۈن مىجەزى يوق ئىكەن، — دېدى مەمەت.

— ئەمىسە بۈگۈن ئىككىمىز ئىچمىزكەن - دە، ئاداش، — دېدى ئەيسا يالقۇنغا قاراپ.

— نەچچە قېتىم دەيمەن دەپ يۈرۈپ ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ، يالقۇنكا، ھېلىقى مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شېئىرنى بۈگۈن بىر ئوقۇپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى مەمەت.

— ھە، ت. ئېلىيوفنىڭ «ئانامغا» دېگەن شېئىرىنى دەۋاتىسەنغۇ دەيمەن، — دېدى ئەيسا.

— شۇنداق، مەن ئەمىسە ساڭا ئاشۇ شېئىرنى يادلاپ بېرەي، سەن مۇشۇ شېئىرغا بەك ئامراق - ھە، ئۇكا، — دېدى يالقۇن.

— ھەئە.

يالقۇن بىر رومكا هاراق ئىچىۋېتىپ، پۈتۈن ھېسسىياتى

بىلەن مەمەتكە «ئانامغا» دېگەن شېئىرنى يادلاپ بەردى. مەمەت يالقۇنغا قاراپ ئولتۇرۇپ، تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتتى.

— بۇ ھەقىقەتەن ياخشى شېئىر ـ دە، — دېدى ئەيسا.

— ئۇ ھەقىقەتەن ئالەمنىڭ سىرىنى، ئادەمنىڭ سىرىنى بىلىدىغان شائىر، — دېدى يالقۇن ھاياجانلىنىپ.

— شۇنداق، ئاداش، ھۆرمەتلىك شائىرىمىز ت. ئېلىيوفنى ھەقىقىي شائىر دېسە بولىدۇ، ھازىرقى بەزى شائىرلار بار ـ يوقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرنېمىلەرنى يېزىپ يۈرمەمدۇ!

— تولا جېنىمنى چىقارمىساڭ بولارمىكىن، ئاداش، بۈگۈن ھە دېگەندىلا ماڭا زەربە بېرىۋاتىسەنغۇ! — دېدى يالقۇن.

— سەن مېنى خاتا چۈشىنىپ قالدىڭ، ئاداش، مەن خەقتىن ئاڭلىغان گەپلەرنى ساڭا دەپ بېرىۋاتىمەن، سەن مۇشۇ كاۋاپچىلار تۇرمۇشىدىن بىرنەچچە شېئىر يازساڭ بولاتتى، ئاداش، — دېدى ئەيسا.

— ئويلىشىۋاتىمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا ناھايىتى ياخشى شې-ئىرلارنى يازىمەن، — دېدى يالقۇن.

— ھەرقاچان ھە دېگەندە «ئۇچەي كاۋىپى» دەپ يازىسەن، — دېدى ئەيسا.

— ماۋزۇسىنى تېخى ئويلاشمىدىم. ھازىر كاۋاپنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمەن، كاۋاپنىڭ تارىخىغا قانچە يىللار بولدى-كىنە؟ — دېدى يالقۇن.

— قانچە يىل ئەمەس، نەچچە مىڭ يىل دېمەمسەن مۇنداق، ئەجدادىمىز ئوۋ ئوۋلاپ ياشىغان دەۋرلەردىن باشلاپ كاۋاپ يەپ ياشىغان تۇرسا، — دېدى ئەيسا.

— سەن خېلى بىر ئىشلارنى بىلىسەن جۇمۇ، ئاداش، — دېدى يالقۇن.

— مەن شائىر بولمىغاندىكىن، ۋىنتىلىرىم تولۇق ـ دە، ئاداش، — دېدى ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەمدى بولار ـ هە، ئاداش، مېنى بەك مازاق قىلىپ كېتىۋاتىسەن، شېئىر يازغانغا تويدۇرۇۋەتمە يەنە، — دېدى يالقۇن.

— ئەمىسە خاپا بولما، ئاداش، گۇناھىم ئۈچۈن ئۆزۈم بىرنى ئىچىۋېتەي، — دېدى ئەيسا. ئۇ رومكىغا هاراقنى بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇپ كۆتۈرۈۋەتتى.

— مەمەت، سەنمۇ گەپ قىلغاچ ئولتۇر، ئۇكا، — دېدى يالقۇن جىم بولۇپ قالغان مەمەتكە قاراپ.

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، يالقۇنكا، مەن ت. ئېلىيوپنىڭ «ئا- نامغا» دېگەن شېئىرىنى بەك ياخشى كۆرىمەن، بايام شېئىرنى ئاڭلاپ ئېرىلىپ كەتتىم، نېمىدېگەن ياخشى ئادەم، جاھاندىكى هەممە ئىشلارنى بىلىدىكەن، — دېدى مەمەت.

— شائىر دېگەن ئەقىللىق بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار خەلقنىڭ ئارزۇسىنى بىلىدۇ، — دېدى ئەيسا يالقۇنغا قاراپ قويۇپ.

— هە مانا، ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ، ئاداش، مۇنداق گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرمامسەن، — دېدى يالقۇن كۈلۈپ.

— چىرايلىق گەپ هەممە ئادەمنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقىدۇ ـ هە، — دېدى ئەيسا كۈلۈپ.

— مەن ئەتىيازدا سىزگە بىر ئىشنى دېگەنىدىم، يالقۇنكا، ئېسىڭىزدە بارمىكىن! — دېدى مەمەت يالقۇنغا قاراپ.

— نېمە ئىش، ئۇكا؟

— ئۆزۈمنىڭ ئاپىسىنى سۈرۈشتە قىلىپ باققان بولسىڭىز دېگەنىدىم... ، — دېدى مەمەت يالقۇننىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

— هە، نېمە دەيدىكىن دەيمەن تېخى، ئۇ ئىش ئېسىمدىن چىقامدىغان، ئۇكا، خېلى جىق ئادەمدىن سۈرۈشتە قىلىپ باق- تىم، يارى دادالڭ بىلەنمۇ بىرنەچچە قېتىم سۆزلەشتىم، سىر ئاشۇ كىندىكئاناڭدا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇ بەك چىڭ خوتۇن ئىكەن، مەن ئۇ ئايال بىلەن بىر كۆرۈشتۇم. بىلمەيمەن، بىر

كۆنى بىر قىز قورۇغا كىرىپ كەلدى، ئۆيدىن چىقسام قورسىقىـ
نى كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ
تۇغدۇرۇپ قويدۇم، ئېتىڭىز كىم، كىمنىڭ بالىسى سىز، ئۆيىـ
ڭىز نەدە دېگۈچە بىر ئەتىگەندە بالىسىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپـ
تۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن بالىنى تاماكىچى قۇربان بوۋايغا بېرىۋەتـ
كەن، ئۇنىڭ ئايالى گۈلبەھرەم ھەدەم مېنى بىرنەچچە قېتىم
ئىزدىگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بالىسىنى ئۇلار بېقىۋالدى،
رەھمەتلىك گۈلبەھرەم ھەدەم ناھايىتى ياخشى باققان ئۇ بالىنى،
ئەمدى سىلەر قۇربان بوۋاينى تاپساڭلار بولىدۇ، قۇربان بوۋاي
ھەممە ئىشنى بىلىدۇ، دەپ يولغا سالدى مېنى. قارىسام بۇ
ئىشنىڭ ئايىغى چىقمىدى، شۇڭا ساڭا گەپ قىلماي تۇرۇپ تۇرغاـ
نىدىم، — دېدى يالقۇن.

— ئۇكا، يېقىندىن بېرى قۇربان داداڭدىن خەت كەلدىـ
ما؟ — دېدى ئەيسا.

— ياق.

— كەلسىمۇ يارى بىلىدۇ - دە ئۇنى، — دېدى يالقۇن.

— نۇرلانكامۇ چوڭلاردىن سۈرۈشتە قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارمۇ
سىز دېگەندەك دەپتۇ، ھەممە سىرنى ئاشۇ مەريەم ئاپام بىلىدىغان
ئوخشايدۇ، مەريەم ئاپام بىلەن ئۆزۈم بىر كۆرۈشەيمىكىن دەۋاتىـ
مەن، يالقۇنكا.

يالقۇن مەمەتنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى.

— ئۆزى كۆرۈشسە قانداق بولار. ئاداش؟ — دېدى ئەيسا.

— ئەيسا، سەنچە كۆرۈشسە بولارمۇ، بولماسمۇ؟ — دېدى
يالقۇن ئەيساغا قاراپ.

ئەيسا يالقۇننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى.

— ھازىرچە كۆرۈشمىسە بولارمىكىن.

— شۇنداق، ئۇكا، بۇ ئىشقا بەك ئالدىراپ كەتسەك بولمايـ
دۇ، بۇنداق ئىشلار مۇرەككەپ بولىدىكەن، ئالدىرىمايلى، ھەممە

ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بولىدۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا بىر كۈنى ئاپاڭنى چوقۇم تاپىمىز، — دېدى يالقۇن.

— مەيلى ئەمىسە، يالقۇنكا، — دېدى مەمەت.

— مەن دەيمەن، يالقۇن، ئاشۇ مەريەم دېگەن ئايالغا بىرەر قوي ئاپىرىپ بەرسەك ئاغزىنى ئاچارمىكىن، — دېدى ئەيسا.

— ئۇنداقمۇ قىلىپ كەتمەيلى، ئاداش، ئەگەر ئۇ ئايال يەنىلا مەن ھېچ ئىشنى بىلمەيمەن دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلىمىز، — دېدى يالقۇن.

— ئەكىلىڭ قوينى ئەمىسە دېمەمدۇق؟! — يالقۇن كۈلۈپ كەتتى.

مەمەت:

— مەن ئازراق كاۋاپ پىشۇرۇپ ئەكىرەي، — دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

— بۈگۈن ئىككىمىزگە ئىچىمەك قالامدۇ قانداق مۇنۇ بىر جىڭ ھاراق، — دېدى يالقۇن قولىدىكى ھاراقنى ئىچىۋېتىپ.

— ئىچىمەك كەلسە كەلمەمدۇ، ئاداش، قاچانغىچە مەست بولمايمىز، ھېلىمۇ مەست بولۇپ باقمىغىلى ئۇزۇن زامان بولۇپ كېتىپتۇ، بۈگۈن، ئاداش، ئۆيگە ئىشىكنى تېپىپ كىرگۈدەك بولغۇچە ئوينىمايلىما؟ — دېدى ئەيسا.

— بىزنىڭ ئۇنداق قىلىدىغان يىللىرىمىز ئۆتۈپ كەتتى، ئاداش، ئۇ ئىشلار ئەمدى بىز ئۈچۈن رىۋايەتكە ئايلاندى، بۇرۇن مەست بولۇپ قالساق بالىلىرىمىز تازا بىلىپ كەتمەيتتى، ئەمدى مەست بولۇپ قالساق بالىلىرىمىز خاپا بولۇپ قالىدۇ، — دېدى يالقۇن.

— ماۋۇ گېپىڭ چاك باستى، ئاداش، شائىر دېگەن شائىر ـ دە، — دېدى ئەيسا.

## 12

مەمەت دۇكان ئايرىپ چىققان ئۈچ يىلدىن بېرى سودىسى يۈرۈشۈپ قولى خېلىلا پۇل كۆرۈپ قالدى.

شەنبە كۈنى يالقۇنلار ئادىتى بويىچە يەنە بىر بوتۇلكا تۇجۇنى كۆتۈرۈپ بازاردا پەيدا بولدى، بۇ قېتىم ئۇلارنى نۇرلان دۇكىنىغا باشلىدى.

— بۈگۈن بىزنىڭ دۇكاندا ئولتۇرايلى، يالقۇن، سىلەرنى مەن مېھمان قىلىمەن، — دېدى نۇرلان.

مەمەت كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى، ئۇ كاۋاپدانىنىڭ ئالدى-دا قالدى. يالقۇن بىلەن ئەيسا نۇرلاننىڭ دۇكىنىغا كىردى.

— بۈگۈن مەدىكار بولالمايدىغان بولدۇق - دە، ئاداش، — دېدى ئەيسا يالقۇنغا قاراپ تۇرۇپ.

— تىلىڭنى تارت، مەمەت ئاڭلاپ قالىدۇ، — دېدى يالقۇن.

— سەن ئۇنداق دېگەنبىلەن مۇشۇ بازاردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىمۇ مەدىكار دەيدىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى ئەيسا.

— ئاغىنەڭ قاغا بولسا يېيىشىڭ پوق دېگەن شۇ، ئاداش، نەچچە يىلدىن بېرى مەمەتنىڭ كاۋىپىنى بىكارغا يەۋاتىمىز. ئۇن-چىلىك گەپكە چىدىمىساق قانداق بولىدۇ؟ — دېدى يالقۇن.

نۇرلان بىر قويىنىڭ پىشۇرۇلغان بېشى بىلەن بىر تەخسىدە سامسا كۆتۈرۈپ كىردى.

— ھارىقىڭ بارمۇ يا؟ — دېدى نۇرلان ئەيساغا قاراپ.

— تۇجۇدىن ئالغاچ كەلدىم، نۇرلانكا، بىز ھەپتىدە بىر تاماشا قىلىدىغان ئادەم، پارچە - پۇرات ھاراق ئىچمەيمىز-غۇ، — دېدى ئەيسا، ئۇ قولىدىكى سومكىدىن بىر بوتۇلكا ھاراق-نى ئېلىپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— پەيزىڭ بار جۇمۇ، ئۇكا، ئۆزۈڭنىڭ، — دېدى نۇرلان ئەيسانىڭ ھارىقىغا قاراپ تۇرۇپ.

— ئۇزۇن بولدى، نۇرلانكا، تۈجۈ ئىچىۋاتىمىزغۇ ئىشقىلىپ، — دېدى يالقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇڭا شېئىرلىرىڭ ياخشى چىقىۋاتىدۇ، ئاداش، — دېدى ئەيسا.

نۇرلان كۈلۈپ كەتتى:

— ئەيسا، مەمەتنى چاقىرامسەن؟ — دېدى ئۇ. ئەيسا چىقىپ مەمەتنى چاقىرىپ كىردى.

— خوش، ئەمىسە ئويۇنىمىزنى باشلىۋېتەيلى، ئۇكىلىرىم، ئەيسا، هارىقىڭنى قۇيە، — دېدى نۇرلان.

— بىر يىلدىن ئېشىپ كەتتى، يالقۇنكا، يەنە بىر شېئىرىم بار دېگەنىدىڭىز، بۈگۈن ئاشۇ شېئىرىڭىزنى ئوقۇپ بەرمەمسىز؟! — دېدى مەمەت.

— ئالدىرىما، ئۇكا، ئۇ شېئىرنى ئالدىرىماي ئوقۇيمىز، — دېدى يالقۇن.

ئەيسا هاراقنى رومكىغا قۇيۇپ، خوش دەپ ئالدى بىلەن ئۆزى ئىچتى. ئاندىن رومكىغا هاراقنى ئۆزىگە قۇيغاندەك بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇپ، نۇرلاننىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— ئويۇنىمۇ ئوينايلى، ئۇكىلار، — دېدى نۇرلان رومكىدىكى هاراقنى كۆتۈرگىنىچە چىشىغىمۇ تەگكۈزمەي گېلىغا بىراق قۇيۇۋېتىپ، — مەن يېقىندىن بېرى مەمەتنىڭ ئىشى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ قالدىم، مەمەت ھەممىمىزنىڭ ياخشى ئىنىسى، ئۇنىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئەمدى ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلمىسەك بولمايدۇ.

— ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بېرەيلى دېگەن يەرگە كېلىۋاتامسىز؟ — دېدى ئەيسا نۇرلانغا قاراپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، ئۇكا، مەمەت چوڭ بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويمىساق بولمايدۇ، — دېدى نۇرلان.

— مەمەت، بۇ يىل قانچە ياشقا كىرگەنسەن، ئۇكام؟ — دېدى يالقۇن.
— يىگىرمە بىر ياشقا كىردىم، — دېدى مەمەت.
— مەن ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە ئۆيلەنگەن، — دېدى نۇرلان.
— لايىق چىقىۋاتامدۇ؟ — دېدى يالقۇن.
— شۇنداق، ئۇكا، ئەگەر سىلەر بۈگۈن كەلمىگەن بولساڭلار، مەن سىلەرنى چاقىرتماقچى بولغانىدىم، — دېدى نۇرلان مەمەتكە قاراپ تۇرۇپ، — مەمەت، بىز ھەممىمىز سېنىڭ ئاكاڭ، بىز ساڭا كۆڭۈل بۆلمىسەك بولمايدۇ، سەھرادا بىر قىز چىقىپ قالدى، بەك ياخشى قىز، قارىسام شۇ قىز ساڭا لايىق كېلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى ساڭا دېگۈم كەلدى، ئۆتكەندە دادالىڭ بىلەن كۆرۈشكەنىدىم، يارى: مېنىڭ پىكرىم يوق، ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىڭلار، ئەگەر ماقۇل كۆرسە، توينى قىلىۋېتەيلى، ئۆيمۇ تەييار، دېگەنىدى. ئۆزۈڭ گەپنىڭ قىسقىسى، تويۇڭنى قىلىۋېتەيلىما، ئۇكا؟ — دېدى نۇرلان.
مەمەت كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.
— قىز چىرايلىقمۇيا؟ — دېدى ئەيسا قىزىقچىلىق قىلىپ.
— قىزدا ئەيىب يوق، ئۇكا، ئايدەك چىرايلىق قىز، — دېدى نۇرلان.
— ئۇ قىزنى قايسى سەھرادا دېدىڭىز، نۇرلانكا؟ — دېدى يالقۇن.
— ئايبۇلاقتا، — دېدى نۇرلان.
— خېلى يىراق يەردىكەن، — دېدى ئەيسا.
— ئانچە يىراق ئەمەس، جىق بولسا شەھەرگە ئەللىك كىلومېتىر كېلەر، — دېدى نۇرلان.
— گەپ مەمەتنىڭ ئۆزىدە، ئەگەر توي قىلغۇسى بولسا، ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈپ باققىنى ياخشى، — دېدى يالقۇن.

— مەمەت، ئوبۇكتاڭ[1] يوقما؟ — دېدى ئەيسا.
— يوق، — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.
— سەنمۇزە، ئۇكا، ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن بازاردا يۈرگەنىڭ بىلەن بەك ياۋاش ئىكەنسەن، قىز بالا دېگەننى بۈگۈن تونۇشۇپ ئەتىسى ئالىدىغان نەرسە ئەمەس ئۇ، بىر مەزگىل يۈردسەن، ياخشى كىنو قويغاندا توغرىلاپ كىنوغا ئەكىرىپ، قىز بالىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى سىناپ باقىسەن، مەن سەندەك ۋاقتىمدا بىر يىلنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە قىزنى چېكىپ بولغان، — دېدى ئەيسا.

— قىزنىڭ ئىسمى پاتىمە، ئەگەر كۆرۈشۈپ باقاي دېسەڭ، مەن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا خەۋەر قىلىمەن، — دېدى نۇرلان.

مەمەت ئويلىنىپ قالدى. يېقىندىن بېرى يارى ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم ئۆيلىنىش توغرىسىدا پاراڭ قىلغانىدى. لېكىن ئۇ دادىسىغا ئېنىق جاۋاب بەرمىگەنىدى.

نۇرلان ھەقىقەتەن مەمەتكە كۆيۈنەتتى، يارى بازاردا بولماي قالغان كۈنلىرى، ئۇ مەمەتنى قوغدايتتى. لېكىن مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە نۇرلان بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققۇسى كەلدى. ئىلگىرى، ئۇنىڭ خىيالىدا بۇ ئىش يوق ئىدى. ئۆتكەندە ئۇ ئايبۇلاققا ھەدىسىنى يوقلىغىلى چىققاندا، ھەدىسىنىڭ قىزى پاتىمەنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغانىدى. يېقىندا ئۇلارنىڭ ئۆيگە پاتىمە قىزنى سوراپ ئەلچى كىرگەنىكەن، لېكىن توينىڭ تەييارلىقى ئاساسەن پۈتۈپ بولغاندا، پاتىمەنىڭ بىر كۆزى ئالغاي ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشى مەندىن چوڭ ئىكەن، ئالمايمەن دەپ يىگىت يالتىيىۋاپتۇ. دېمىسىمۇ پاتىمەنىڭ يېشى يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى، نۇرلان بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كۆز ئالدىغا دەرھال مەمەتنى كەلتۈرۈپ، بۇ قىزنى مەمەتكە

① ئوبۇكتا — يۈرگەن، سۆزلىشىپ قويغان قىز دېگەن مەنىدە.

ئېلىپ بەرمەيمەنمۇ دەپ ئويلاپ، مۇشۇ پىلاننى تۈزگەنىدى.
— مەيلى، نۇرلانكا، كۆرسەم كۆرۈپ باقاي، — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.
— بىر ھېسابتا توي قىلىشقا ئالدىرىما، ئۇكا، توي قىلىپ، ئۇۋي تۇتۇپمۇ زېرىككەن، يەنە بىرنەچچە يىل ئوينىۋالمامسەن، — دېدى ئەيسا.
— بولارمىكىن، ئۇكا، — دېدى نۇرلان.
— ھەممە ئادەم ساڭا ئوخشاش لالما ئىت ئەمەس، — دېدى يالقۇن.
— يا ئەمدى دەيمىنا، مەمەت مۇشۇ كۈنگىچە بىرەر قىزنىڭمۇ قولىنى تۇتۇپ باقمىسا، نېمە قىلىسەن ئۇنىڭغا ئالدىراپ خوتۇن ئېلىپ بېرىپ، — دېدى ئەيسا.
— بولارمىكىن، ئۇكام ئەيساجان، — دېدى نۇرلان ئەيسانىڭ كۆزىگە مىختەك قاراپ تەنە ئارىلاش.
— بۇ ئاداش دەۋېرىدۇ، نۇرلانكا، مەمەت ئۆزى قوشۇلغاندىكىن بولدى، سىز قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا خەۋەر قىلىۋېرىڭ، قىزنىڭ پۇت - قولى ساقلا بولسا، توينى قىلىۋېتىمىز، — دېدى يالقۇن.
— خوش، بۇ بىر گەپ، يەنە بىر گەپ، مەمەت، ھازىر ئايبۇلاقتا قورۇ - جاي خېلى ئەرزان ئىكەن، ئاشۇ يەردىن قورۇ - جاي ئېلىپ قويمامسەن، ئۇكا، — دېدى نۇرلان.
— ئۇ يەردىن قورۇ - جاي ئېلىپ نېمە قىلىدۇ، نۇرلانكا، ئۇنىڭ شەھەردە قورۇ - جايى تۇرسا، — دېدى ئەيسا.
— شەھەردىكى قورۇ - جايمۇ ئالتۇن قوزۇق، ئۇكا، سەھرادىكى قورۇ - جايمۇ ئوخشاشلا ئالتۇن قوزۇق، ئەتە - ئۆگۈن شەھەردە ئىش - ئوقەت ئاقماي قالسا، سەھراغا چىقىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا ئاسان بولىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى نۇرلان.
— ھۆكۈمەت بازارنى قوييۇۋەتكىلىمۇ خېلى ئۇزۇن بولۇپ

كەتتىغۇ، نۇرلانكا، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەمدى بازارنى پىچەتلەيدى-
غان ئىش بولمايدۇ، — دېدى ئەيسا.
— ئالدىراپ بۇنداق سۆزلىمە، ئۇكا، ئاينىڭ ئون بەشى
ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ دېگەن گەپ بار، — دېدى نۇرلان.
— ئەمىسە سىز بىر كۇنى مەمەتنى ئاشۇ سەھراغا ئاچىقىپ
كىرسىڭىز بولغۇدەك، مەمەت ئۇ قىزنى ئۆزى بىر كۆرسۇن،
ئۆزى خالىسۇن، بىز ئۇنى بەك مەجبۇرلاپ كەتمەيلى، — دېدى
يالقۇن.
— شۇ، گاداي بولساڭ شەھەر تالاش دېگەن گەپ بار،
شەھەردىن ئايرىلىپ كەتسە بولمايدۇ، — دېدى ئەيسا.
بۇ سۆز نۇرلانغا خۇشياقمىدى، چۈنكى ئۇ تىرىشىپ مەمەتنى
ئاشۇ ئايبۇلاققا قىزىقتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ جىم ئولتۇرۇۋالدى.
هاراق تۈگىدى.
— يېرىم جىڭ ئەكىرەيمۇ، ئۇكىلىرىم؟ — دېدى نۇرلان.
يالقۇن نۇرلاننىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقىغانىدى.
— كۆپ ئىچمەيلى، نۇرلانكا، مۇشۇ يەردە بولدى قىلاي-
لى، — دېدى يالقۇن.
يالقۇنلار نۇرلان بىلەن خوشلىشىپ بازاردىن چىقىپ كېتىش-
تى. نۇرلان مەمەتنى دۇكىنىغا چاقىردى.
— مېنىڭ گېپىمنى ياخشى ئويلاش، ئۇكا، ھەرقانداق ئا-
دەمنىڭ يىلتىزى بولمىسا بولمايدۇ، ئەگەر سەن ئايبۇلاقتىن
ئۆيلەنسەڭ ھەم ئاشۇ يەردىن قورۇ - جاي ئېلىپ قويساڭ، ئۇ
يەرمۇ سېنىڭ ماكانىڭ بولۇپ قالىدۇ، ئۇ يەردىمۇ ئۇرۇق -
تۇغقانلىرىڭ بولىدۇ، شەھەردىمۇ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىڭ بولىدۇ،
كاۋاپچىلىق ياخشى بولغان بىلەن، قىشتا كاۋاپچىنىڭ كۇنى بەك
تەس، ئۇكا، بۇنى سەن ياخشى بىلىسەن، قىشتا سەھرادىكى
ئۆيۈڭدە مال باقساڭ، يازدا شەھەرگە كىرىپ كاۋاپچىلىق قىل-
ساڭ، ئۇ ۋاقىتتا سەندىن نوچى ئادەم يوق - دە! مەن ساڭا

كۆيۈنۈۋاتىمەن، ئۇكا، مېنىڭ گېپىمنى ياخشى ئويلاش، بالدۇر-راق ئۆيلىنىشىڭنى ياخشى، ھېلىمۇ شۇ كۇنگىچە ياخشى تۇر-دۇڭ، بازار دېگەن يامان يەر، ئۇكا، مەن سېنى ھاراق ئىچىشنى ئۆگىنىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، داداڭغا بۇ گەپلەرنى ئۆزۈڭ دە، قانداق دېسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، يارى ئاڭلىق ئادەم، ئۇ چوقۇم بۇ ئىشقا قوشۇلىدۇ، — دېدى نۇرلان.

مەمەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ روھلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ قېنى قىزىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭى بىر دۇنيا پەيدا بولدى...

— ماقۇل، نۇرلانكا، مەن دادامغا دەي، — دېدى ئۇ.

مەمەت كەچتە دۇكىنىنى تاقىغاندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىپ دادىسى بىلەن كۆرۈشتى.

— نۇرلان ئۆتكەندە بىر ياخشى قىز بار، مەمەتنىڭ تويىنى قىلىپ قويايلى، دېگەنىدى. بىراق ئۇ ماڭا سەھرادىن قورۇ - جاي ئالدىغان گەپنى قىلمىغان، ئۆزۈڭ قانداق قارايسەن، بالام؟ — دېدى يارى مەمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن.

— ئايىبۇلاققا چىقىپ باقايمىكىن دەيمەن، — دېدى مەمەت.

— چىقساڭ چىقىپ باق، يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق، پايدا قىلسا قىلىدۇكى زىيان قىلمايدۇ، ئۆزۈڭمۇ سودىغا پىشىپ قال-دىڭ، تويۇڭنى قىلساق قىلىۋېتەيلى، نۇرلاننىڭ قىشتا سەھرادا مال باقساڭ، يازدا شەھەردە كاۋاپچىلىق قىلساڭ، دېگەن گېپىمۇ بولىدىكەن، ئۇ ھەر ھالدا سېنى ياخشى كۆرىدۇ، بالام، ھەرقاند-داق ئىشىڭ بولسا ماڭا دە، مەن ھەرگىز سېنى توسمايمەن، يالقۇنكاڭلارغا كۆپرەك مەسلىھەت سال، ئۇ دېگەن شائىر، جىق ئىش بىلىدۇ، ئىشقىلىپ، مەن سەندىن رازى، بالام، ياخشى ياشا، تىرىشىپ پۇل تاپ، تۆتىنىڭ ئالدى بولساڭ، تۆتىنىڭ كەينى

بولۇپ ياشا، لېكىن غۇرۇرۇڭنى يوقاتما، ئەخمەقنىڭ ئاغىنىسى جىق دېگەن گەپ بار، كەلسە - كەلمەس ئادەملەر بىلەن ئارىلاشما، بۇغداي بىلەن چۆپنىڭ پەرقى بولغاندەك، ئادەملەرنىڭمۇ پەرقى بولىدۇ، بۇغداينى ئادەم تېرىيدۇ، چۆپ ئۆزى ئۈنۈپ قالىدۇ، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بەزى ئادەملەر مەقسەتلىك ياشايدۇ، ئۇلاردا نىشان بولىدۇ، مەن بۈگۈن ماۋۇ ئىشنى قىلىمەن، ئەتە ئاۋۇ ئىشنى قىلىمەن، ئۆگۈنلۈككە يەنە ماۋۇ ئىشنى قىلىمەن، كېلەر يىلى مۇنداق نىشانغا يېتىمەن، يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقىمەن دەپ ياشايدۇ. مانا بۇنداق مەقسەتلىك، نىشانلىق ياشىغان ئادەمنىڭ كۆڭلىرى بۇغدايدەك پارقىرايدۇ، لېكىن يەنە بىر قىسىم ئادەملەر ئۆزى ئۈنۈپ قالغان چۆپكە ئوخشاش ياشايدۇ، ئۇلاردا ئارزۇ - ئارمان بولمايدۇ، ئۇلار كىچىك بالىنىڭ قولىدىكى لەگلەككە ئوخشاش، شامال قاياققا چىقسا لەگلەك شۇياققا توغرىلايدۇ. يامغۇر ياغسا دالدىغا بېرىۋېلىشنى بىلمەيدۇ. ئاللانىڭ: «يارىتىشنى ياراتتىم، يارىلىش ئۆزۈڭدىن» دېگەن سۆزىنى چۈشىنەلمەيدۇ، پۇل تاپالمىسا خۇدايىم ماڭا بەرمىدى، دەپ قارايدۇ، مەن بەختسىز بولۇپ قالدىم دەپ قارايدۇ. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاۋۋال پۇرسەتكە ئىگە بولۇپ تۇرىدىغان ئادەملەر ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ، ئادەملەر بىلەن چىقىشىپ ياشاش كېرەك، يۈز تېپىش كېرەك، بېرىشنىمۇ بىلىش كېرەك، ئېلىشنىمۇ بىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، كىشىلەر بىزنى قوللايدۇ، بىر نېنىمىز ئىككى بولىدۇ. مەن ئۆز ۋاقتىدا سېنى قۇربان داداڭدىن تالىشىپ بېقىۋالغاندا، بەزىلەر يارى بالىنى ئەمەس، ئاشۇ بالىغا قالدۇرماقچى بولغان قورۇ - جاينى كۆزلەۋاتىدۇ، جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا، دەپ گەپ - سۆز تارقىتىپ يۈردى. مەن ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمىدىم، چۈنكى مېنىڭ نىيىتىم دۇرۇس، ئىچكەن سۈيۈم پاكىز ئىدى.

مەن سىنى قۇربان داداڭنىڭ قېشىغا سوراپ كىرگەندە تەرەت بىلەن ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسىگەن، شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدىم، يىللار ئۆتتى، مانا ھازىر مەن داداڭدىن ساڭا قالدۇرغان ئاشۇ قورۇ - جاينى ئۆزۈڭگە بېرىۋەت-تىم، چۈنكى ئۇ ماڭا بىر ئامانەت ئىدى، مەن نېمە ئۈچۈن ساڭا دۇكان ئايرىپ بېرىشكە ئالدىرايمەن؟ مەن ئاشۇنداق چاكىنا ئا-دەملەرگە ئۆزۈمنىڭ پاكلىقىنى كۆرسەتمەكچى، مەن ئۇلارغا ئە-مەلىيىتىمنى كۆرسىتىشكە ئالدىرىدىم! ئەمىسە مېنىڭ سېنى بېقىۋېلىشىمدىكى مەقسەت نېمە؟ مەن جامائەت ئىچىدە يۈز تاپماق-چى، ئابرۇيلۇق بولماقچى. دېمەك، سەن ماڭا بىر پۇرسەت بولدۇڭ، بۇ ماڭىلا ئەمەس، مېنىڭ جەمەتىم ئۈچۈنمۇ شان - شەرەپ كەلتۈرىدۇ. مەن ساڭا مۇشۇ گەپلەرنى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى دەيمەن دەپ يۈرگەن، مانا بۈگۈن ۋاقتى - سائىتى كېلىپ قاپتۇ، مۇشۇنداق گەپ، بالام، بۇنداق دېسەم، دادام بەك ئالىيجاناب ئادەم ئىكەن دەپ قالمىغىن، مەنمۇ چاغلىق، ھازىر ئويلىسام پۇشايمان قىلىمەن، ئۆز ۋاقتىدا سېنى ئاپاڭ مەكتەپكە بېرەيلى دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان، مەن ئۇنىمىغانىدىم، مەن مەمەت-نى يانتاياق قىلىمەن، ئۇنى يېنىمدىن ئايرىمايمەن دەپ ئۇنىمى-غان، ھازىر ئويلىسام پۇشايمان قىلىمەن، كىم بىلىدۇ، بالام، بۇ جاھان ھېچكىمگە باقىمەندە ئەمەس، چوڭنى ئاكا دە، كىچى-كىنى ئۇكا دە، نىيىتىڭ دۇرۇس بولسۇن، گۈللىنىپ كېتىسەن...

مەمەت ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى...

## 13

ۋاقىت بىلەن تۇرمۇش مەمەتنى ئۆزگەرتمەكتە ئىدى. مەمەت سۆزمەن، تېتىك، چاققان يىگىت بولۇپ يېتىلدى، چارشەنبە

كۇنى ئۇ نۇرلان بىلەن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئايبۇلاققا يېتىپ كەلدى. نۇرلاننىڭ ھەدىسى گۇلنۇر، يېزنىسى خىزىر ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.

مەمەت كەچلىك تاماققا ئولتۇرغاندا، پاتىمەنى كۆردى. پاتىمە سېمىز، ئۇستىخانلىق قىز ئىدى. مەمەت پاتىمەنىڭ كۆزىگە قاراپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. «بىر كۆزى ئالىغاي ئىكەن- دە!» دەپ ئويلىدى مەمەت ئىچىدە. پاتىمە مېھمانلارغا تاماق ئەكىردى، مېھمانلارغا چاي قۇيۇپ بېرىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مەمەتنىڭ دىققىتى پاتىمەدە ئىدى، نۇرلان ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ ئولتۇردى.

— ھە، نۇرلان، بۇ ئىنىمىزنىڭ ئېتىنى مەمەت دېدىڭ - ھە، — دېدى نۇرلاننىڭ يېزنىسى خىزىر ھېچ ئىشنى بىلمىگەن كىشىدەك، ئەمەلىيەتتە ئۇ تاماق ئالدىدا نۇرلاندىن ئۇلارنىڭ مەق- سىتىنى بىلىپ بولغانىدى.

— شۇنداق، خىزىركا، بۇ ئىنىمىز مەن بىلەن بازاردا بىللە ئوقەت قىلىدۇ، ئۆزى بەك ياخشى بالا، ئىككىمىز ئاكا - ئىنى- دەك دېگىنە، — دېدى نۇرلان.

مەمەت ئازادە ئولتۇراتتى. ئۇ خىزىرگە قاراپ كۇلدى، بۇ- رۇنلاردا بولغان بولسا ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرغىنى ئولتۇر- غانىدى.

— ئەلھەمدۇلىللا، خوش، ئىش - ئوقىتىڭىز قانداق، ئىنىم، — دېدى خىزىر كۇلۇپ تۇرۇپ.

— ياخشى، خىزىركا، كۇندىن - كۇنگە ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى مەمەت.

— مەمەتنىڭ سودىسى ھەممىمىزنىڭ سودىسىدىن ياخشى، ئۇ ئۇچەي كاۋېپى ساتىدۇ، خىزىركا، ئۇنىڭ چۆپقەتلىرى ناھاي- تى جىق، بەزىلىرى ئەتىگەندە كېلىپ يەپ كېتىدۇ.

— شەھەر دېگەن نېمىلا قىلمىسا شەھەر - دە، بىزنىڭ بۇ

سەھرادا ئـۈچەي كـاۋىپى ساتسا ھېچكىم يېمەيدۇ، — دېدى خىزىر.

— ئۆزىڭىزنىڭ ئـەھۋالى قـانداق، خىزىركا، ئېتىزدىكى زىرائەتلەرنى ۋاقتىدا يىغىۋالغانسىز؟ — دېدى نۇرلان.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، ئۇكا، يېقىندىن بېرى ھۆكۈمەت باي بولۇڭلار دەپ بەك تەشۋىق قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، بىراق يەر تېرىپ باي بولغىلى بولىدۇ دەمسىز، دېھقانچىلىق دېگەندە قورساقتىن باشقا ئىشقا ئېشىنغىلى بولمايدىكەن، بۇ يىل قىشتا مال بورداپمەـ كىن دەيمەن، تەييارلىقىممۇ پۈتۈپ قالدى، ھە دېگەندە قوتانغا ئەللىك تۇياق قوي سولايمىكىن دەيمەن، مال باقمىساق باي بولـ غىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇكا، تاشيولنىڭ بويىدىكى كەتـ كەن ئېتىزلىقنى بىلىسەنغۇ، يېزىلىق ھۆكۈمەت مال بورداپمىز دېگۈچىلەرگە ئۈچ مودىن يەر كېسىپ بەردى، ئۇنداقلارنى كەسـ پىي ئائىلە دەپ قويىدىكەن، مەنمۇ ئۈچ مو يەر ئالدىم، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتىيازدا كۆچۈپ چىقىمەن، ھازىر دەسمايىدىن قىينىلىـ ىۋاتىمىز، بانكىدىن قەرز ئالايلى دېسەك جىق بەرمەيدۇ، مۇشۇ قىيىنچىلىق بار ئەمدى، — دېدى خىزىر.

— ئىككىمىز شېرىكلىشىپ مال بوردايلىمۇيا؟ — دېدى نۇرلان.

— ئۇنداق قىلساققۇ بەك ياخشى بولاتتى، ئۇكا، — دېدى خىزىر جانلىنىپ.

— بولمىسا شۇنداق قىلايلى، خىزىركا، مەن يېنىمدا بار پۇلنىڭ ھەممىسىنى بېرەي، ئىككىمىز شېرىكلىشىپ مال بوردايـ لى، — دېدى نۇرلان.

— مانا، ماۋۇ گېپىڭ ياخشى بولدى، ئۇكا، ئەكەل قولۇڭـ نى، — دېدى خىزىر. نۇرلان قولىنى ئۇنىڭغا بەردى، خىزىر ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، — ئەمىسە گېپىمىز گەپ، ئۇكا، — دېدى.

— كېپىمىز گەپ، ئاكا، — دېدى نۇرلان.

ئەسلىدە بۇ ئۇلارنىڭ چۈشگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىش ئىدى، ئۇ مەمەتنى مۇشۇ ئىشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، تەرەببالىلا ھەدىسىنىڭ يولدىشى بىلەن شېرىكلىشىپ قالدى.

— خوش ئەمىسە، خىزىركا، مەنمۇ ئازراق گەپ قىلغاچ تۇراي، بۇ قېتىم مەن مەمەتنى ساڭا تونۇشتۇرغىلى ئاچىققان، يېقىندا مەمەت بىلەن مال بورداش توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالغانىدىم، ئۇنىڭغا ئايبۇلاقنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغانىدىم، مەمەت ئاشۇ سەھراغا بېرىپ كۆرۈپ باققان بولساق دەپ قىزىقتى، شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ يەرگە چىقىپ قالدۇق. ياردىمىڭ بولسا ئايىما، ئاكا، بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانىدۇ، — دېدى نۇرلان.

— بەك ياخشى بوپتۇ، ئۇكا، بۇ يەرنى سىلەردەك ئەزىمەتلەر چىقىپ گۈللەندۈرمىسە بىزنىڭ مادارىمىز يەتمەيدۇ، بىزدە يەر بولغان بىلەن دەسمايە يوق ئەمەسمۇ، ھازىر بەزى دېھقانلار كونا ئۆي - ماكانلىرىنى سېتىۋاتىدۇ، مال بوردايمىز دەپ ئالغان يەرگە يېڭى ئۆي سېلىۋاتىدۇ، پۇللا بولسا ھەممە ئىش ئوخشايدىكەن، ئۇكا، — دېدى خىزىر.

— مەن مەمەتكە مۇنداق دېدىم، قارا، خىزىركا، يازدا شەھەردە كاۋاپچىلىق قىل، قىشتا ئايبۇلاقتا بورداقچىلىق قىل، قانداق دەپتىمەن، ئاكا؟ — دېدى نۇرلان ئاكىسىنى گەپكە قىزىقتۇرۇپ.

— ناۋاتتەك گەپ قىلىپسەن جۇمۇ، ئۇكا، بىزنىڭ بۇ ئايبۇلاقتا خىزىرنىڭ كۆزى چۈشكەن يەر، قارىمامسەن، زېمىنى مۇنبەت، سۈيى مول، بۇ يەر شەھەر بىلەن ئاقمازارنىڭ ئوتتۇرىسى ئەمەسمۇ! شەھەرگە نەق ئەللىك كىلومېتىر، ئاقمازارغىمۇ نەق ئەللىك كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىلىق ھۆكۈمەت تاشيولنىڭ ئۈستىدىن مال بازىرى قىلىشقا بەش يۈز مو يەر ئاجرىتىپ بەردى، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ يەر بەش - ئون يىلغا

قالماي ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشيولىنىڭ تۆۋەن تەرىپى كەتكەن بىپايان دەريا، دەريادا پەۋەس بېلىق بار، بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، توخۇ باقىدىغانلار جىق، كۈندىگە مايتاغ، قاراماي، ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن دېگەندەك شەھەرلەرگە ئون نەچچە ماشىنا توخۇم يۆتكەيدۇ، ئەتە - ئۆگۈن مال بازىرى تەرەققىي قىلىپ كەتسە، تەبىئىيلا بۇ يەردە يەنە ئاشلىق بازىرى شەكىللىنىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ بۇ يەر جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ دېگەن گەپ، ئىشقىلىپ، ياخشى ئويلاش. مەمەت ئۇكا، ئەگەر مۇشۇ يەردىن بىرەر قورۇ - جاي ئېلىپ قويىمەن دېسەڭ، مانا مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن، يىراقنى ئويلا، ئۇكا، — دېدى خىزىر.

خىزىرنىڭ گېپى مەمەتكە خېلى تەسىر قىلدى، ئۇ خۇشخۇي هالدا نۇرلانغا قارىدى.

— ئىشقىلىپ، ياخشى ئويلاش، ئۇكا، خۇدايىم بەرسە پەيغەمبىرىم غىلاڭ قىلالمايدۇ دېگەن گەپ بار، ئەگەر مۇشۇ يەردىن ئۆي - ماكان تۇتۇپ قويساڭ ئىشىنىڭ ئوڭغا تارتقىنى شۇ، — دېدى نۇرلان.

— شۇنداق، نۇرلانكا، — دېدى مەمەت، ئۇنىڭ كۆزلىرى پاقىراپ كەتكەندى.

ئۇلار ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى. نۇرلان بىلەن خىزىر بىر - بىرىگە ماسلىشىپ، مەمەتنى ئاساسەن يۇمشىتىپ بولدى، ئۇلار خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئارام ئېلىپ ياتقان بولسىمۇ، مەمەتنىڭ خېلى بىر چاغقىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن، خىزىر ئۇلارنى باشلاپ مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە باردى، ئۇيەردە جايىمىزنى ساتىمىز دەپ يۈرگەن بىرنەچچە دېھقانلار بىلەن كۆرۈشتى، چۈشتە نۇرلاننىڭ ھەدىسى گۈلنۇر ئوخشىتىپ لەڭمەن ئەتكەندى، ئۇلار تاماق يەپ

بولغاندىن كېيىن، نۇرلان ئورنىدىن تۇرۇپ، مەمەتكە:
— مەن ئىككى ـ ئۈچ قوي ئالماقچىدىم، ئۇكام، بازاردا گۆش بەك ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆزۈم بىرنەچچىنى سويۇپ ئىشلىتەي دېگەن، بىرى، ئەرزان چۈشىدىكەن، يەنە بىرى، باش ـ پاچاقلىرى ئۆيدە قالىدىكەن، باللار بىرنەچچە كۈنگىچە تويىدىكەن، ئاكامدىن سورىسام مىجىت دېگەن بىر كىشىنىڭ ساتىدىغان قويلىرى بار دەيدۇ، مەن بېرىپ شۇ ئادەمنىڭ قويلىرىنى كۆرۈپ كېلەي، ئەگەر باھادا چىقىشىپ قالساق، ئىككىنى بىراقلا ئالدىمەن، سەن بىردەم ئارام ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇر، مەن قايتىپ كېلىپلا ماڭىمىز، — دېدى نۇرلان.
— مەنمۇ بارايمۇ يا؟— دېدى مەمەت.
— سەن دېگەن ئۈچەي كاۋاپچى ساتىدىغان تۇرساڭ، گۆشنى نېمە قىلىسەن، — دېدى نۇرلان.
— ماقۇل ئەمىسە، نۇرلانكا، سىز بېرىپ كېلىڭ، مەن ئۆيدە ئولتۇرغاچ تۇراي، — دېدى مەمەت. ئەسلىدە نۇرلاننىڭ قوي سېتىۋېلىش نىيىتى يوق ئىدى. ئۇ مەمەت بىلەن پاتىمەگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، مۇشۇ گەپنى توقۇپ چىققانىدى.
نۇرلان ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پاتىمە ئۆيگە چاي كۆتۈرۈپ كىردى، ئۇ مەمەتنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ئۇنىڭغا چاي قويدى.
— چاي ئىچىڭ، — دېدى پاتىمە كۈلۈپ تۇرۇپ. پاتىمە ئېگىشكەندە مەمەتنىڭ كۆزى ئۇنىڭ چىرايلىق كۆكسىگە چۈشۈپ قالدى.
— ئۆزىڭىزمۇ ئولتۇرۇڭ، — دېدى مەمەت پاتىمەگە قاراپ.
پاتىمە كۈلۈپ تۇرۇپ دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭ چېچى پارقىراپ تۇراتتى.

— سىزنىڭ ئېتىڭىز پاتىمەغۇ دەيمەن، — دېدى مەمەت سەل تارتىنىش ئارىلاش.

— ھەئە، مېنىڭ ئېتىمنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دېدى پاتىمە بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي تۇرۇپ.

— چۈشتە ئاپىڭىز سىزنى چاقىرغاندا بىلىۋالدىم، تونۇشۇپ قالايلى، مېنىڭ ئېتىم مەمەت، مەن نۇرلانكام بىلەن بىر بازاردا كاۋاپچىلىق قىلىمەن، نۇرلانكام ئايبۇلاق بەك ياخشى يەر، مۇشۇ يەردىن بىرەر قورۇ - جاي ئېلىپ قوي، ئۇكا، دېگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنى كۆرگىلى چىققانىدۇق، — دېدى مەمەت.

— ھە، بىرنەچچە كۈن تۇرامسىلەر؟ — دېدى پاتىمە.

— نۇرلانكام قوي كۆرگىلى كەتتى، ھازىر كەلسىلا ماڭىمىز، — دېدى مەمەت.

— مەن دېرىزە پەردىسىنى ياخشى تىكىمەن، ئەگەر سىز بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلسىڭىز، مەن ئۆيىڭىزگە دېرىزە پەردىسى تىكىپ، چىرايلىق رەشلىيە ئىشلەپ بېرىمەن، — دېدى پاتىمە يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ، ئۇ پۇتى بىلەن يەرنى تاتىلاپ پۇتى ئاستىنى كىچىككىنە ئازگال قىلىپ قويغانىدى.

— مەن بۇ يەرنى كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم، خۇدايىم بۇيرۇسا مۇشۇ يەردىن قورۇ - جاي ئالىمەن، شۇ ۋاقىتتا ئىككىمىز دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىمىز، — دېدى مەمەت يەرگە قاراپ تۇرۇپ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەدەنلىرى ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى.

— پاتىمە، — قورۇدا پاتىمەنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاپام چاقىرىۋاتىدۇ، مەن چىقاي، — دېدى پاتىمە. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

مەمەت ناھايىتى خۇشال ئىدى، ئۇ بايام كۆزىنى پاتىمەدىن ئۈزمەي ئولتۇردى، پاتىمەنىڭ تاتلىق ئاۋازى ئۇنى مەست قىلىپ بولغانىدى...

نۇرلان ئىشكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى.

— ئىشنى پۈتتۈردۈم، ئۇكا، ئىككى قوي ئالدىغان بولدۇم، ئىككى كۈندىن كېيىن ئاكام ئەكىرىپ بېرىدىغان بولدى، — دېدى نۇرلان.

— ياخشى بوپتۇ، نۇرلانكا، بۇ يەر بەك ياخشى يەرئىكەن، ھېلىقى قادىر دېگەن ئادەمنىڭ جايىنى ئالايمىكىن دەيمەن، — دېدى مەمەت.

— بولىدۇ، ئۇكا، شەھەرگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن داداڭغا مەسلىھەت سال، ئاندىن ئىككىمىز يەنە بىر چىقايلى، — دېدى نۇرلان.

— ھەر ھالدا ئىشىمىزدا نەتىجە بار، ئۇكا، مەن قوي ئالدىم، سەن قورۇ - جاي ئالىدىغان بولدۇڭ، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا تويۇڭنى قىلىپ قويساق، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشىڭ پۈتۈپ كېتىدۇ، — دېدى نۇرلان.

نۇرلاننىڭ ھەدىسى ئۇلارنىڭ يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىككىسىگە ئىككى چىنە قايماق جايلاپ بەردى.

— خوش ئەمىسە، ھەدە، ئاكا، باللارنى ئېلىپ بىز تەرەپكىمۇ ئۆتۈڭلار، — دېدى نۇرلان ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋېتىپ.

— رەھمەت، خىزىركا، خۇدايىم بۇيرۇسا نۇرلانكام بىلەن يەنە چىقىمىز، — دېدى مەمەت.

— قارشى ئالىمىز، ئۇكا، — دېدى خىزىر كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئاپتوبۇس تاشيولدا توختايتتى، ئۇلار بەش كىلومېتىر يول ماڭغاندىن كېيىن، ئاندىن تاشيولغا يېتىپ كېلەتتى. كۈزنىڭ مەيىن شاملى زىرائەتلەرنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى دىماغلارغا يېتىپ ئۇرۇپ تۇراتتى، نۇرلان مەمەتكە:

— قولۇڭدىكى سومكىنى مەن بىردەم كۆتۈرۈۋالايما؟ — دېدى.

— رەھمەت، نۇرلانكا، سىزنى ئاۋارە قىلماي، — دېدى مەمەت.

— ھە، پاتىمەنى كۆردۈڭما؟ — دەپ سورىدى نۇرلان مەمەتكە قىزىقىپ.

— كۆردۈم، بەستلىك قىز ئىكەن،

— ياردىما؟

— يارىشىغۇ ياردى، بىراق بىر كۆزى ئالىغاي ئىكەن، — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ئۇكاموي، ئالىغاي بولسا نېمە بوپتۇ؟ پۇت - قولى ساق بولسا بولدىغۇ! قىز بالا دېگەن بىرنى تۇغقاندىن كېيىن ھەممىسى ئالىغاي بولۇپ كېتىدۇ.

— ئەمدى قىز بالا بولغاندىن كېيىن چىرايلىقراق بولغىنى ياخشىمىكىن دەيمىنا، نۇرلانكا، — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سەن تېخى نادان، ئۇكا، خوتۇن دېگەن ئامراقلىقىڭ كەلگەندە سۆيگۈدەك، خاپا بولغاندا تىللاشقا تىلىڭ بارغۇدەك بولسا بولىدۇ، چىرايلىق خوتۇننى ئېلىۋېلىپ كۆزىڭ ئىچىگە قاراپ ئۆتكۈلۈكمۇ. بىر كۆزى ئالىغاي بولسا يەنە بىر كۆزى ساق ئىكەنغۇ، بىر كۆزى ساق بولسا بولمىدىمۇ، بىر جېنىڭغا بىر كۆزى يېتەر، ئۇكا؟! — دېدى نۇرلان كۈلۈپ تۇرۇپ.

مەمەت ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى.

— ھە كۈلۈپ كەتتىڭغۇ؟

— سىز بەك قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، نۇرلانكا، — دېدى مەمەت.

— كۈلمە، ئۇكا، مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن، چىرايىنى ئەمەس، ئادەمنى تاللاش كېرەك، ئۇكا، مانا مەنمۇ خوتۇننى سەھرادىن ئالغان، سەھرانىڭ خوتۇنلىرى ياۋاش بولىدۇ، كىيىم ئېلىپ بەرمىدىڭىز دەپ جېدەل قىلمايدۇ، بارىغا قانائەت قىلىدۇ، ئېرىنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىنى سۈرۈشتە قىلمايدۇ، شەھەرنىڭ

خوتۇنلىرىچۇ؟ ئەتىدىن كەچكىچە ئەرلىرى بىلەن تەڭ تۇرغىنى تۇرغان بىغەرەزلەرنىڭ! — دېدى نۇرلان.
— شەھەرگە بارغاندىن كېيىن ئەھۋالنى دادامغا ئېيتاي، يا دادام بىللە چىقار، يا ئىككىمىز چىقارمىز، ئاشۇ قادىر دېگەن ئادەمنىڭ جايىنى ئالايلى، نۇرلانكا، — دېدى مەمەت.
— خۇدايىم بۇيرۇسا دە، ئۇكا، — دېدى نۇرلان. نۇرلاننىڭ چىرايىدا خۇشاللىق كۈلكىسى پەيدا بولدى.
— خۇدايىم بۇيرۇسا، — دېدى مەمەت.

## 14

— ئەركىن - ئازادە ياشا، بالام، ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھان بۇ، ئۇ قىز كۆزۈڭگە ئىسسىق كۆرۈنگەن بولسا، تويۇڭنى قىلىـ ۋېتەيلى، ئايبۇلاق ياخشى يەر، مەن بىرنەچچە قېتىم چىققان، ئەگەر ئاشۇ يەردە بىر نېنىڭنى ئىككى قىلىشقا كۆزۈڭ يەتسە، ئاشۇ يەرگە چىقىپ تىرىكچىلىك قىلساڭمۇ بولىدۇ، لېكىن شەـ ھەرنى، بازارنى تاشلىۋەتسەڭ بولمايدۇ، بىزنىڭ تېگىمىز دېھقان ئەمەس، ئۇلارغا ئوخشاش تېرىيدىغان يېرىمىز يوق، بازاردىن ئايرىلىپ قالساق ئىشىمىز چاتاق، شۇڭا بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىـ مىز ئاتاڭمۇ بازار، ئاناڭمۇ بازار دېگەن، — دېدى يارى مەمەتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن.
— ماقۇل، دادا، مەندىن خاتىرجەم بول، قانداقلا ئىش قىلماي، چوقۇم ئۆزۈمگە چىڭ بولىمەن، — دېدى مەمەت.
— يارايسەن، بالام، مېنىڭ گەپلىرىمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت، مەن نېمە ئۈچۈن سېنىڭ ئون سەككىز يېشىڭدا ئوقۇتىڭنى ئايرىپ قويىمەن؟ مەن سېنى مۇستەقىل ياشىسۇن دېمەكچى، سەن مېنىڭ مۇشۇ گېپىمنىڭ تېگىگە يەت، نۇرلان يامان نەرسە ئەمەس، ئۇ سېنى خاتا يولغا باشلىمايدۇ. ئايبۇلاقتا نۇرلان ئىكـ

كىڭلار يەنە بىر چىقىپ كېلىڭلار، ئاشۇ قورۇ - جايىنى ئالغۇڭ كەلگەن بولسا ئال، پاتىمە دېگەن قىز بىلەن مىجەزىڭ چىقىشىپ قالغان بولسا ئەلچى ئەۋەتەيلى، تويۇڭلارنى قىلىپ قويايلى، ئۇ ۋاقىتىدا شەھەردىمۇ، سەھرادىمۇ ئۆيۈڭ بولىدۇ، يامىنى كەلسە شەھەرنىڭ نەرسىسىنى سەھراغا ئاچىقىسەن، سەھرانىڭ نەرسە- سىنى شەھەرگە ئەكىرىسەن، يەنە ئوخشاشلا بىر نېنىڭ ئىككى بولۇۋېرىدۇ، — دېدى يارى.

— ماقۇل، دادا، — دېدى مەمەت.

ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتا، يارى ئايالىغا مەمەتنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، يارى، سەھرادىن قىز ئېلىپ نېمە كېلىپتۇ ئەمدى. مەن سىزگە نەچچە قېتىم دېدىمغۇ، بىر- نەچچىسى قىزىمىزنى بېرەيلى دەۋاتامدۇ! — دېدى دىلبەر خاپا بولۇپ.

— چاچرىما، خوتۇن، بۇ ئىشتا مەمەتنىڭ ئاغزىغا قارىمى- ساق بولمايدۇ، ئۇنىڭمۇ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلمىساق بولماس، ئەگەر ئۆزۈڭنىڭ قورسىقىدىن چىققان بالا بولغان بولسا، ئۇنىڭ يولى باشقا ئىدى، — دېدى يارى.

— ئەمىسە نۇرلان نېمىدەپ ئارىلىشىدىكەن؟ مەمەتنى بىز بېقىپ چوڭ قىلدۇقمۇ، نۇرلانمۇ! — دېدى دىلبەر تېخىمۇ خاپا بولۇپ.

— ئاستا گەپ قىل دەۋاتىمەن، خوتۇن، — دېدى يارى.

— بالىنى بىز بېقىپ چوڭ قىلايلى، تويىنى خەق قىلسۇن- مۇ، قانداق ئىشكەنتاڭ بۇ! — دېدى دىلبەر يارىغا تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇپ.

— ئاز گەپ قىل، خوتۇن، تويىنى يەنە بىز قىلىمىز، — دېدى يارى.

— شەھەردە نى - نى گۈلدەك چىرايلىق قىزلار تۇرسا،

سەھرانىڭ تېزەكلىرىگە ئاشىق بولۇپ يۈرگىنىنى ئاۋۇ بالىنىڭ، ئاشۇ نۇرلان دېگەن بىرنېمە بېشىنى ئايلاندۇردى ساقامنىڭ، — دېدى دىلبەر.

— ئاز گەپ قىل دەۋاتىمەن، خوتۇن، ئەگەر سەن يەنە مۇشۇنداق قالايمىقان سۆزلىسەڭ، تويىنىڭ ھېچقانداق ئىشىغا ئا-رىلاشتۇرمايمەن سېنى، — دېدى يارى.

دىلبەر خاپا بولۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

شەنبە كۈنى يالقۇن بىلەن ئەيسا كاۋاپ بازىرىدا يەنە پەيدا بولدى. ئۇلار «شەنبىدە بىر ناخشا» ئادىتى بويىچە، يەنە ئىچىشنى باشلىدى. مەمەت ئۆزىنىڭ ئايپۇلاقتىن ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىنى ھەمدە ئۇ يەردىن بىر قورۇ - جاي سېتىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن-لىكىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى. مەمەتنىڭ بۇ خىيالىنى ئالدى بىلەن يالقۇن قوللىدى.

ئارىدىن يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەمەت نۇر-لان بىلەن ئايپۇلاققا چىقىپ، ھېلىقى قادىر دېگەن دېھقاننىڭ ساتماقچى بولغان قورۇ - جايىنى سېتىۋالدى.

كۈز ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. مەمەت شەھەردىكى دۇكىنىنى شاگىرتى ساۋۇتجاننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۆزى سەھراغا چىقىپ يېڭى سېتىۋالغان ئۆيىدە تۇرماقچى بولدى، چۈن-كى ساۋۇتجاننىڭ قولى ئىشقا كېلىپ قالغانىدى، ئەڭ مۇھىمى، نۇرلاننىڭ پىكرى بويىچە، تويغا تەييارلىق قىلىشى كېرەك ئىدى.

مەمەت دۇكاننى ساۋۇتجانغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، يولغا چىقىش-نىڭ ئالدىدا، يالقۇن بىلەن ئەيسانى چاقىرىپ مېھمان قىلىۋالدى.

— بىز سېنى قوللايمىز، ئۇكا، ياخشى بوپتۇ، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇۋال، بالا تاپ، سەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش مەيدەڭ-

ـنى كېرىپ ياشىشىڭ كېرەك، — دېدى يالقۇن مەمەتنى قوللاپ،
— ئەمدى مەن دەيمەن ـ دە، خوتۇننى ئېلىپ، شەھەردە تەييار ئۆيۈڭ بولغاندىن كېيىن بىرەر يىل تۇرۇپ، ئاندىن ئۇ يەرگە چىقساڭمۇ كېچىكمەيتتىڭغۇ، ئۇكا، — دېدى ئەيسا.
— ھېلىمۇ ئۇ يەرگە چىقىپ يېتىۋالمايدۇ، ئاداش، تويىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدىغان گەپ، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن قىزنى كۆچۈرۈپ كىرىدىغان گەپ ئەمەسمۇ! — دېدى يالقۇن.
— ئاڭلىسام ئۇ پاتىمە دېگەن قىزنىڭ بىر كۆزى ئالىغاي ئىكەن دەيدىغۇ؟ — دېدى ئەيسا يالقۇننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.
— ئالىغاي بولسا نېمە بوپتۇ؟ مەمەتكە يارىسا بولدىغۇ! ئۆزىگە يارىغان خانغا ياراپتۇ دېگەن گەپ بار، — دېدى يالقۇن.
— شۇنداق بولسىمۇ ئەمدى قىز ئالغاندىن كېيىن چىرايلىقـ ـنى ئېلىش كېرەك ـ دە! يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە، ئاغزى ـ بۇرنى قاناپتۇ دېگەندەك بىر ئىش بولۇۋاتامدۇ نېمە، نۇرلانكام بۇ ئىشتا نېمانچە قىزىپ كېتىمدۇ دېسەم، ئەسلىدە ئۇلار تاپقان قىزنىڭ بىر كۆزى ئالىغاي ئىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى ئەيسا. ئەيسانىڭ چىرايىغا نارازىلىق ئالامەتلىرى يۈگۈرگەندى.
— ئەمىسە، ئاداش، سەن چىرايلىقراقتىن بىرنى تاپىماـ ـسەن؟ تويىنى سېنىڭ پىكرىڭ بويىچە قىلايلى؟ ! — دېدى يالقۇنمۇ گەپتىن قالماي.
— ھازىر دېگەن يېڭى زامان، ئاداش، قىز تونۇشتۇرۇپ يۈرىدىغان چاغ ئەمەس، مەمەت ئۆزى تاپىمدۇ! — دېدى ئەيسا ئالدىدىكى ھاراقنى گۈپپىلا قىلىپ ئىچىۋېتىپ.
— گەپنى ئاز قىلايلى، ئاداش، مۇشۇ كۈندە قۇرۇق گەپ ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ئادەم يوق، ھەي، ياخشى بوپتۇ، مۇبارەك بولسۇن دېيىشنى بىلمەمسەن؟ سەنزە، ئاداش، كىم بىرنېمە دېسە تاتىلاپلا تۇرىدىكەنسەن، — دېدى يالقۇن.

— مەنمۇ بىر ئىشلاردا ياخشى بوپتۇ، سىنىڭ راست ئاداش دەپ قازان قاينىتىشنى بىلمەن، ئاداش، بىراق راست گەپ قىلمىساق بولمايدۇ - دە! — دېدى ئەيسا.
— بۇ جاھان تېخى ئۇزۇن، ئاداش، راست گېپىڭنى قىلىۋا-لىسەن، ھازىرچە مۇبارەك بولسۇن دەپ تۇرمامسەن، — دېدى يالقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ھەر ھالدا ئۆكىمىز ئالدىراپ كەتتى، مۇشۇ كۈندە قارى-سام ھەممە ئادەم سىنى مۇبارەكلەپلا كېلىۋاتىدۇ، مەن بولسامۇ ئازراق سوغۇق سۇ چېچىپ قوياي، سەھراغا چىققاندىن كېيىن، ئەتە - ئاخشاملىرى قىزىڭنى ئۆستەڭ بويىغا ئاپىرىپ، چېچەنمۇ، چېچەن ئەمەسمۇ چېكىپ باقمامسەن. چېچەن ئەمەس قىزلار شە-رەت بىلمەيدۇ، شەرەت بىلمىسە ئۆيدە تەس - دە، ئۇكا، ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا بەزى ئىشلار شەرەت بىلەن پۈتىدۇ ئەمەسمۇ، ئەگەر ئايالىڭ شەرەت بىلمىسە، بەزى ۋاقىتلاردا قېيناپاڭنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويىدۇ - دە ئۆلگىنىڭ شۇ ئەمەسمۇ! — دېدى ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ.
يالقۇن بىلەن مەمەت كۈلۈپ كەتتى.
— سەن ياخشى ئىش ئۆگىتىدىكەنسەن مەمەتكە، — دېدى يالقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ئېشەك ئالمايمىز، ئاداش، بىز، ئۆمۈر سودىسى ئەمەس-مۇ بۇ! — دېدى ئەيسا، — مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىدىڭما، ئۇكا؟
— ئاڭلىدىم، ئەيساكا، — دېدى مەمەت كۈلۈپ.
— بۇ ئاكاڭ بەك يامان، ئۇكا، ئۆز ۋاقتىدا ئايالىنى تارازىغا سېلىپ تارازىلاپ ئالغان، — دېدى يالقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.
— سەنمۇزە، ئاداش، بارغانسېرى چۈپەيلىشىپ كېتىۋاتىد-سەن، تارازىلاپ دېگەن قانداق گەپ ئۇ، مىسقاللاپ دېمەمسەن، ئۆز ۋاقتىدا قېرى خوتۇن بىر تىلىم قوغۇننى يەپ بولغۇچە ئاكاڭ قارىغاي بىر مەھەللىنىڭ قىزلىرىنى تارازىلاپ بولاتتى...، — دېدى ئەيسا.

يالقۇن بىلەن مەمەت قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.
— ئەمدى بولدى، ئاداش، ئۈچۈپ كېتىپ قالما يەنە، — دېدى يالقۇن.
— يالقۇنكا، ھېلىقى شېئىرىڭىزنى ئوقۇپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى مەمەت.
— ئۇ ئەسىرىم تېخى پۈتمىدى، ئۇكا، ئۇ شېئىرنى داۋاملىق ئىشلەۋاتىمەن. ساڭا باشقا بىر شېئىر ئوقۇپ بېرەي...
— ئەمىسە مەن ياخشى كۆرىدىغان ت. ئېلىيوفنىڭ «ئانامغا» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپ بېرىڭ.
— بولىدۇ، ئۇكا، — دېدى يالقۇن.
يالقۇن چىن ھېسسىياتى بىلەن «ئانامغا» دېگەن شېئىرنى ئوقۇپ بەردى، مەمەت تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلدى.
— سەنزە، ئۇكا، مۇشۇ شېئىرنى ئاڭلىساڭلا يىغلايسەنكەن، — دېدى ئەيسا.
— دەردىم بولغاندىن كېيىن يىغلايمەن - دە ئاكا، ئەمدى، — دېدى مەمەت كۆز ياشلىرىنى قولياغلىقى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ. يالقۇن ئەيساغا «گەپ قىلما» دېگەن مەنىدە كۆزىنى قىسىپ قويدى، — يالقۇنكام مۇشۇ شېئىرنى ئوقۇسىلا ئىچ - ئىچىمدىن يىغلاپ كېتىمەن، دادام بىلەن ئاپامنى ئويلاپ قالىمەن ھەم دادام بىلەن ئاپامنىڭ چوقۇم بىر يەردە بارلىقىغا ئىشىنىمەن، ئىشقىلىپ، مۇشۇ شېئىرنى ئاڭلىسام، دادام بىلەن ئاپام ھازىرلا كېلىدىغاندەك. مەن ئىشىنىمەن، دادام بىلەن ئاپام مېنى تاشلىۋەتمەيدۇ، مەن دائىم دادام بىلەن ئاپام مۇشۇ شېئىرنى بىلەمدىغاندۇر دەپ ئويلايمەن، مېنىڭچە، دادام بىلەن ئاپام بۇ شېئىرنى بىلمەيدۇ، ئۇلار بۇ شېئىرنى ئوقۇپ باقمىغان، ئەگەر ئۇلار بۇ شېئىرنى بىلسە، ئوقۇغان بولسا، ئۇلار بۇ ۋاقىتچە مېنى ئىزدەپ كەلگەن بولار ئىدى. مېنى ھەرگىزمۇ تاشلىۋەتمەيتتى، مەنمۇ خەقلەرنىڭ بالىسىغا ئوخشاش دادىسىغا ئەگىشىپ، ئانىسىغا

ئېسىلىپ ئەركىلەپ ياشىغان بولاتتىم، يىللار ماڭا بوٚنداق پۇر-
سەت بەرمىدى، بەزىدە ئۆزۈمنى ئىنتايىن ئاجىز ھېس قىلىمەن،
چۈشۈمدە دادام بىلەن ئاپامغا كاۋاپ پىشۇرۇپ بېرىپ چۈشەي-
مەن...

يالقۇن ئۆزىنى توٚتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى...

— كوٚڭلوٚكنى ئەسكى قىلما، ئۇكا، ئانا دېگەن بالىسىنى
خالاپ تاشلىۋېتەمدۇ، ئۇكا، خۇدايىم بۇيرۇسا ئاپاڭ بىر كۇنى
ئەمەس بىر كۇنى كېلىپ سېنى ئىزدەيدۇ، سەن بۇنىڭغا ئىشەن،
ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى، سائىتى بولىدۇ... ئايبۇلاققا چىقساڭ،
تۇيۇقنى قىلىۋېتەيلى، بىر كۇن بولسىمۇ كۈلۈپ ياشا،
ئۇكا، — دېدى يالقۇن.

— دۇنيادا خوتۇندىن ئۆتەر شېرىن، ياخشى نەرسە يوق جۇمۇ
ئۇكا...، — دېدى ئەيسا كۈلۈپ.

## 15

مەمەت نۇرلان بىلەن ئايبۇلاققا چىقىپ قادىرنىڭ قورۇ-
جايىنى سېتىۋالدى. ئۇ شەھەردىكى دۇكىنىنى شاگىرتى ساۋۇت-
جاننىڭ ۋاقتىنچە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى شەھەر
بىلەن ئايبۇلاق ئوتتۇرىسىدا قاتناپ تويغا تەييارلىق قىلغاچ سەھ-
رادىن توخۇ ئەكىرىپ سېتىپ يۇردى. يارى نۇرلان بىلەن مەسلى-
ھەتلىشىپ، يالقۇن بىلەن ئەيسانى سەھراغا ئەلچىلىككە ئەۋەتمەك-
چى بولدى.

بىر كۇنى كەچتە نۇرلان يارىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ
بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ چىرايىدا بىرخىل جىددىيلىك ئالامىتى
كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— يارى، ئەلچىلەر ئايىۋلاقتا ماڭمىغاندۇر تېخى؟ — دېدى نۇرلان جىددىيلىشىپ.
— ياق، بىر ئىش بولدىما؟
— ھەي، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى دېمەمسەن، ئاداش، پاتىمە بىرى بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ!
— نېمە دەيسەنۇي، ئـاداش، — دېدى يارى ھـەيران بولۇپ، — كىم بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ؟
— بىر شوپۇر بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ!
— شوپۇر؟ نەدىن كەلگەن شوپۇر ئىكەن ئۇ؟
— نەنىڭ بولاتتى، ئۇرۇمچىدىن ئاشلىق توشۇغىلى كەلگەن شوپۇر بولمامدۇ، قىرىق ياشتىن ئاشقان نەرسە ئىكەن، پاتىمەنى ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ قېچىپتۇ! — دېدى نۇرلان.
— سەن قاچان خەۋەر تاپتىڭ؟ — دەپ سورىدى يارى نۇرلانغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ.
— تېخى ھازىر خەۋىرى كەلدى، تۈنۈگۈن بولغان ئىش ئىكەن، — دېدى نۇرلان.
— توۋا، بۇ قىزنىڭ ئۇرۇمچىگە قېچىپ كەتكىنى نېمىسى؟ ئاپىسى ئۇ قىزنى مـەمەتكە بېرىش نىيىتىنـى دېمىگـەن بولغىيمىتى؟ — دېدى يارى.
— دېمەيدىغان ئىش بولامدۇ، ئاداش، قىز بالا دېگەننىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دېگەن يېرى شۇ ـ دە، — دېدى نۇرلان. ئۇنىڭ چىرايى غەزەپتىن قارىيىپ كەتكەنىدى.
— ھەقىقەتەن سەت ئىش بولۇپتۇ، ئاداش، — دېدى يارى.
— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى نۇرلان.
— قانداق قىلاتتۇق، ئەلچىلەرگە خەۋەر بېرىۋېتەيلى، مەمەتكە مەن ئۆزۈم دەي، — دېدى يارى.
— ئەمىسە مەن ھازىر يالقۇننىڭ ئۆيىگە باراي، سەن مەمەت بىلەن پاراڭلاش، ئاداش، — دېدى نۇرلان.

— بولىدۇ، ئاداش...

يارى نۇرلاننى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بۇ خەۋەرنى ئايالىغا ئېيتتى.

— ۋاي - ۋاي - ۋاي - ۋاي، ئاجايىپ ياخشى بوپتۇ! خۇدايىمنىڭ ھەقىقەتەن كۆزى بار جۇمۇ، ئاجايىپ جايلاپتۇ، جاھاندىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى شەھەردە تۇرسا، سەھرادىنمۇ قىز ئالامدۇ، ھەممىنى قىلغان ئاشۇ نۇرلان، نىيىتى دۇرۇس ئەمەس ئۇنىڭ، مانا، خۇدا ئۇردى دېگەن مۇشۇ، — دېدى دىلبەر قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— خەقنىڭ قىزىنى ئېلىپ قېچىپ كەتسە خۇشال بولۇۋاتامسەن! — دېدى يارى خاپا بولۇپ.

— ئوبدان بولدى، لاي سۇ ئىچكەن سەھرالىق بولغاندىكىن قاچماي نېمە قىلاتتى! خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ، ئەگەر مەمەت بىلەن توي قىلغان بولسا، كەلگۈلۈك بىچارە مەمەتكىلا كېلەتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن بىچارە بالام مەمەتنىڭ پېشانىسى ئوڭ ئىكەن، — دېدى دىلبەر ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

يارى بۇ خەۋەرنى ئىككى كۈندىن كېيىن مەمەتكە ئۇقتۇردى، ئۇ مەمەتكە:

— ... ئۇ قىزنى خۇدايىم ساڭا بۇيرۇماپتۇ، بالام، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئادەتتىكىدەك ئويناپ يۈرۈۋەر، — دېدى يارى گېپىنىڭ ئاخىرىدا.

— مەنمۇ ئۇ قىزغا تازا قىزىقىپ كەتمىگەنىدىم، دادا، — دېدى مەمەت.

— ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى، ئاپاڭ ئەمدى قىزنى ئۆزۈم تاپىمەن دەيدۇ، ئالدىرىمايلى ئەمدى، ئاپاڭ بۇنداق ئىشلارغا ئۇستا، بۇ ئىشتا ئەمدى بىز ئاپاڭنىڭ ئاغزىغا قارايلى، — دېدى يارى.

— توي قىلىشقا ئالدىرىمايمىكىن، دادا، بىرنەچچە يىل

ياخشىراق ئوقەت قىلىۋېلىپ ئاندىن توي ئىشىنى ئويلىشايمىكىن، مەن ئايبۇلاقتا ئابلىمىت دېگەن بىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، ئۇ مەندىن بەش ـ ئالتە ياش چوڭ ئىكەن، بەك ئېپى بار ئادەم ئىكەن، بىرقانچە چوڭ شەھەرگە تۇخۇم، توخۇ يۆتكەپ ساتىدىكەن، ئىش ـ ئوقىتى يۈرۈشۈپ كېتىپتۇ، مەن ئابلىمىتكام بىلەن شېرىكلىشىپ بىرنەچچە يىل ئوقەت قىلىۋالايمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن...

— هە، مۇنداق دە، ئۇمۇ مەيلى، بالام، مەن ئاپاڭغا دەپ قوياي، ھەممە ئىش ئۆزۈڭنىڭ رازىلىقى بىلەن بولسۇن، — دېدى يارى.

مەمەت ئايبۇلاققا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئابلىمىت بىلەن بىرلىشىپ توخۇ، تۇخۇملىرىنى شىخەنزە، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەرگە ئاپىرىپ، ئابلىمىتنىڭ شۇ يەردىكى چۆپقەتلىرىگە ئۆتكۈزۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە بۇ ئوقەتنىڭ ئېپىنى ئېلىپ قالدى.

ئابلىمىت مەمەت بىلەن بىرگە سودا قىلىش جەريانىدا مەمەتكە ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىتىپ قويدى ھەم مەمەتكە ماشىنا ھەيدەش پىراۋىسىمۇ ھەل قىلىپ بەردى، شۇنداق قىلىپ ئۇ كاۋاپ بازىرىدىن قولىنى ئۈزدى.

## 16

— ئەيسا، ئۈزۈن بولدى مەمەتنى يوقلىيالمىدۇق، ئۇنى تاشلىۋەتسەك بولمايدۇ، ئۇنى بىر يوقلاپ قويامدۇق قانداق؟! — دېدى بىر شەنبە كۈنى يالقۇن ئەيسا بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ.

— بەك ياخشى مەسلىھەت قىلدىڭ. قاچان چىقىمىز؟ — دەپ سورىدى ئەيسا.

— كېلەر يەكشەنبە چىقامدۇق ـ يا؟

— مەيلى، توۋا دەيمەن، ئاداش، مەمەت ئايبۇلاققا خوتۇن ئالىمەن دەپ چىقىپ ئۇ يەردە توخۇچى بولۇپ كەتكىنىنى قارىماـ دىغان، — دېدى ئەيسا.

— تەقدىر ـ دە، پېشانىسىگە يېزىلغىنى شۇ، — دېدى يالقۇن.

— ئۇ هازىر رەسمىي شوپۇر بولۇپ كېتىپتۇ، ئۆتكەندە يولدا كۆرۈپ قالدىم، بىر چوڭ ماشىنىنى هەيدەپ كېتىۋاتىدۇ، هەر هالدا ئىشنىڭ يولىنى تېپىۋالدى ئۇ ئاداش، — دېدى ئەيسا.

— ئادەم تىرىشسىلا بىرگەپ بولىدىكەن، ئاداش، مانا هەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەمەت ئۆزىنى خېلى چىڭدىۋالدى، هەر هالدا ئۆزىگە چىڭ بالا بولدى ئۇ، بىراق بىز ئۈچەي كاۋىپىدىن ئايرىلىپ قالدۇق ـ دە، ئاداش. ئۇ كەتكەندىن كېيىن كاۋاپ بازىرىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۈچەي كاۋىـ پىنى ئوخشىتىپ پىشۇرىدىغان ئادەم چىقمىدى، قارىماققا كاۋاپ پىشۇرۇش ئاددىي ئىشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق هۈنىرى بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ مەمەتنىڭ پىشۇرغان كاۋىـ پىنى يېسەڭ يېگۈڭ كېلىدۇ ئەمەسمۇ!

— راست دەيسەن، ئاداش، شاگىرتىنىڭ پىشۇرغان كاۋىپىـ نىمۇ يەپ باقتۇق، ئۇنىڭ ئۇستىسىغا يېتىدىغىنىغا يەنە بىر نەچچە يىل بار ئوخشايدۇ، ئەمىسە كېلەر يەكشەنبە كۈنى ئايبۇلاققا چىقمىزمۇ؟ — دېدى ئەيسا.

— چىقايلى، ئاداش، تۇجۇرۇڭدىن ئۈچ ـ تۆت بوتۇلكا ئېلىۋال، — دېدى يالقۇن.

يەكشەنبە كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئايبۇلاققا يېتىپ كەلگەندە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالدى. ئۇلار يېقىملىق سەهرا هاۋاسىدىن هۇزۇر ئالغاچ مەمەتنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. مەـ مەت ئۆيدە يوق ئىدى، ئۇلار ئۇنى ئابلىمىتنىڭ ئۆيىدىن تاپتى،

يالقۇن بىلەن ئەيسا بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئابلىمىت بىلەن تونۇشقاندى، ئۇلار شەھەرگە كىرگەندە، مەمەت سورۇن تۈزۈپ ئۇلارنىڭ بېشىنى بىر يەرگە كەلتۈرگەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار باردى - كەلدىسىنى باشلىۋالغانىدى. ئابلىمىت بىلەن مەمەت ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.

— ياخشى چىقىپسىلەر، يالقۇنكا، ھە، ئەيسا، ئىشىڭلار ياخشىمۇ، — دېدى ئابلىمىت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— خۇداغا شۈكرى، ئۇكا، ئىشقىلىپ كۈنىمىز كېتىۋاتىدۇ، ئايلىقىمىزنى ۋاقتىدا بېرىۋاتىدۇ، ئۆيگە كۈندە بىر بوتۇلكا ھاراق ئەكېتەلەيمىز، مۇشۇ كۈنگىمۇ شۈكرى، — دېدى ئەيسا.

— بۇ ئاغىنەمنىڭ ئۆيى ھاراققا توشۇپ كەتتى، — دېدى يالقۇن چاقچاق قىلىپ.

— يوقتىن بارى ياخشى، يالقۇنكا، — دېدى ئابلىمىت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۈگۈن بىز ئارام ئالغاچ بىر ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتۇق، يالقۇنكا، ياخشى چىقىپسىلەر، — دېدى مەمەت.

ئابلىمىتنىڭ ئايالى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، چاي قۇيدى.

— قېنى، چاي ئىچىڭلار، — دېدى ئابلىمىت مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلىپ.

— ئەمىسە، يالقۇنكا، بۈگۈن مۇنداق قىلايلى، سىلەر چاي ئىچكەچ ئابلىمىتكام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن چۈشتىن كېيىن قىلىدىغان ئويۇنىمىز ئۈچۈن ئازراق تەييارلىق قىلىپ قوياي، بۇ قېتىم باشقا ئادەم چاقىرمايمىز، دەريا بويىغا چۈشۈپ كېتىپ تۆتىمىزلا ئولتۇرىمىز. پاقلاندىن بىرنى سويۇپ شورپا بىلەن كاۋاپقا تەييارلىق قىلاي، — دېدى مەمەت ۋە سوئال نەزىرىدە ئابلىمىتقا قاراپ قويدى، — شۇنداق قىلىمىزمۇ، ئابلىمىتكا؟ — دەپ سورىدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، قىلايلى، ئۇكا، ياخشى ئويلىشىپسەن، ئۇسـ-
ـمانكامنىڭ ساتىمەن دەپ يۈرگەن قويلىرى بولىدىغان، ئاشۇنىڭ ئۆيىگىلا بارغىن، — دېدى ئابلىمىت.

— مەمەت، ئۇنچىلىك ئاۋارە بولۇپ كەتمە، ئۇكا، مۇشۇ يەردە ئولتۇرساقمۇ بولىدۇ، — دېدى يالقۇن.

— يالقۇنكا، مەن سىلەر ئۈچۈن ئاۋارە بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى مەمەت ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

— بۇ ئۆيلەرنى بۇ يىل سالغان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدى ئەيسا ئابلىمىتنىڭ ئۆيىنىڭ تورۇسىغا قاراپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، بۇ يىل سالدىم، — دېدى ئابلىمىت جاۋابەن.

— ھەممىسى قانچە ئېغىز ئۆي؟ — دەپ يېنىشلاپ سورىدى يالقۇن ئابلىمىتكە قاراپ تۇرۇپ.

— ئون ئېغىز.

— ياخشى سېلىۋاپسىز.

— بۇگۇن ياخشى كېلىپ قاپسىلەر، يالقۇنكا، سىلەر بولـ-
ـساڭلار شەھەرلىك، كۆرگىنىڭلارمۇ كۆپ، ئاڭلىغىنىڭلارمۇ كۆپ. يېقىندىن بېرى مۇنداق بىر ئىش كاللامغا كىرىۋالدى، بىز بايام ئاشۇ ئىش ئۇستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتۇق. ھازىر ئۇرۇمـ-
چىدە توخۇ گۆشى بەك ئىتتىك مېڭىۋېتىپتۇ، بىز توخۇنى تىرىك ئاپارساق ماشىنىغا جىق پاتمايدىكەن. سويۇپ ئاپارساق بارغىچە پۇراپ قالىدىكەن، شۇڭا مۇشۇ يەردە بىر توڭلىتىش ئىسكىلاتى قۇرايلىمىكىن دەپ ئويلىشىۋاتقان. كېيىنچە ئۇرۇمچىگە قوي گۆشى يۆتكەپ قالساقمۇ قولايلىق بولىدىكەن، لېكىن بۇ ئىشتا تازا بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرىمىز، — دېدى ئابلىمىت.

— ھە، مۇنداق ئىش ئىكەن ـ دە، توڭلىتىش ئىسكىلاتى قۇرساق دېمەكچى ئىكەنسىلەر ـ دە، ئۇنىڭ ئۇسكۇنىلىرىنى ئۇـ-
رۇمچىدىن ئەكېلىشكە توغرا كېلىدۇ ھەرقاچان؟ — دېدى ئەيسا.

— شۇنداق، ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئەكېلىشكە توغرا كېلىدۇ،

ئۆتكەندە ئۈرۈمچىگە بارغاندا سۈرۈشتە قىلىپ باقتىم، ئۇنىڭغا بىر ئىسكىلات سالىدىغان گەپ ئىكەن، ئۇلار كېلىپ ئۇسكۇنىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدىكەن، — دېدى ئابلىمىت.

— بۇمۇ بولىدىغان ئىش ئوخشايدۇ، ئەيسا! — دېدى يالقۇن ئەيساغا قاراپ تۇرۇپ.

— بولۇشىغۇ بولىدىكەن، توك گۆش يۆتكەشكە توغرا كەلسە هازىرقى ماشىناڭلارنىڭ ھەممىسىنى مەخسۇس توڭلىتىش ئۇسكۇنىسى سەپلەنگەن كوزۇپلۇق ماشىنىغا ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ - دە، يەنىلا شۇ مەبلەغنىڭ ئىشى، پۇل بولسا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدىغۇ! — دېدى ئەيسا.

— توغرا، ماشىنىلارنى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، بىز بۇ ئىشنى ئويلاشماپتۇق، بۇ تۈرگىمۇ ئاز پۇل كەتمەيدۇ، — دېدى ئابلىمىت.

— ھەر ھالدا بۇ ئويۇڭلار ياخشى ئىكەن، ئۇكام، هازىر بازارنىڭ ئېھتىياجى كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتىدۇ، بازارنى ئىگىلىمىسەڭلار بولمايدۇ، — دېدى يالقۇن. ئۇلارنىڭ پارىڭى تازا قىزىۋاتقاندا ئابلىمىتنىڭ ئايالى تاماق ئەكىردى، ئۇلار ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە باشلىدى.

— ھويلىغا چىقىپ بىرەردەم ئارام ئالمايمىزمۇ، ئاداش، — دېدى ئەيسا تاماقتا دۇئا قىلغاندىن كېيىن يالقۇنغا قاراپ تۇرۇپ.

— شۇنداق قىلايلى، ئاداش، — دېدى يالقۇن.

— ھويلىغا چىقىپ بىردەم ھاۋا يەيلى ئەمىسە، — دېدى ئابلىمىت ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇلار ئۆيدىن چىققاندا، مەمەت قويىنى سويۇپ بولۇپ گۆشىنى پارچىلاۋاتاتتى، ئۇ مېھمانلارنى كۆرۈپ:

— مانا، تەييار بولدى، ماۋۇ لوق گۆشلەرنى كاۋاپقا توغرى-

ۋالساملا بولىدۇ، قازاننى ئالغاچ كېتىمىز، شورپىنى ئاشۇ دەريا بويىدا سالىمىز، — دېدى.

— پەيزىڭ بار، ئۇكا، قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن، — دېدى يالقۇن.

— كاۋاپقا ئۇچەيلىرىنىمۇ توغرايسەنغۇ ـ هە! — دېدى ئەيسا چاقچاق قىلىپ.

— ئۇچەي كاۋىپىنى شەهەرگە كىرگەندە يەيمىز، ئەيساكا، سەهرا دېگەندە گۆش يەيدىغان گەپ.

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ، مەمەت، سەهرا دېگەندە گۆش بېرىدىغان گەپ، — دېدى ئابلىمىت.

— هەر قېتىم چىققاندا بىردىن قوي سويۇۋەرسەڭ، ئۇكا، ئەيساكاڭ تۆت كۈندە بىر چىقىۋالىدۇ بۇ يەرگە! — دېدى يالقۇن.

— ياخشى ئەمەسمۇ، يالقۇنكا، سىلەردەك ئاكىلىرىمىز پات-پات چىقىپ بىزنى يوقلاپ تۇرسا ئىشلىرىمىز ئىلگىرى باسىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى مەمەت.

— مۇنۇ مەمتىڭ خېلى سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ جۇمۇ، يالقۇن، — دېدى ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئابلىمىتكە ئەگىشىپ شەهەر كۆرۈپ كەتتى ـ دە بۇ! — دېدى يالقۇن.

— ياخشى، ئۇكا، ئوغۇل بالا دېگەن سۆزلەپ تۇرۇشى كېرەك، هە، ئۇرۇمچىلەردە هېلىقى ئوبۇكتاڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋا-تامسەن ـ يا؟ — دېدى ئەيسا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ.

مەمەت كۈلۈپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى ئىشىنى توختىتىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەيساغا قارىدى:

— قايسى ئوبۇكتامنى دەيسەن؟

— هېلىقى شوپۇر بىلەن قېچىپ كەتكەن ئوبۇكتاڭنىچۇ؟

هەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ئەيساكا، ئۇ قىز قانداقلارچە

مېنىڭ ئوبۇكتام بولۇپ قالسۇن، مەن ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باقمىغان تۇرسام، — دېدى مەمەت.

— تۇتماي تۇرۇپ قولىنى، قالدىم بالاغا دېگەن يېرى مۇشۇ، ئۇكا، قۇرۇق تۆھمەت دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ مانا، — دېدى ئەيسا.

— راست، ئۇ قىزنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟ — دېدى يالقۇن ئابلىمىتكە قاراپ تۇرۇپ.

— بار، ئۆتكەن يىلى ئۇ ئەپقاچتى ئاداشىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى توي قىلىپ بەرسەك دەپ كېلىپتىكەن، خىزىر كام ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى، مىنىڭ ئۇنداق قىزىم يوق، سىلەر بۇ ئۆيگە خاتا كىرىپ قاپسىلەر، دەپ ئۇلارنى يولغا سالدى، — دېدى ئابلىمىت.

— تەقدىر پېشانە دېگەن شۇ، — دېدى يالقۇن، — ئۇ قىزنىڭ سىڭىللىرى يوقمىتى؟

— يوق، سىڭلىسى بولغان بولسا خىزىر ئاكام مەمەتنى ئاللىقاچان كۈيئوغۇل قىلىپ بولاتتىغۇ! — دېدى ئابلىمىت.

— ئەمدى مەمەتكە ياخشىراق قىزدىن بىرنى تېپىپ بېرىڭلار، — دېدى ئەيسا.

— مەمەتنىڭ قىز بالا بىلەن تازا خۇشى يوق ئىكەن، ئەيساكا، بولمىسا بۇۋاخقىچە ئۇنى ئۆيلەپ بولاتتىم، پاتمە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن باشقا قىزلارغا قارىماي قويدىغۇ بۇ ئۇكام، ھەدېگەندە بىز بىلەن تونۇشقان بولسا، بۇ ۋاخقىچە بالىسى بەش بولۇپ بولاتتى ئەمەسمۇ! — دېدى ئابلىمىت.

— شۇنىڭغا قارىغاندا يىلىغا ئىككىدىن بالا تۇغىدىغان قىزلاردىن ئېلىپ بېرەتتىڭكەن-دە، ئۇكا، — دېدى ئەيسا چاقچاق قىلىپ.

تەييارلىق پۈتتى. ئابلىمىتنىڭ چوڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان بىر شوپۇر ئۇلارنى دەريا بويىغا ئاپاردى، شوپۇر ماشىنىسىنى

ئايلاندۇرۇپ مەھەللە تەرەپكە قارىتىپ توختىتىپ قويدى. ئاندىن قارمىقنى ئېلىپ دەريا بويىغا بېلىق تۇتقىلى كەتتى. مېھمانلار قارىياغاچلىقتا كىرىپ جايلاشتى. مەمەت تاشلارنى تېرىپ كېلىپ ئوچاق ياسىدى، قازاننى ئېسىپ گۆشنى قازانغا سالدى، قالغانلار قول - قولچە كاۋاپدانغا ئوت سېلىپ، چاي قايناتتى، بۇ ئارىدا مەمەت زىخلىرىغا كاۋاپنى ئۆتكۈزۈپ تەييار قىلدى.

— ئەمىسە كاۋاپنى پىشۇرايمۇ، ئابلىمىتكا؟ — دېدى مەمەت.

— قويە، ئۇكا، نان بىلەن تۆت - بەش زىختىن يەۋالايلى، ئاندىن ئويۇننى باشلىۋېتىمىز، — دېدى ئابلىمىت.

مەمەت كاۋاپنى باستى، گۆشنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى دەريادىن كەلگەن نەمخۇش هاۋاغا قوشۇلۇپ دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ ئادەمنىڭ ئىشتىهاسىنى قوزغاپ تۇراتتى، مەمەت پىشقان كاۋاپنى لېگەنگە ئېلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى ئەمىسە، يالقۇنكا، ئەيساكا، ئېلىڭلار، ئوخشىدىمىكىن، — دېدى مەمەت.

— سېنىڭ قولۇڭ تەگكەن كاۋاپ ئوخشىمايدىغان ئىش يوق، ئۇكا، — دېدى ئەيسا.

ئۇلار ئىچىشۋازلىقنى باشلىۋەتتى، مەمەت ئۇلارغا كاۋاپنى ئون زىخ - ئون زىختىن قىلىپ پىشۇرۇپ بېرىپ تۇردى. ئابلىمىت مەمەتكە قاراپ:

— بىر ئىشنى چالا قىپتۇق ئەمەسمۇ، ئۇكا، دۇتار ئالغاچ چىققىدىغان ئىشتى - دە! — دېدى.

— سەل ئالدىراپ قاپتۇق، ئابلىمىت ئاكا، — دېدى مەمەت، — يالقۇنكامنىڭ شېئىرىنى ئاڭلايمىز، بىزگە بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر شېئىر ئوقۇپ بەرگەن، يەنە بىر شېئىر قەرز قالغان، بۈگۈن مۇشۇ ئۇلۇغ دەريا بويىدا ئاشۇ شېئىرنى بىر ئاڭلىمىساق بولمامىكىن، قانداق دەيسىلەر، ئاكىلار؟

— ياخشى گەپ بولدى، قېنى ئاڭلايلى، — دېدى ئابلىمىت.

— بىراق شائىر بوگۇن خاتىرىسىنى ئەكەلمىدى ئەمەس-مۇ! — دېدى ئەيسا.

— شائىر دېگەن ئۆزى ياخشى كۆرگەن شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇيالايدىغۇ؟ — دېدى يالقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مانا، شائىر دېگەن شائىر - دە، پەيزىڭ بار، ئاداش، — دېدى ئەيسا، — مانا، مۇنۇ بىر رومكا هاراقنى قولۇڭغا ئال، ئۇلۇغ دەرياغا قاراپ تۇرۇپ كۆتۈرۈپ ئىچىۋەت، ئاندىن شېئىرىڭنى ئاڭلايمىز، ئاداش.

يالقۇن ئەيسا تەڭلىگەن رومكىنى قولىغا ئېلىپ، هاراقنى ئىچىۋەتتى، مەمەت ئۇنىڭغا بىر زىخ كاۋاپ تۇتتى.

— قەلەم هەققى ئوخشىمامدۇ، ئۇكا، بۇ، ئىككى شېئىر-نىڭ بىرىنچىسىنى ئوقۇغاندا نۇرلانكام يىگىرمە - ئوتتۇز زىختەك كاۋاپ كەلتۇرگىنى ئېسىمدە، ئەمدى بۇگۇنكى كۈنگە كەلگەندە قەلەم هەققى تۆۋەنلەپ كەتتىمۇ قانداق؟ — دېدى يالقۇن قولىغا زىخنى ئېلىپ چاقچاق قىلىپ.

— بۇ قەلەم هەققى ئەمەس، يالقۇنكا، قەلەم هەققىنىڭ ئەلچىسى، ئەلچىنىڭ تەمىنى تېتىپ ياخشىراق ئوقۇمىدىكى دەي-مىزغۇ! — دېدى مەمەت.

— بالا يېتىشىپ قاپتۇ جۇمۇ، ئىچىۋاتامدۇيا؟ — دېدى ئەيسا ئابلىمىتكە قاراپ.

— ياق، ئىچمىدى، تاماكىمۇ چەكمەيۋاتىدۇ، ئىرادىسى بەك چىڭ ئىكەن بۇ بالىنىڭ، — دېدى ئابلىمىت.

يالقۇن قولىدىكى كاۋاپنى يەپ بولۇپ، زىخنى مەمەتكە تەڭ-لىدى.

— مانا، ئۇكا، مۇنۇ ئەلچەڭنى ئاله.

هەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئەمىسە ئاشۇ شېئىرىمنى ئوقۇيمەنما؟

— ئەيسا بىلەن مەمەت ياخشى بىلىدۇ، ئابلىمىت، سەن بىلمەيسەن، ئۇكام، مەن بۇ شېئىردا ئۆز ۋاقتىدا يېزىدا زىيالىي ياش بولۇپ بىر يىل تۇرغانىدىم. شۇ تۇرمۇشۇمنى يازغان، ئەمىسە سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاي دېگۈچىلىكمۇ شېئىر ئەمەستى، شۇغىنىسى مەمەت شېئىرگە ئامراق، مۇشۇنداق ئولىتۇرۇپ قالساقلا شېئىر ئوقۇپ بېرىڭ دەپ تۇرۇۋالىدۇ، — دېدى يالقۇن. يالقۇن سەل ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، شېئىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى، — ماۋزۇسى «گارمونچى قىز»...

*گارمونىنى كىم ئېلىپ بەرگەن،*
*چېلىشنى كىم ئۆگەتكەن.*
*بارماقلىرىڭ،*
*يۈرەكلەرنى زېدە قىلىپ بولدى.*
*ياشىماق نېمىدېگەن تەس،*
*نېمانچە تۇگىمەيدىغان مۇڭ بۇ.*

*گارمونۇڭ هازىر قەيەردە،*
*بارماقلىرىڭنى ئەركىن قويۇۋەت.*
*مۇڭ ئۇچۇن چېگرا يوق،*
*بۇ مۇهەببەتلىك جاهاندا.*

— بەك ياخشى شېئىر بوپتۇ بۇ، يالقۇنكا، — دېدى مەمەت ئالدى بىلەن شېئىرنى ئالقىشلاپ.

— بولۇپمۇ هېلىقى «مۇڭ، زېدە قىلىپ» دېگەن يېرى بولىدىكەن، — دېدى ئەيسا.

— شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ مۇڭغا تولغان يەر ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئابلىمىت قىزىقچىلىق قىلىپ.

يالقۇن كۈلۈپ كەتتى.

— بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىرقى «مۇڭ ئۇچۇن چېگرا يوق، بۇ مۇھەببەتلىك جاھاندا» دېگەن قۇرلىرى بەكمۇ ياخشى يېزىلىپتۇ، مانا، شېئىر دېگەننى مۇشۇنداق يېزىش كېرەك، خەلق تىلىدا يېزىش كېرەك - دە....، — دېدى ئەيسا.

— ھە مانا، ماۋۇ گەپلىرىڭ بولىدۇ، ئاداش، — دېدى يالقۇن.

— بۇ شېئىرىڭنى ئېلان قىلدۇرامسەن - يا؟ — دېدى ئەيسا.

— ياق، پىشمىدى تېخى، داۋاملىق ئىشلەيمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە بىرنەچچە يىل ئىشلەيمەن، — دېدى يالقۇن.

— شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ شائىرچىلىق دېگەن بەك تەس ئىش ئىكەن جۇمۇ، ئاكا، — دېدى ئابلىمىت.

— شۇنداق، ئۇكا، ياخشى شېئىر يازماق بەك تەس، — دېدى يالقۇن.

— ئەمىسە مەن مۇكاپات ئۇچۇن يالقۇنكامغا بىر قوللۇق قىلىپ ئون زىخ كاۋاپ پىشۇرۇپ بېرەي، — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق قىل، ئۇكا، يالقۇنكاڭ كاۋاپنى ئاچچىقراق يەيدۇ، لازىنى بولۇشىغا چېچىپ بېرىسەن - دە، — دېدى ئەيسا چاقچاق قىلىپ.

— ئەيساكاڭ دەۋېرىدۇ، ئۇكا، ئاز چاچ، — دېدى يالقۇن. ئەيسا كۈلۈپ قويدى.

— بىزنىڭ مەھەللىدە سالاھىدىن دەيدىغان بىر بالا بولىدىغان، ئۇ گۇاڭجۇغا كىرىپ كېتىپ خېلى پۇل تېپىپ چىقتى. ئۆزىمىزغۇ زادىلا جىم تۇرمايدىغان بالا ئىدى، — دېدى يالقۇن.

— ھېلىقى ئىككى قەۋەتلىك ھەشەمەتلىك قورۇ - جاي سېلىۋالغان بالىنى دەمسەن؟ — سورىدى ئابلىمىت.

— دەل شۇ، — دېدى يالقۇن.

— ھە، قېنى كاۋاپلاردىن ئېلىڭلار، — دېدى ساھىبخانا، يالقۇن، ئەيسالارنى كاۋاپقا زورلاپ. مەمەت يەنە يېڭى پىشقان كاۋاپلارنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

— ھېلىقى سالاھىدىن دېگەن بالىنىڭ ئېتىنى چىقىرىپ قالدىڭ، قاچان گۇاڭجۇغا بارغان نەرسە ئىكەن ئۇ؟ — دېدى ئەيسا.

— تۆت - بەش يىل بولدى. ئەمما پۇل دېگەننى پەۋەس تېپىپ قويۇپتۇ - دە ئۇ گوي، ماڭقىسىنى ئېرتىپ يۈرىدىغان بىر نېمىتى، بازار دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، — دېدى يالقۇن.

— دادىسى نېمە ئىش قىلىدىغان نەرسىتى ئۇنىڭ؟ — دېدى ئەيسا.

— نېمە ئىش قىلاتتى، دوقمۇشتا قوراي ساتاتتى، كۆرسەڭ سەنمۇ تونۇيسەن ئارۇپكام دەيدىغان ئادەم، چوڭلار ئارۇپ قورايمۇ دەپ قوياتتى، ھازىر ئارۇپ ھاجى بولۇپ كەتتى!

— يەرلىكمۇ يا؟

— ياقەي، يەرلىكلىرىڭ پۇل تاپالامدا؟ قايسى شەھەردىن كەلگىنىنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، جەنۇبلۇق، تاغ ئاتلاپ كەلـگەن، قوراي ئېلىپ، قوراي ساتاتتى، چىرايىدا قان يوق نەرسە ئىدى، مانا ئەمدى بالىسى پۇل تاپقاندىن بېرى قورايچىلىقنى تاشلاپ، بازارنىڭ ئىچىدە دۇكان ئېچىپ زەرگەر بولۇۋالدى، بىرنېمە ياسالمايدۇ، ئالتۇن ئېلىپ، ئالتۇن ساتىدۇ. ئۆتكەن يىلى ھەرەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلدى، ھازىر چوڭلارمۇ ئۇنى ئارۇپ قوراي دېمەيدۇ، ئارۇپ ھاجى دەيدۇ، ئۇ ھاجى بولۇپ كەتكەن گەپ. مانا، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پۇلنىڭ كۈچى بىلەن بولۇۋاتىدۇ، — دېدى يالقۇن.

— شۇ، ئاداش، پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا دەپتىكەن، پۇلۇڭ بولسا ھەممە ئىشىڭ راۋان بولىدۇ، — دېدى ئەيسا.

— مەنمۇ ئۇرۇمچىدە بىرنەچچە باللاردىن ئاڭلاپ قالدىم، گوۋاڭجوغا ئوقەت قىلغىلى بارغان باللار بەك بىيىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئابلىمىت.
— نېمە ئوقەت قىلىدىكەن ئۇ گۇيلىرىڭ؟ — دېدى ئەيسا.
— دېڭىز بويلىرىدىن ئەتكەس مال ئەكېلىپ ساتىدىكەن، — دېدى ئابلىمىت.
— شۇنداق، ئۇلار ئوقەتلا بولسا ھەممىنى قىلىدىكەن، سالاھىدىنىدىن كوچىلاپ سوراپ باقتىم، ئۇ سىر بەرمىدى، — دېدى يالقۇن.
مەمەت بۇ گەپلەرنى قىزىقىپ ئاڭلاپ ئولتۇراتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قورسىقىغا جىن كىردى، ئۇ بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا شەھەردە گۇاڭجۇغا بېرىپ ئوقەت قىلىپ كەلگەن باللار بىلەن ئۇچراشقانىدى، ئىلگىرى ئۇ باللار قۇشخانىدا مال سوياتتى، ئۇلار ئۇنىڭغا گۇاڭجۇدا پۇل تاپماق ئۇنداق ئاسان، بۇنداق ئاسان ئىكەن دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى، مانا ھازىرقى پاراڭلار ئۇنى يەنە بىر قېتىم قىزىقتۇردى.
— مەمەت، گەپ قىلمايسەنغۇ؟ سەنمۇ گۇاڭجوغا بېرىپ كېلەي دەۋاتامسەنيا؟ — دېدى ئەيسا.
— بارساق باردۇق، ئاكا، گۇاڭجۇغىمۇ بىزدەك ئادەملەر بارىدىكەنغۇ؟ — دېدى مەمەت.
— ئوغۇل بالا، بوش كەلمە، مەمەت، — دېدى يالقۇن.
— خوش، پاراڭمۇ قىلدۇق، ئەمدى مەن سىلەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرەي، — دېدى ئابلىمىت.
— ئەمىسە خەپشۇك ئوتتۇز ئوغۇل، ناخشا ئاڭلايمىز، — دېدى ئەيسا.
— ئابلىمىتكام ناخشىنى بەك ياخشى ئېيتىدۇ، — دېدى مەمەت.
ئابلىمىت ناخشىسىنى باشلىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن

ياخشى ئىدى. ئولتۇرغانلار خېلى ئۇزۇنغىچە ناخشىنىڭ مۇڭلۇق رىتىملىرى ئىچىدە مەستخۇش بولۇشتى. ئۇلار دەريا بويىدىن كۆز قارايغاندا ئۇزاشتى.

## 17

ناشتىدىن كېيىن، ئابلىمىت بىلەن مەمەت شوپۇرلارنى ئە-گەشتۇرۇپ، ئۆيمۇ ئۆي تۇخۇم يىغىشقا باشلىدى. مەمەت ئېسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك ئابلىمىتنىڭ كەينىدىن يۈرەتتى. مۇ-شۇ يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ ئوي - خىيالى باشقا يەردە ئىدى. ئابلىمىت ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئابلىمىت ئاخىرى ئېغىز ئاچتى:

— جىمىپ كەتتىڭغۇ، ئۇكا؟ تولىمۇ خىيالچان كۆرۈنىد-سەن. ھەرقانداق گەپ - سۆزۈڭ بولسا ماڭا ئۇدۇللا دە، — دېدى مەمەتكە سوئال نەزىرىدە قاراپ.

— مەن بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن، ئابلىمىتكا، ھېلىقى كۈنى دەريا بويىدا ئولتۇرغاندا يالقۇنكام گۇاڭجۇنىڭ گېپىنى قىلمىدى-مۇ؟ شۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن بېرى خىيالىمنى گۇاڭجۇ چىرمىۋال-دى. بىزمۇ گۇاڭجۇغا كىرىپ باقساق قانداق بولار، ئابلى-مىتكا! — دېدى مەمەت ئابلىمىتقا سوئال نەزىرىدە قاراپ.

ئابلىمىت ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ دەماللىققا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ئۇكا، گۇاڭجۇغا بېرىش نىيىتى كاللاڭغا قانداقلارچە كىرىپ قالغاندۇر - ھە؟

— بىزنىڭ ئاشۇ پۇل تېپىپ كەلگەنلەردىن نەرىمىز كەم دەيمەن - دە، ئابلىمىتكا، باشقىلار قىلالىغان ئىشنى بىزمۇ قىلالارمىز، — دېدى مەمەت.

— ھە، مۇنداق دە....

— بىز بۇ يەردە بىر تالدىن توخۇ ساناپ، ئىككىدىن تۇخۇم ساناپ، قاچان مۇرادىمىزغا يېتىمىز دەيمىنا! — دېدى مەمەت.

— بۇ گېپىڭغۇ راست، ئۇكا، بىراق گۇاڭجۇ دېگەن يىراق يەر، بىز ئۇ يەرنىڭ ئېپى - جېپىنى بىلمەيمىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە تىلدىن قىينىلىمىز، قاراملىق قىلساق بولماسمىكىن، ئۇكا، مۇشۇ تېپىۋاتقان پۇلىمىزمۇ ئاز پۇل ئەمەس، بۇ پۇللارنى بىز ئاسان تاپمىدۇق، سىڭگەن نېنىمىزنى يەپ مۇشۇ ئوقىتىمىزنى قىلىۋەرسەك بولارمىكىن، ئۇكا! — دېدى ئابلىمىت.

— بىز ئۇ يەرگە بارساق قاراملىق قىلغان بولمايمىز، ئابلىمىتكا، بېرىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ قايسىبىرى تىل بىلىدۇ، ئۆگىنىمىز - دە، بەزى ئىشلاردا قاراملىقمۇ قىلماي بولمايدۇ! — دېدى مەمەت.

— سەن بۇ ئىشنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت، ئۇكا، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشنى قىلىۋېرەيلى، ئاز پۇل تاپساقمۇ ئۆزىمىزنىڭ تاپقان يولىنى تاشلىمايلى، — دېدى ئابلىمىت.

— ئەگەر بېرىشقا كۆڭلۈڭ تارتمىسا، ئابلىمىتكا، مەن يالغۇز بارايمىكىن دەيمەن!

ئابلىمىت بېشىنى كۆتۈرۈپ مەمەتنىڭ كۆزىگە قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىدا بىرنەچچە خىل مەنە بار ئىدى، ئۇ مەمەتكە:

— يالغۇز ماڭامسەن؟ — دېدى.

— ئەگەر سەن بارمىساڭ، مەن بىر بېرىپ كېلەي دەۋاتىمەن، ئابلىمىتكا، شەھەر كۆرگەچ بىر ئايلىنىپ كەلمەكچىمەن، — دېدى مەمەت.

— ئىختىيارىڭ، ئۇكا، ھەر ھالدا داداڭغا مەسلىھەت سېلىپ بىر قارارغا كەل.

— ئەتە شەھەرگە كىرىپ دادام بىلەن پاراڭلىشايمىكىن دەيمەن، — دېدى مەمەت.

— ئىختىيارىڭ، ئۇكا، گۇاڭجۇغا كىرىسەڭ كىرىپ چىق، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ياخشىراق بولسا ماڭا خەۋەر قىلىشۋېتەرسەن، كەينىڭدىن كىرىپ قالامدىن تېخى، — دېدى ئابلىمىت.

مەمەتنىڭ يۈرىكىگە گۇاڭجۇ ئاتلىق جىن چىڭ چاپلىشىۋېلىپ ئۇنى ئارامسىزلاندۇرماقتا ئىدى. مەمەتنىڭ ئايبۇلاقتا ئەمدى تۇرغىسى كەلمىدى. كۆزلىرىگە ئالتۇندەك كۆرۈنگەن ئاشۇ چىرايلىق تۇخۇملار، مانا ئەمدى خۇددى تېزەكتەك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

ئۇ شەھەرگە كىرىپ دادىسى بىلەن كۆرۈشتى.

— گۇاڭجۇغا بارىمەن دەمسەن؟ قايناپسەنغۇ، بالام؟! سەن خەنزۇچىنى راۋان سۆزلىيەلمىسەڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەرنى بەك قالايمىقان دەيدۇ. تاپقان - تەرگىنىڭنى دوغا تىكىۋېتىپ كېلەمسەنكىن، بالام! — دېدى يارى مەمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

— سەللا جىگىرى بار بالىلارنىڭ ھەممىسى گۇاڭجۇغا كېتىدۋاتىدۇ، دادا، ئۇ يەردە سودا قىلماق بەك ئاسان ئىمىش، مەنمۇ بىر بېرىپ ئۇرۇنۇپ باقمايمەنمۇ! — دېدى مەمەت.

— زىيان تارتىپ قالساڭ قانداق قىلىسەن؟ مەنمۇ ئۇ يەرنىڭ ئوقتىنى ئاڭلىغان، چوڭ - چوڭ ئوقەت بولىدىغان يەر ئىكەن ئۇ، ئاساسەن ئەتكەس ماللارنى ئېلىپ ساتىدىغان گەپ ئىكەن. سەن سودىغا كەلگەندە تېخى بىر بالا، ئالمادىس زىيان تارتىپ قالساڭ چىدىيالماي قالارسەنمىكىن، ئوقەتتە بىر چۆشۈپ كېتىپ قالساڭ قەددىڭنى رۇسلىۋالمىغىڭ تەس؟! — دېدى يارى.

— خۇدايىم ساقلا، دادا، خۇدايىم بۇيرۇسا يول تېپىپ كېلىمەن، دادا، — دېدى مەمەت ئىشەنچ بىلەن.

— قىسقىسى، سەن تېخى تازا پىشىپ كەتمىدىڭ، بالام، ئابلىمىتكاڭغا قارىمامسەن، ئالدى بىلەن سەن بېرىپ مىدىرلاپ باق، ئەھۋال ياخشىراق بولسا كەينىڭدىن بارىمەن دېگىنىنى،

سەن مۇشۇنداق ئىشلاردا ئابلىمىتتىن ئۆگىنىشىڭ كېرەك...

— ماڭا ئىشەن، دادا، مەن ئۆزۈمنى خەقكە يەم قىلىپ بەرمەيمەن، — دېدى مەمەت.

— يالقۇنكاڭلارغا مەسلىھەت سېلىپ باقتىڭما؟

— ياق تېخى!

— ئەمىسە سەن يالقۇنكاڭلارغا مەسلىھەت سېلىپ باق، مەنمۇ ئويلىشىپ باقاي، چوڭ شەھەردە بىر ئىش قىلماق تەس، بالام، بىز تاش سانىساق ئۇلار قۇم سانايدۇ، — دېدى يارى.

— ئەمىسە مەن يالقۇنكاملار بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي، خاتىرجەم بول، دادا، خۇدايىم بۇيرۇسا ئىشىم ئىلگىرى باسىدۇ، — دېدى مەمەت.

مەمەت يالقۇن، ئەيسالار بىلەن كۆرۈشتى. يالقۇن، ئەيسالار مەمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇزۇنغىچە گەپ قىلماي ئولتۇرۇشتى.

— يالقۇنكا، بىرنېمە دېمەمسىز؟ — دېدى مەمەت.

— ئۇكا، نېمە دەيمىز ئەمدى، بۇ ھەۋەس ساڭا نەدىن چاپلاشتىكىن، گۇاڭجۇ دېگەنگە ئۆز يۇرتىدا ھېچ ئىشىنىڭ يولىنى تاپالمىغان كىشىلەر بېرىپ ئۇرۇنۇپ باقسا بولىدىغان يەر ئۇ. سېنىڭ قىلىۋاتقان بىر ئوبدان ئىش ـ ئوقىتىڭ تۇرسا، ئايىبۇلاقتا نەچچە ئون مىڭلىغان توخۇلار ساڭا قاراپ تۇرسا، مۇشۇنداق ياخشى ئوقىتىڭنى تاشلاپ نېمە قىلارسەن ئۇ شەھەردە؟ ھازىرقى پۇلۇڭمۇ يېتىپ ئاشىدىغۇ، ئۇكا، — دېدى يالقۇن.

— سەن قانداق قارايسەن، ئەيساكا؟ — دېدى مەمەت تەخسىدىكى خاسلاڭ مېغىزىنى تېرىپ يەۋاتقان ئەيساغا قاراپ.

— بارساڭ بولىدۇ، ئۇكا، ئوغۇل بالا دېگەن ھەرقانداق ئىشنى قىلىپ كۆرگۈلۈك، — دېدى ئەيسا.

— مېنىڭچە، داداڭ ياخشى گەپ قىلىپتۇ، ئۇكا، سەن

كىچىك، زىيانغا چىدىماي قالىسەن، — دېدى يالقۇن.

— سىلەر مەندىن خاتىرجەم بولۇڭلار، يالقۇنكا، مەن گۇاڭ-جۇغا بىر كىرىپ چىقاي، خەقلەر قىلغان ئىشنى مەنمۇ قاملاشتۇ-رۇپ كېتەلەيمەن، — دېدى مەمەت.

— ئەگەر بارىمەن دېسەڭ بىز سېنى توسۇيالمايمىز، ئۇكا، لېكىن ساڭا توغرا مەسلىھەت بەرمىسەك بولمايدۇ، ئەيساكاڭمۇ قورسىقىدىكى گەپنى قىلدى، ئىشقىلىپ، بىرلا ئېغىز گەپ، بىر ئىش قىلىشنىڭ ئالدىدا كۆپ ئويلا، ئۆزۈڭگە چىڭ بول، شۇڭا كونىلار يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس دەپ بىكار ئېيتمىغان، — دېدى يالقۇن.

— بارساڭ بار، ئۇكا، ھە دېگەندە ئىش - ئوقەت قىلىمەن دەپ ئالدىراپ كەتمە، ئالدى بىلەن كۆر، ئۇ يەردىكى بالىلار بىلەن ئاغىنە بولۇۋال، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭ بىر يول تېپىپ قالىسەن، — دېدى ئەيسا.

مەمەت بېشىنى لىڭشىتتى:

— ئالدىمىزدىكى دۈشەنبە كۈنى يولغا چىقايمىكىن دەيمەن، يالقۇنكا، — دېدى مەمەت.

— داداڭ قوشۇلدىما؟ — دېدى يالقۇن.

— دادام قوشۇلىدۇ، قوشۇلمىسىمۇ ماڭىۋېرىمەن!

— ئۇنداق يېرىك بولسا يولغا چىقىۋەر، — دېدى يالقۇن.

— ئەتە ئايبۇلاققا چىقىمەن، ئابلىمىتكام بىلەن ھېسابلى-شىپ پۇلۇمنى ئالىمەن، قايتىپ كىرىپ تەييارلىقىمنى قىلى-مەن، ئەگەر سىلەر بىلەن كۆرۈشەلمىسەم، ئەمىسە مۇشۇ خوش-لاشقىنىمىز بولۇپ قالسۇن، — دېدى مەمەت.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ئۇكا، قوغۇنلۇقتا بارىدىغاندەك گەپ قىلىسەنغۇ! سىنى ئۇزىتىپ قويىمىز ئەمەسمۇ! — دېدى ئەيسا.

— خۇدايىم بۇيرۇسا كەلگەندە كۆرۈشىمىز، ئەيساكا.

— ئۇنداق ئىش يوق، ئۇكا، ئەل ـ ئاغىنىلەرنى چاقىرىپ سېنى ئېسىڭدە قالغۇدەك بىر ئۇزىتىپ قويىمساق قانداق بولىدۇ، — دېدى يالقۇن.
مەمەت ئايبۇلاققا چىقىپ ئابلىمىت بىلەن كۆرۈشتى. ئابلىمىت ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، كۆك كۆزىنى ئۇياق بۇياققا يۈگۈرتۈۋېتىپ، يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى، ئاخىرى ئۇ بىر قارارغا كەلدى:
— ئەگەر سەن بىر قارارغا كېلىپ بولغان بولساڭ، ئۇكا، مەنمۇ سەن بىلەن بىللە يولغا چىقاي، بىرنەچچە يىلدىن بېرى بىز شېرىك ئوقەت قىلدۇق، ئەمدى سېنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.
ئەمەلىيەتتە مەمەت شەھەرگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئابلىمىت بىرنەچچە كۈنگىچە مۇشۇ ئىش ئۈستىدە كۆپ ئويلاندى، باراي دېسە، بۇ يەردىكى ئىش ـ ئوقىتىدىن ۋاز كېچىشكە چىدىمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ يەردىكى بازارنى باشقىلارغا بېرىپ قويغۇسى يوق ئىدى، بارماي دېسە، گۇاڭجۇدىكى ئىش ـ ئوقەت ئۇنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇۋاتاتتى. ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ بۇ يەردىكى ئىش ـ ئوقەتلىرىنى قول ئاستىدىكى بىر ئادىمىگە تاپشۇرۇپ، مەمەت بىلەن بىرگە يولغا چىقىشنى قارار قىلدى.
— بەك ياخشى بولدى، ئابلىمىتكا، ئىككىمىز چوقۇم پۇل تېپىپ كېتىمىز، ئەگەر ئىش ـ ئوقەت مۇنداقراق بولۇپ قالسا، قايتىپ كېلىمىز ئەمەسمۇ! — دېدى مەمەت.

## 18

دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، مەمەت بىلەن ئابلىمىت ھېچكىمگە خەۋەر قىلماي جىممىدە يولغا چىقتى. مەمەت بىلەن ئابلىمىت ئۈرۈمچى، بېيجىڭلارنى ئايلىنىپ ساق ئون ئۈچىنچى كۈنى گۇاڭ-

جۇ ۋوگزالىدا پويىزدىن چۈشتى. ئۇلار غۇلجىدا سەنيۇەنلى دېگەن يەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدى، ئۇلار كىرا قىلغان تاكسى ئۇلارنى سەنيۇەنلى دېگەن يەرگە يەتكۈزۈپ قويدى. ئۇلار بازار ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر كوچىدا بادامدوپپا كىيىۋالغان بىر ئادەمنىڭ نان سېتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. مەمەت خۇددى ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشمىگەن تۇغقىنىنى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالغاندەك ھاياجانلىنىپ ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۇستام، ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ؟ — دېدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

— بىز شىنجاڭدىن يېڭىلا چىققانىدۇق، مۇشۇ ئەتراپتا بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسى بار دەپ ئاڭلىغان، — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بار، ئۇدۇل مېڭىپ ئوڭ تەرەپكە ئەگىلسەڭلار قەشقەرلىك ئۆمەرجان دېگەن ئادەمنىڭ ئاشخانىسىنى كۆرىسىلەر، — دېدى ھېلىقى ئادەم قولى بىلەن تار بىر كوچىنى ئىما قىلىپ.

ئابلىمىت ئۇ كىشىدىن ئىككى نان ئالدى. ئۇلار ھېلىقى ئادەم ئىما قىلغان يولغا قاراپ ماڭدى. دېگەندەك، ئۇدۇلدا بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسى تۇراتتى. ئاشخانا ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە «گۇاڭجۇ ئۇيغۇر ئاشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغانىدى. ئۇلار ئاشخانىغا كىردى.

— خۇش كېلىپسىلەر، مېھمانلار، سىلەرگە نېمە تاماق ئېتىپ بېرىمىز؟ — دېدى ئون بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر كىچىك بالا.

مەمەت ئابلىمىتكە قارىدى.

— لەڭمەن يەيلى، ئۇكام، — دېدى ئابلىمىت.

— ئىككى تەخسە لەڭمەن، — دېدى بالا ۋارقىراپ. بالا ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بەردى.

ئۇلار تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، كىچىك بالىنى قېشىغا چاقىردى.
— ئېتىڭ نېمە، ساقام؟ — دېدى مەمەت بالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.
— شاكىرجان.
— ئەمىسە سەن ئۆمەرجان ئۇستامنىڭ بالىسى ئوخشىمامسەن؟ — دېدى مەمەت.
— ياق، مەن ئۇستامنىڭ بالىسى ئەمەس، مەن قەشقەردە ئۇستامنىڭ قولىدا ئىشلىگەن، بۇ يەرگە چىققىلى تېخى بىر ئايچە بولدى، — دېدى شاكىرجان.
— مۇنداق دە، ئۇكا، ئۆمەرجان ئۇستام بارمۇ؟ — دېدى مەمەت.
— بار.
— خاپا بولماي چاقىرىۋېتەمسەن؟
— ماقۇل، ئاكا، — دېدى شاكىرجان ۋە ئالدىراپ ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
ئۇزۇن ئۆتمەي ياندىكى ئۆيدىن ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى سېمىز بىر ئادەم چىقىپ كەلدى، مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا باردى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۆمەرجان ئاكا، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟! — دېدى مەمەت. ئارقىدىن ئابلىمىتمۇ ئۇستامغا سالام بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.
— بىز شىنجاڭدىن چىققان، سىز بىلەن كۆرۈشەيلى دېگەندۇق، — دېدى مەمەت.
— قېنى، ئولتۇرۇڭلار، خوش، — دېدى ئۆمەرجان ئۇستام ئۇلارغا قاراپ.
— بىز ئازراق ئىش - ئوقەت قىلىپ باقايلى دەپ چىققاندۇق، تېخى يېڭىلا پويىزدىن چۈشتۇق، مۇشۇ ئەتراپتا ئىجارىگە

بېرىدىغان بىرەر ئۆي تېپىلارمىكىن. بىز بۇ يەرنىڭ ئۇڭ ـ سولىنى بىلىپ بولغىچە يول كۆرسىتەرمىكىن دېگەنىدۇق، — دېدى مەمەت.

— گېپىڭلاردىن قارىغاندا غۇلجىدىن كەلگەن ئوخشىمامسىلەر؟ — دېدى ئۆمەرجان ئۇستام ئابلىمىتكە قاراپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، ئۇستام، — دېدى ئابلىمىت.

— مېنى سىلەرگە كىم تونۇشتۇردى؟ — دېدى ئۆمەرجان ئۇستام ئابلىمىتكە قاراپ تۇرۇپ.

— دوقمۇشتىكى ناۋاي ئۇستامدىن ئۇيغۇر ئاشخانىسى بارمۇ دەپ سورىغانىدۇق، — دېدى ئابلىمىت.

— ھە، مۇنداق دەڭلار، تۆۋەنگە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ۋاڭ تەتەي دېگەن بىر موماي بار، قورۇسىدا بىرنەچچە ئېغىز ئۆيى بار، شىنجاڭدىن چىققان ئۇيغۇر باللارغا ئىجارىگە بېرىۋاتىدۇ، ئاشۇ موماي بىلەن كۆرۈشسەڭلار بولىدۇ، — دېدى ئۆمەرجان ئۇستام.

— تۆۋەنگە خېلى ماڭىمىزما؟ — دېدى ئابلىمىت.

— بەش يۈز مېتىردەك ماڭسىلەر، يوغان دەرۋازا، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئىككى يوغان تاش شىر بار، ئاسان تېپىۋالىسىلەر، — دېدى ئۆمەرجان ئۇستام. ئابلىمىت مەمەتكە قارىدى، مەمەت ئۇستامغا قاراپ تۇرۇپ:

— ئەمىسە سىزگە رەھمەت، ئۇستام، بىز ئاشۇ موماي بىلەن كۆرۈشۈپ باقايلى، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— خوش ئەمىسە، — دېدى ئۆمەرجان ئۇستام.

— خوش.

ئۇلار ئاشخانىدىن چىقتى. مەمەت ئەتراپقا تەكشى كۆز تاشلاپ چىققاندىن كېيىن كوچىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قاراپ ئەمدى قەدەم ئېلىشىغا، ئۆمەرجان ئۇستام ئاشخانىدىن چىقىپ، ئۇلارنى چاقىردى.

— ئۇكىلىرىم، توختاڭلار.

ئۇلار قەدىمىنى توختىتىپ، كەينىگە ياندى.

— كەچۈرىسىلەر، مەن سىلەرنىڭ ئىسمىڭلارنى سورىۋالماپتىمەن، — دېدى ئۆمەرجان ئۇستام.

— مېنىڭ ئېتىم ئابلىمىت، بۇ ئۇكامنىڭ ئېتى مەمەت، — دېدى ئابلىمىت.

— ھە، ئابلىمىت، مەمەت، سىلەر غۇلجىنىڭ قەيىرىدىن بولىسىلەر؟

— ئۈچدەرۋازا دېگەن يېرىدىن.

— ھە، ئۈچدەرۋازا دېگەن يېرىدىن ئىكەنسىلەر ـ دە، مۇنداق بولسۇن، بۇ چوڭ سومكىلىرىڭلارنى كۆتۈرۈپ تېنەپ يۈرمەڭلار، بىزنىڭ شاكىرجان سىلەرنى ۋاڭ تەتەيىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويسۇن، — دېدى ئۆمەرجان قېشىدىكى شاكىرجاننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— رەھمەت، ئۇستام، — دېدى ئابلىمىت.

ئۆمەرجان ئۇستام ئاشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

شاكىرجان ئۇلارنى باشلاپ ۋاڭ تەتەيىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

شاكىرجاننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ئۇلار ۋاڭ تەتەيىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ جايلىشىۋالدى.

مەمەت بىلەن ئابلىمىت بىر ھەپتىگىچە بازار ئايلىنىپ ئەھۋال ئىگىلەپ يۈردى، ئۇلارنىڭ ئۈچ ۋاخ تامىقى ئۆمەرجان ئۇستامنىڭ ئاشخانىسىدا بولدى. تاماقتا مۇشۇ يەرگە كېلەتتى، ئۇزۇنغا قالماي مەمەت بىلەن ئابلىمىت غۇلجىدىن كەلگەن يۇرتداشلىرى بىلەن تېپىشىپ، چىقىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ يول كۆرستىشى بىلەن سودىنىڭ يولىنى تېپىپ ئىش ـ ئوقىتىنى باشلىۋالدى.

# 19

شىنجاڭلىق بالىلارنىڭ بۇ يەردە قىلىۋاتقان ئوقىتى ئاساسەن دېگۈدەك ياقىسىدىكى كەنتلەردىن ياكى شۇ ئەتراپتىكى ماگىزىنلاردىن ئەتكەس مال ئېلىپ شەھەرگە يۆتكەش ئىدى. نۆۋەتتە تېز ئۆتۈۋاتقان مال چەت ئەللەردىن كىرىۋاتقان تاماكا، قول سائىتى، ئۇنىئالغۇ قاتارلىق ماللار ئىدى. مەمەت بىلەن ئابلىمىت ئىككىسى بىر بولۇپ، غۇلجىلىق بالىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، دېگۈدەك ياقىسىدىكى ئەتكەسچىلەردىن تاماكا، ئۇنىئالغۇلارنى سېتىۋېلىپ، شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ قولدىن چىقىراتتى، ئۇلار بىر ئاي ئىچىدە خېلى جىق پايدا كۆردى، ئىش ـ ئوقەتنىڭ يولىنى بىلىۋالدى. ئۇلار بازارنى كۆزىتىپ تۇرۇپ، ھەر قېتىمدا بىرنەچچە ماشىنا مال يۆتكەيدىغان بولدى، يەنە بىر ئاي ئۆتتى، ئۇلار ئىش ـ ئوقىتىنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ چوڭايتتى، چۈنكى ئەتكەس ماللارغا بازارنىڭ ئېھتىياجى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتاتتى، ئۇلار كۈندۈزنى كېچىگە، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ كەتتى. ئوقەت تازا ياخشى مېڭىۋاتقاندا ساقچىلار ئەتكەس ماللارغا زەربە بېرىش كۈرىشىنى باشلىۋەتتى. مەمەت بىلەن ئابلىمىت تەدبىر قوللىنىپ، مالنى كېچىسى، يەنە يېرىم كېچىدە يۆتكەيدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ تەدبىرى ياخشى ئۈنۈم بەردى، باشقا ئوقەتچىلەرمۇ ئۇلارنى دوراپ، ماللىرىنى كېچىدە يۆتكەيدىغان بولۇۋالدى. يەكشەنبە كۈنى ئۇلار ئەتىگەندە ئۆمەرجان ئۇستامنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇشىغا، ئۆمەرجان ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ھە، ئىش ـ ئوقىتىڭلار قانداقراق كېتىۋاتىدۇ، يىگىتلەر؟ — دېدى ئۇ.

— خۇداغا شۈكرى، ئۇستام، ھەر ھالدا ياخشى، — دېدى ئابلىمىت.

— ئىشقىلىپ بايقاڭلار، تونۇگۈن چۈشتە شىنجاڭدىن كەل-
گەن بىرنەچچە ساقچى ئاشخانىمىزغا تاماققا كەلگەنىكەن. ئۇلار
بىلەن ئازراق پاراڭلىشىپ قالدىم، ئاڭلىسام ئەتكەس ماللارغا
زەربە بېرىدىغان ئوخشايدۇ، ھەر ھالدا بىرنەچچە ئايدىن بېرى
خېلى ئوبدان سودا قىلىۋالدىڭلار، مېنىڭچە ئەمدى ئەتكەس مال-
لاردىن قول ئۈزسەڭلار بولارمىكىن، پۇلى ياخشى دېگەنبىلەن
تۇتۇلۇپ قالساڭلار پۇتۇن دەسمايەڭلاردىن ئايرىلىپ قالىسى-
لەر، — دېدى ئۆمەرجان ئۇستام.

— رەھمەت، ئۆمەرجانكا، بۇ گەپنى بەك ياخشى قىلدى-
لا، — دېدى ئابلىمىت. ئۇستامنىڭ بۇ سۆزى ئابلىمىتكە بەكمۇ
خۇشياقۇقانىدى. چۈنكى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ مەمەتكە:
«ئەمدى بۇ يەردىن كېتىۋالايلى، ئۇكا، بىز يۇرتتا بەش - ئون
يىلدا تاپىدىغان پۇلنى بۇ يەردە بىرنەچچە ئاينىڭ ئىچىدىلا تېپىپ
بولدۇق، ئەمدى تورنى يىغايلى، يۇرتقا قايتايلى» دېگەنىدى.
لېكىن مەمەت ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىغانىدى: «بازار شۇنداق
ياخشى بولۇۋاتسا، كېتىپ نېمە قىلىمىز، ئاكا؟! غۇلجا قېچىپ
كەتمەيدۇ، قاچان بارساق بولۇۋېرىدۇ، لېكىن بۇ يەرنىڭ بازىرى
داۋاملىق بۇنداق ياخشى بولۇۋەرمەيدۇ - دە، بازارنىڭ مىجەزى
موزاينىڭ مىجەزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، موزاي سامانلىقىچە يۈگۈ-
رۈپ توختاپ قالغاندەك بىر مەزگىل جانلانغان بازار تويۇنغاندىن
كېيىن، ئۇمۇ سامانلىقتا يېتىۋالىدۇ. شۇڭا پۇرسەتنى قولدىن
بېرىپ قويساق بولمايدۇ» دېگەنىدى مەمەت. مانا ھازىر ئەتىگەندى-
لا ئۇستامنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭغا ناۋاتتەك ياقتى.

— بۈگۈن پولۇ بەك ئوخشىدى، ئۇكىلىرىم، پولۇ يەپ
باقامسىلەر؟ — دېدى ئۇستام.

— شۇنداق قىلايلى، ئۇستام، — دېدى مەمەت. شاكىرجان
ئۇلارغا بىر لېگەندە پولۇ ئەكەلدى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئاشخا-
نىدىن چىقتى.

— ياتاققا كىرەيلى، ئۇكا، ساڭا دەيدىغان ئازراق گەپ بار ئىدى، — دېدى ئابلىمىت مەمەتكە قاراپ تۇرۇپ.

— كەينىمىزگە قايتىپ نېمە قىلىمىز؟ مۇشۇ يەردە دەۋەر-مەمسەن؟!

— بۇ يەردە دېگىلى بولمايدۇ، ئۇكا، ياتاقتا كىرەيلى!

ئۇلار ياتاققا كىردى، ئابلىمىت كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ گېپىنى باشلىدى.

— ئۆمەرجان ئۇستام بىزگە ياخشى ئۇچۇر بەردى، ئۇكا، مېنىڭچە ئەمدى بىز ئەتكەس مال بىلەن ھەپىلەشمەيلى، ھازىر بەزى ئاغىنىلەر زاۋۇتلار بىلەن توختاملىشىپ رەخت ئېلىپ شىنجاڭغا رەخت ماڭدۇرۇۋاتىدۇ، مۇشۇ ئىش سەل بىخەتەردەك قىلىدۇ، ئۇكا، بىزمۇ ئاشۇ ئىشقا، رەختچىلىككە ئۆتۈۋالمايمىز-مۇ! — دېدى ئابلىمىت.

— ئاشۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ، ئابلىمىتكا، بىراق ئەتكەس مالنىڭ پۇلى ياخشى ئىدى - دە! — دېدى مەمەت.

— ھۆكۈمەت قىلما دېگەن ئىشنى قىلمايلى، ئۇكا، تاپقان يولىمىزغا قانائەت قىلايلى، — دېدى ئابلىمىت.

— ئەمىسە سەن دېگەندەك قىلايلى، ئابلىمىتكا، بۈگۈن دەم ئالايلى، ئەتە رەختچىلىق قىلىۋاتقان ئاغىنىلەرنى بىر مېھمان قىلىپ، ئۇلاردىن ئەھۋال ئىگىلەپ باقمايمىزمۇ، — دېدى مەمەت.

— ئەمىسە سەن دېگەندەك بولسۇن، ئۇكا، بۈگۈن بىر ھېساب - كىتاب قىلىۋالايلى ئەمىسە، پۇلنى ئىككىگە بۆلەيلى، قالغان ئىشنى كېيىن كۆرمەيمىزمۇ! يا ئىككىمىز داۋاملىق شې-رىك ئوقەت قىلارمىز، يا ئۆز ئالدىمىزغا يەككە قىلارمىز، — دېدى ئابلىمىت.

— بىر ئىش بولدىما، ئابلىمىتكا؟ — دېدى مەمەت ئابلى-مىتنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— ھېچ ئىش بولمىدى، ئۇكا، ئەمدى باشقا ئوقەتكە يۆتكى-لىدىغان بولغاندىكىن بىر قېتىم ھېساب - كىتاب قىلىۋېتەيلى دەيمەنغۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇكا، مېنىڭ يۇرتقا كەتكۈم كېلىپلا تۇرىدۇ، كۇندە توخۇ چۇشەپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى ئابلىمىت.

— ئەمىسە ھېسابلاشساق ھېسابلىشايلى، ئاكا، قالغان گەپ-لەرنى كېيىن قىلىشارمىز، — دېدى مەمەت.

ئابلىمىت ھېساب - كىتابنى چىقاردى. پۇل بىلەن ھېسابنى ئابلىمىت ئۆزى تۇتقانىدى، ئۇ ھېسابنى چىقىرىپ بولغاندىن كې-يىن، مەمەتكە كۆرسەتتى.

— مانا، ئۇكا، ھەممىنى ھېسابلاپ بولدۇم، ماۋۇ بىزنىڭ مال يۆتكەپ ئەكېلىپ ساتقان قېتىم سانىمىز، ماۋۇ بىزنىڭ قوشقان دەسمايىمىز، مانا ماۋۇ ئىككىمىزگە قالغان پايدا...

— خېلى ياخشى پايدا كۆرۈپتۇق - ھە، ئابلىمىتكا، — دېدى مەمەت.

— شۇنداق، ئۇكا، ئەمىسە مەن بانكىغا چىقىپ ھەممە پۇلنى ئەكىرەي، ئىككىمىز پۇلنى بۆلۈشۈۋالايلى، — دېدى ئابلىمىت.

— چۇش بولۇپ قالدى، تاماقتىن كېيىن بارمامسەن؟ — دېدى مەمەت.

— ئەتىگەن يېگەن پولۇ تېخى مەيدەمدە تۇرىدۇ، ئۇكا، سەن يېسەڭ يە، مەن بازارغا چىقىپ پۇلنى ئەكىرەي.

— ئەمىسە بانكىدىن چىققاندا ئالدى - كەينىڭگە قاراپ ماڭارسەن، — دېدى مەمەت.

ئابلىمىت بانكىغا چىقىپ كەتتى. مەمەت تورۇسقا تىكىلگى-نىچە ئاللىقانداق شېرىن خىياللارغا پېتىپ خىيال سۈرۈپ ياتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن ئابلىمىت بانكىغا قويغان پۇلنى كۆتۈ-رۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ مەمەتكە تېگىشلىك پۇلنى مەمەتنىڭ ئالدىغا قويدى.

— سانا، ئۇكا!

— سەن سانىغاندىن كېيىن بولدى، ئابلىمىتكا، — دېدى مەمەت.

— ياق، ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، ئۇكا، بىكارغا پۇل بەرسىمۇ سانىۋال دېگەن گەپ بار، سانا! — دېدى ئابلىمىت.

مەمەت پۇل ساناشقا كىرىشىپ كەتتى. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن، ئۇ پۇلنى ساناپ بولدى.

— يەنە بانكىغا بارىدىغان بولدۇق - دە، ئابلىمىتكا، ئۆزۈڭ بايام بانكىدا ئايرىم - ئايرىم قىلىپ ئىككىمىزنىڭ نامىدا قويۇۋەتسەڭ بولاتتىغۇ! — دېدى ئۇ ئابلىمىتكە قاراپ تۇرۇپ.

— ئەسلىي شۇنداق قىلسام بوپتىكەن، ئۇكا! — دېدى ئابلىمىت.

— ئەمىسە ئەتە بىر كۈن دەم ئالايلى، ئابلىمىتكا، مەن بۇ شەھەرگە كەلگەندىن بېرى ئۆيدىكىلەرگە ھېچ نەرسە ئەۋەتەلمىدىم، ئەتە چوڭ - چوڭ ماگىزىنلارنى ئايلىنىپ بىر كۈن سودا قىلىۋالاي، — دېدى مەمەت. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئابلىمىتنىڭ خىيالىغا بىر ئىش كىرىۋالدى.

— ئەمىسە سەن ئەتە سودىلىقلىرىڭنى قىلىۋال، ئۇكا، مەن ئۆتكەندە ئۆيدىكىلەرگە بىر تاغار بىرنېمە ئەۋەتىۋەتكەن، مەن ئەتە بىكار تۇرۇپ قالماي، دېڭىز بويىغا يەنە بىر بېرىپ كېلەي، ھازىر تاماكا بەك پۇل بولۇۋاتىدۇ، بەش ماشىنا تاماكا يۆتكىۋالاي، دەسمايىنى ئىككىمىز تەڭ چىقىرايلى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر قىلىۋالمايمىزمۇ! — دېدى ئابلىمىت.

— مەيلى ئەمىسە، ئابلىمىتكا، سەن دېگەندەك بولسۇن، — دېدى مەمەت. مەمەت ئابلىمىتقا دەسمايە پۇلنى ساناپ بەردى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئابلىمىت مەمەت بىلەن خوشلىشىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى، مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆمەرجان ئۇستام-

نىڭ ئاشخانىسىغا چىقىپ چاي ئىچتى، چايدىن كېيىن بازارغا چىقىپ سودىلىق قىلدى، ئۇ گۇاڭجۇدىكى ئەڭ چوڭ سودا سارد-يىغا كىرىپ، چامادانىدىن ئۈچنى سېتىۋالدى، ئاندىن ئۈچ كاس-تۇم - بۇرۇلكا، ئۈچ ئۇنىئالغۇ قاتارلىق تۈرلۈك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ چامادانغا قاچىلىدى. ئاندىن ئاپىسىغا ئاتاپ بىر يۇ-رۇش كىيىم، بىر ئالتۇن بىلەزۈك ئېلىپ، چامادانغا سالدى، ئاندىن چامادانلارنى سودا سارايدىن ئاچىقىپ، پوچتىخانىغا ئاپد-رىپ غۇلجىدا يازدۇرۇۋالغان ئادرېسى بويىچە، ئۈچ چامادانىنى دادىسىغا، يالقۇنغا، ئەيساغا قارىتىپ ئايرىم - ئايرىم سالدى، ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خېلى يېنىكلەپ قال-دى، چۈنكى ئۇ بىر ئايدىن بېرى ئۆيگە خالتا سېلىش ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرالماي كەلگەنىدى. مەمەت چۈشتىن كېيىن ئۆمەر-جان ئۇستامنىڭ ئاشخانىسىغا كەلدى، ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ تۇ-رۇپلا قالدى، ئاشخانىدىكى بىرنەچچە ئۇستەل - ئورۇندۇقلار ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى. تاماقلا كىرگەن ئوقەتچى باللار قايغۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

مەمەت بىر ئورۇندۇقنى تۈزلەپ ئولتۇرۇپ، شاكىرجاننى قېشىغا چاقىردى.

— نېمە ئىش بولدى، ساقام؟

— ئازاد نوچى دېگەن ئادەم ئاقسۇلۇق بىر بالىنى ئۇرۇپ كەتتى، — دېدى شاكىرجان. ئۆمەرجان ئۇستام ئاشخانا ئۆيىدىن چىقىپ، مەمەتنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھەرنېمە بولسا كەچرەك كېلىپسەن، ئۇكام، بولمىسا ئۇ گۆي سېنىمۇ بوزەك قىلاتتى، — دېدى ئۆمەرجان.

— نېمە ئىش بولدى، ئۇستام؟

— ھەي، نېمە دەيمەن، ئۇكا ساڭا، بىرەر يىل بولدى، ئازاد نوچى دېگەن بىر گۆي پەيدا بولۇپ قالدى. بىرەر - ئىككى ئايدا بىر قېتىم كېلىدۇ، ئوقەتچىلەرنىڭ ھەممىسىدىن پۇل قەرز

سورايدۇ، بەرمىسە ئۇرىدۇ، ئۇرغاندىمۇ بىرنەچچە كۈن قوپالماس قىلىپ ئۇرۇۋېتىدۇ، شۇڭا باللار ئوشۇق گەپ قىلماي سورىغان پۇلنى بېرىپ ئۇنى يولغا سالىدۇ، بۇگۈن چۈشتە يەنە پەيدا بولۇپتىكەن، كەلگىلى نەچچە كۈن بولغان بىر ئاقسۇلۇق بالىدىن پۇل سورىغانىدى، ئۇ ئازاد نوچىغا مەن سېنى تونۇمىسام نېمە ئۈچۈن ساڭا پۇل بېرىمەنكەن دەپ ئۇنىڭغا يانغانىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۆي ئاقسۇلۇق بالىنى ئۇرۇۋەتتى، بۇرنىدىن قان توختىمىدى بىچارىنىڭ، باللار ئۇنى دوختۇرخانىغا ئەكېتىشتى...

— هە... توۋا، كۆپكۆندۈزى ئادەم بۇلىغاندەكلا بىر ئىش ئىكەن - دە بۇ، — دېدى مەمەت.

— ئادەم بۇلىغاندەك ئەمەس، ئۇكا، شۇ ئادەم بۇلاۋاتامدۇ بۇ گۆي، — دېدى ئۆمەرجان ئۇستام.

مەمەت تاماق يەپ بولۇپ ياتىقىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەتىسى يەنە بىر كۈن دەم ئالدى، بۇگۈن ئەسلىدە ئابلىمىتنىڭ قايتىپ كېلىدىغان كۈنى ئىدى، لېكىن ئۇ ئۈچىنچى كۈنىمۇ قايتىپ كەلمىدى، بەشىنچى كۈنى بولغاندا، ئابلىمىت قايتىپ كەلدى.

— ئىش ئەپلەشمىدى، ئۇكا، يېرىم يولغا كەلگەندە ساقچىلار مالنى مۇسادىرە قىلىۋالدى، — دېدى ئابلىمىت. ئۇ ناهايىتى جىددىي كۆرۈنەتتى.

— قەيەردە شۇنداق بولدى؟ — دېدى مەمەت جىددىيلىشىپ.

— شەهەرگە كىرىدىغان يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئاسما كۆۋرۈككە كەلگەندە شۇنداق بولدى، بەش ماشىنا مالنىڭ هەممىسىنى مۇسادىرە قىلىۋالدى، — دېدى ئابلىمىت.

— قولۇڭغا بىرنېمە يېزىپ بەردىمۇيا؟

— ياق...

— يالغان ساقچىلارغا ئۇچراپ قالمىغانسەن، ئابلىمىتكا! — دېدى مەمەت ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ جىددىي هالدا.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئۇكا، يىگىرمە نەچچە ساقچى يولنى توربۇالدى، ئۇلار شوپۇرلارنى ھەيدەپ چۇشۇرۇپ، ماشىنىلارنى ئۆزلىرى ھەيدەپ كەتتى، — دېدى ئابلىمىت.

— يالغان ساقچىلارغا ئۇچراپ قالغان ئوخشايسەن... بوپتۇ، ئابلىمىتكا، بالا - قازا شۇنىڭ بىلەن كېتەر، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى مەمەت.

— مەن كېتەيمىكىن دەيمەن، ئۇكا، تۆت - بەش تەڭگە پۇل تاپتۇق دېگەنىبىلەن مۇشۇنداق مۇسادىرىگە كېتىۋەرسەك تاپقان نەرسىمىزنىڭ ھەممىسى سورۇلۇپ تۇگەيدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئابلىمىت.

— شۇڭا رەختچىلىق قىلىدىغان بولدۇققۇ، — دېدى مەمەت.

— ئەمدى مەن رەختچىلىقمۇ قىلماي، ئۇكا، سەن قالساڭ قال، مەن كېتەي، مەن ساڭا ئوخشاشمايمەن، باللىرىم بار، يۇرتقا بېرىپ جاھاندارچىلىق قىلاي، — دېدى ئابلىمىت.

مەمەت ئويلىنىپ قالدى، ئابلىمىتمۇ ئۇزۇنغىچە گەپ قىلـ-ماي ئولتۇردى. مەمەت شۇ تاپتا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابلىمىتنىڭ كۆزىگە قارىماقچى بولدى، لېكىن ئۇ ئابلىمىتنىڭ كۆزىگە قارىـ-مىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى ھەممە ئىشنى تۇيۇپ تۇراتتى.

— مەيلى، ئابلىمىتكا، كېتىمەن دېسەڭ كەت، يولغا چىقىـ-دىغاندىمۇ كەلگۈڭ كەلمەي ئاران ماڭغاندەك، مەن بويتاق ئا-دەم، بالام يوق، كالام يوق، بىرنەچچە يىل مۇشۇ يەردە تۇرۇپ رەختچىلىق قىلاي، — دېدى مەمەت.

— ئەمىسە رەنجىمەيسەن، ئۇكا، مەن بۈگۈن كەچنىڭ پويىـ-زىدا ماڭىمەن، — دېدى ئابلىمىت.

— نېمە ئالدىراش بۇ، ئابلىمىتكا، ئۈچ - تۆت كۈن تۇرۇپ

بالىلارغا بىرنېمە ئېلىۋالامسەن؟ — دېدى مەمەت.
— بۇ يەرنىڭ نەرسىلىرى بالىلارغا تازا توغرا كېلىپ كەتـ-
مەيدىكەن، ئۇكا، ئۇرۇمچىدىنلا ئالامدىم! — دېدى ئابلىمىت.
مەمەت ئابلىمىتنى پويىز ئىستانسىسىغا ئاپىرىپ يولغا سې-
لىپ قويدى، پويىز مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن، مەمەت ياتىقىغا
قايتىپ كەلدى.
ئەسلىدە ئابلىمىت ئاخىرى يۆتكىگەن بەش ماشىنا مالنى
ساقچىلارغا تارتقۇزۇپ قويىمىغانىدى، ئۇ ئاشۇ ماللارنى بازارغا
ئەكىرىپ سېتىۋەتكەنىدى. شۇ كۈنى ھېساب ـ كىتابنى بوغقاندا،
ئابلىمىت ئىچىدە مەمەت ماڭا پۇلنى جىقراق بۆلۈپ بېرىشى
كېرەك دەپ تەمە قىلغانىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسابى بويىچە ئېيتقانـ-
دا، پۇلنىمۇ، ھېسابنىمۇ ئۆزى تۇتۇپ، كېچىنى كېچە، كۈندۈز-
نى كۈندۈز دېمەي بانكىغا قاتراپ ئىشنىڭ ئېغىرىنى ئۆزى قىلغا-
نىدى، شۇڭا ئەلۋەتتە پۇلنىمۇ جىقراق ئېلىشى كېرەك ئىدى.
مەمەت ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بۇ سان ـ سىفىرلەرنى بىلەلمىدى،
شۇڭا ئۇ گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ، ئۆزىگە تېگىدىغان پۇلنى ئالدى-
غا تارتىپ سانىغانىدى. ئاخىرىدا مەمەتنىڭ تۇغقانلارغا خالتا
ئالىمەن دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، ئىتتىكلا ئاخىرقى بىر قېتىم
مال يۆتكىۋالايلى دېگەن گەپنى چىقارغانىدى. ئاخىرىدا ئۇ مەمەت-
نىڭ ساناپ بەرگەن پۇلىنى قولىغا ئالدى. نەتىجىدە ئۇ يۇقىرىقى
ئاشۇ ھېكايىنى توقۇپ چىقىپ، مەمەتنى كولدۇرلاتقانىدى. مە-
مەتمۇ بىر ئىشنى بايقىغاندەك قىلدىيۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئىسپات
بولمىغاچقا، «گۇمان ئىماننى قاچۇرار» دېگەن گەپ بار، قالايمى-
قان ئويلاردا بولماي، باش ـ كۆزۈمنىڭ سادىقىسى بولۇپ قال-
سۇن، دەپ، بۇ ئىشنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتتى.

## 20

مەمەت ئۆزۆنغا قالمايلا ئىش - ئوقىتىنى رەختچىلىككە يۆتكىۋالدى.

چۈشتە «ئوقەتچى» باللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆمەرجان ئۇستامنىڭ ئاشخانىسىغا يىغىلىپ تاماقلىناتتى. بۈگۈنمۇ ئۇلار تاماقلىنىپ بولۇپ، ئاچچىق دەملەنگەن قارا چاي ئىچىشكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. تۇيۇقسىز ئاشخانىنىڭ ئىشىكىدە بەستىلىك بىر يىگىت پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ، كۆزلىرى قان ئۇيۇپ قالغاندەك قىزىل ئىدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئىشىكنىڭ قانىتىغا دۈمبىسىنى قىلىپ ئولتۇردى.

— ئازاد نوچى كەلدى...

— بىر ئاينىڭ ئالدىدا كېلىپ كەتكەنغۇ بۇ گوي...

ئاشخانا ئىچىدە يېنىك پىچىرلاشلار كۆتۈرۈلدىيۇ، بىردەمدىلا تىنچلاندى.

ئۆمەرجان ئۇستام ئازاد نوچىنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، ئاشخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىن ئالدىراپ - تېنەپ چىقىپ كەلدى.

مەمەت بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇقتا ئازادتىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇراتتى. مەمەتنىڭ ئازادنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.

— ئازاد ئۇكا، قانداقراق ئەھۋالىڭ؟ — دېدى ئۆمەرجان ئۇستام، زورىغا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياخشى دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، ئۆمەركا، بىز يا بىرەر ھۈنەر - پۈنەر ئۆگىنىپ قويمىغانىكەنمىز، لاغايلاپ يۈردۇق شۇ، — دېدى ئازاد كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— ھېلىمۇ ھال - ئەھۋالىڭ ياخشى، ئۇكا.

— قانداقسىغا ياخشى بولىدۇ، ئاكا، خەقلەرگە قەرز بېرىپ تۇرغان پۇلۇمنى ئالالماي لالمىدەك قاتراپ يۈرىمەن شۇ!

— خوش، ئۇكا، كۆكلۈك نېمە تاماق تارتىدىكى! — دېدى ئۆمەرجان ئۇستام چىرايىغا ئەتەي كۈلكە يۈرگۈزتۈپ.

— يانچۇق قۇرۇق، ئاكا، ئاشقان - تاشقان بارات تازىنىڭ دەپتىكەن، ئاشقان تاماق - پامىقىنىڭ بولسا ئاچقىپ بەرسەڭ بولدى.

— ئۇنداق دېمە، ئۇكا، سەت بولىدۇ، سەن دېگەن كىم؟ سەن ئاشقان تاماق يەيدىغان ئادەم ئەمەس، ئۆزۈم ساڭا بىر قوللۇق گۆكگۆرمەن① قىلىپ بېرەي، بىر چىنە يەۋالساڭ بىر كۈن قورسىقىڭ ئاچمايدۇ، — دېدى ئۆمەرجان ئۇستام.

— ئۇنداق كۆكلۈك بولسا يەنە مەيلى جۇما، — دېدى ئازاد پەس ئاۋازدا.

ئۆمەرجان ئۇستامنىڭ تاماق ئېتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كېتىدشى بىلەن، ئاشخانىنىڭ ئىچى يەنە جىمىپ كەتتى، ھېچكىم گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي ئولتۇراتتى.

— ھە، قېرىنداشلار، قانداقراق ئەھۋالىڭلار؟ گەپ قىلمايسىلەرغۇ؟ ئاڭلىسام غۇلجىدىن مەمەت دېگەن بىر يېتىم ئوغلاق چىقىپتىمىش، پۇلنى سۇزۇۋالدى دەيدىغۇ ئۇ يېتىمنى، شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ ئاداشنىڭ ئەلگىكى بەك ياخشى ئوخشىمامدۇ! — دېدى ئازاد.

ھەممە ئادەم مەمەتكە قارىدى.

— مەمەت دېگەن قايسىڭ؟ ئورنۇڭدىن تۇرە، — دېدى ئازاد ۋاقىراپ.

مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ، ئازادنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— خېلى جېنىڭ بار نەرسە ئوخشىمامسەن، سېنى پۇل

① گۆكگۆرمەن — لەگمەننىڭ بىر خىل تۈرى، خېمىرنى قاتتىق پىشۇرۇپ، ئېشىپ سېلىپ توم پىشۇرىدۇ.

دېگەننى غەزەپ تېپىپ كەتتى دەپ ئاڭلايمەنغۇ! — دېدى ئازاد ۋارقىراپ.

— ئەلگىكىڭ نوچى بولسا سەنمۇ سۇزۇۋالىسەن، — دېدى مەمەت چىرايىنى ئاچماي.

— ئاپلا، مەمەت يامان قىلدى ـ دە، — دېدى تاماق ئېتىدىغان ئۆيدە بېشىنى چىقىرىپ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئۆمەرجان ئۇستام.

— تېخى، ئون جېنىڭ بار ئوخشىمامدۇ سەن گۇيىنىڭ!

— سېنىڭ قانچە جېنىڭ بولسا مېنىڭمۇ شۇنچە جېنىم بار، — دېدى مەمەت.

— ئىككىمىز چىقىشىپ قالىدىغان ئوخشايمىز، خېلى ئوغۇل بالىچىلىقىڭ باردەك قىلىدۇ، ئەمىسە ئون مىڭ سوم بېرىپ تۇرامسەن؟ سوم دېمىسەم چۈشەنمەيسەن غۇلجىلىق پوچى، — دېدى ئازاد مەمەتكە غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرۇپ.

— مەن سېنى تونۇمىسام، نېمىدەپ ساڭا ئون مىڭ سوم بېرىپ تۇرىمەنكەن؟ — دېدى مەمەت.

— ئەمىسە مەن ساڭا ئۆزۈمنى تونۇتۇپ قوياي، — ئازاد ئورنىدىن تۇرۇپ مەمەتنى شاپىلاق بىلەن بىرنى سالدى. مەمەت ئولتۇرغان يېرىدە قىمىرلىماي ئولتۇردى، ئازاد مەمەتنى يەنە بىر تەپتى، مەمەت يەنە قىمىر قىلماي ئولتۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى، ئازاد تېرىكتى، ئۇ مەمەتنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، مەمەتنىڭ بۇرنىنى نىشانلاپ باش بىلەن بىرنى ئۇستى، مەمەت چاققانلىق قىلىپ بېشىنى ئوڭ تەرەپكە قاچۇردى، ئازاد قاتتىق كۈچىگەنلىكتىن ئۆزىنى باشقۇرالماي دەلدەڭلەپ بېرىپ يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ بۇرنى قاناپ كەتتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ مەمەتكە مۇشت ئاتتى، مەمەت يەنە چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئازادنى چاپۇتلاپ يىقىتىۋەتتى. ئازاد چىدىمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ

ئۈزۈن پىچىقىنى چىقىرىپ، مەمەتكە غەزەپ بىلەن تىكىلدى.
— ھەي مۈشتلاشماقچىلار، ئاۋۇ ئىككىسىنى ئاجرىتىۋەتسەڭلار بولمامدۇ، — دېدى ئۆمەرجان ئۇستام ۋارقىراپ.

بىرنەچچەيلەن قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويىدىغانغا ئادەم چىقمىدى.

— ھەي بەندىلەر، ماۋۇ ئىككىسىنى ئاجرىتىپ قويۇڭلار، — دېدى ئۆمەرجان ئۇستام يەنە ۋارقىراپ. لېكىن ئۇلارنى ھېچكىم ئاجرىتىپ قويمىدى.

— ئەمدى ئازاد نوچى مېنىڭ ئۇرۇشۇمنى كۆر، — دېدى مەمەت ۋارقىراپ. مەمەت چاققانلىق بىلەن بىرنەچچە مۇشت ئېتىپ ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىنى قارىغۇسىز قىلىپ قويدى، ئۇنىڭ مۇشت چىقىرىشى ناھايىتى تېز ئىدى. قاراپ تۇرغان بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ ئوك كەلسە پۇتى بىلەن، بولمىسا مۇشتى بىلەن ئازادنى ئۇرۇپ يانتۇزۇپ قويدى. ئازاد بېشىنى كۆتۈرەلمەي يەردە يېتىپ قالدى.

— مەن ئەزەلدىن بىر چۇمۇلىگىمۇ ئازار بەرگەن ئادەم ئەمەس، ھەممىڭلار كۆرۈپ تۇردۇڭلار، ئازاد ئاشخانىغا كىرىپلا مېنى تىللاپ كەتتى، مەن ئوغرىلىق قىلمىدىم، بۇلاڭچىلىق قىلمىدىم، ئوقەت قىلىپ پۇل تاپتىم، ئازادنىڭ مېنى تىللايدىغان يولى يوق - دە! — دېدى مەمەت بالىلارغا قاراپ تۇرۇپ. بالىلار گەپ قىلمىدى. ئۇلار گەپ قىلماي تۇرغىنى بىلەن، ھەممىسى ئىچ - ئىچىدىن خۇشال ئىدى. بالىلارنىڭ ئىچىدىن ئەركىن ئىسىملىك بالا چىقىپ، شاكىرجاننى چاقىردى.

— كەل، ساقام، بىر چېلەك سۇ ئاچىق، — دېدى.

شاكىرجان يۈگۈرۈپ تاماق ئېتىدىغان ئۆيگە كىرىپ، بىر چېلەك سۇ كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەركىن شاكىرجاننىڭ قولىدىن چېلەكنى ئېلىپ، يەردە ياتقان ئازادنىڭ بېشىغا سۇ قۇيدى. ئازاد ئاستا كۆزىنى ئاچتى، ئەركىن ئازادنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— ئولتۇرە، ئاداش، ماۋۇ ئورۇندۇقتا، گېپىڭ بولسا چىد-
-رايلىق قىلمامسەن، بولدى قىل، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال دېسە ئۇند-
-مايسەن، غۇلجىلىق دېگەننىڭ قولىنىڭ ئىچىدە قولى بولىدۇ،
ئۇ خەق چىشى چىققاندىن باشلاپ گەپ قىلىش بىلەن مۇشت
ئېتىشنى ئۆگىنىدۇ، شۇڭا ئۇ خەق سەكراتتا ياتسىمۇ بىر -
بىرىگە چاقچاق قىلىشىدۇ، ئەمدى ئاستا قايتىۋال، بۇقىنىڭ
بۇقىسى بار دېگەن مۇشۇ، ئاداش، — دېدى ئەركىن.

— ئازادنى ئالدىراتما، ئەركىن، ئۇستام ئۇنىڭ تامىقىنى
تەييار قىلىپ بولدى ھەرقاچان، تامىقىنى يەۋالسۇن! — دېدى
مەمەت.

ئۆمەرجان ئۇستام مەمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئىتتىكلا تا-
ماق ئېتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— شاكىرجان، لۆڭگىدىن بىرنى ئاچىق، ساقام، ئازادكاڭ-
-نىڭ بېشىنى سۈرتۈۋېتەيلى، — دېدى مەمەت. شاكىرجان بىر
لۆڭگە ئاچىقتى، ئەركىن ئۇنىڭ قولىدىن لۆڭگىنى ئېلىپ، ئا-
زادنىڭ باش - كۆزلىرىنى سۈرتتى.

— يەنە گۇڭگۇرمەن يەمسەن يا ئادەتتىكى لەڭمەنمۇ! ؟ —
دېدى ئەركىن.

— تولا جېنىمنى چىقارما، ئەركىن، — دېدى ئازاد كۆزىنى
ئېچىپ.

— ئەمدى ئىشىڭ تۈگىدى، ئازاد، بوشراق گەپ قىل، —
دېدى ئەركىن.

ئازاد ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا ماڭدى.

— توختا، ئاداش، نەگە بارىسەن؟ ئولتۇرە، تاماق
يەيمىز، — دېدى ئەركىن ئازادنى تۇتۇۋېلىپ.

— ئەمدى، باللار، چىقىپ ئىشىڭلارنى قىلمامسىلەر! —
دېدى مەمەت كەتمەي تۇرۇۋالغان باللارغا قاراپ.

باللار بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىدىن
چىقىپ كېتىشتى.

ئۆمەرجان ئۇستام ئازادنىڭ تامىقىنى ئەكېلىپ بەردى، ئازاد تامىقىنى يېيىشكە باشلىدى.

ئەركىن ئەسلىدە ئۇرۇمچىدە بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى، ئۇ باشلانغۇچتىن ئالىي مەكتەپكىچە خەنزۇ تىلىدا ئوقۇغانىدى، ئۇ ئانا تىل - يېزىقىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئىككى خىل تىل - يېزىقنى ياخشى ئىگىلىۋالغانىدى. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارزۇسى ئالىي مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچى بولۇش ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي، شەھەرنىڭ چېتىگە جايلاشقان بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىندى. ئۇ باشقا يەرگە يۆتكىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇ يەردىن يۆتكىلەلمىدى، مەملىكەت بويىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، هە دېگەندە بازارغا يۈزلەنگەن بىر تۈركۈم كىشىلەر پۇل تېپىپ باي بولدى، ئەركىننىڭ تونۇشلىرى ئىچىدە تۆت ئېغىز گەپنى ئوڭشاپ قىلالمايدىغان بەزى باللار گۇاڭجۇغا بېرىپ ئوقەت قىلىپ، تېزلا بېيىپ كەتتى. ئەركىن كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن كەسكىن هالدا بىر قارارغا كېلىپ، مەكتەپ بىلەن كېلىشىپ، گۇاڭجۇغا ئوقەت قىلغىلى ماڭغانىدى. ئۇ ئايالىغا: «مەن گۇاڭجۇغا بېرىپ ئازراق پۇل تېپىپ كېلەي، خوتۇن، مۇشۇ كۈندە ماڭقىسىنى ئېرتالمايدىغان بىرنېمىلەر گۇاڭجۇغا چۇشۇپ چامادانلاپ پۇل تېپىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئەمدى مېنىڭ يۆتكىلىدىغان ئىشىم ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئوخشايدۇ، ئاخىرقى هېسابتا مەن يا خىزمەتتە يوق، يا ئىقتىسادتا يوق بىر ئادەم بولۇپ قالماي» دەپ ئۇنى قايىل قىلىپ، پۇل تېپىش يولىغا كىرگەنىدى. ئۈچ يىل ئىچىدە ئۆزى دەسلەپتە مەقسەت قىلغان ساندىكىدىنمۇ جىق پۇل تېپىۋالدى، ئايالى ئاشۇ پۇللارنى كۆرۈپ، بىرنەچچە قېتىم ئەمدى قايتىپ كېلىڭ دەپ خەت يازغانىدى.

ئازاد تامىقىنى چالا - بۇلا يەپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى:

— مېنىڭ بۈگۈن مىجەزىم يوق بولۇپ قالدى، مەمەت، مەن بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى سەن بىلەن ئېلىشىمەن، — دېدى ئۇ.

— بولىدۇ، ساقىيىۋال، بىراق بەك ئالدىراپ كەتمە، مەن بىكار بولۇپ قالغان بىر كۈنى ساڭا خەۋەر قىلىمەن، — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەمدى بۇنداق گەپلەرنى قىلىشماڭلار، ئازاد، بىز خەق-نىڭ يۇرتىدا ئويۇن قويۇپ بەرمەيلى، چىقىشىپ ئۆتكىنىمىز ياخشى. ئازاد، سەنمۇ بولدى قىل ئەمدى، بىر يىلدىن بېرى بىز ساڭا ئوشۇق گەپ قىلمىدۇق، سورىغىنىڭنى بەردۇق، ئەمدى سەت تۇرىدۇ، ئاداش، باللار ئالدىڭدا گەپ قىلمىغىنى بىلەن، ھەممىسى ئىچىدە بىلىدۇ، ئادەمنىڭ ئىچىدىكى نەرسە سىرتقا چىقماي قالمايدۇ، ئاداش، سېنىڭمۇ پۇت - قولۇڭ ساق بولغان-دىن كېيىن، بىز بىلەن قوشۇلۇپ ئوقەت قىل، بىز بۇ يەرگە پۇل تاپقىلى كەلگەندىن كېيىن، جېدەل - ماجىرانى ئاز قىلايلى، ئۆلۈپ تۈگەيدىغان ئالەم، ئاداش، بۇ، ئەمدى ھۆرۈ - پۆرۈ دېسەڭ ئەپلەشمەيدۇ، ئازاد، مەمەت بىلەن ئەپلىشىپ قال، ئاغىنە بولۇپ ئۆتۈڭلار، ئەسكىلىك ئادەمگە ئەسقاتمايدۇ، ھەممىمىز ياخشىلىق بىلەن ئۆتەيلى، مەمەت، سەن قولۇڭنى ئازادقا بەر، ئىككىڭلار كۆرۈشۈڭلار، — دېدى ئەركىن.

— مەن ئەزەلدىن جان باقار ئادەم، كىشى بىلەن دۈشمەن بولۇشنى خالىمايمەن، يالقۇن يالپۇز دەيدىغان بىر شائىر ئاكا ئاغىنەم بولىدىغان، ئۇ دائىم بىر دوستۇڭ كۆپەيسە بىر دۈشمى-نىڭ يوقىلىدۇ دەيدىغان، مەن ئەلۋەتتە ئازاد بىلەن دۈشمەن بولۇشنى خالىمايمەن، — دېدى مەمەت ئازادقا قولىنى بېرىپ.

— ھە ئاداش، قولۇڭنى چىقار، ئاداش، خۇدايىم قولنى ئىشلىتىشكە يارانتقان، — دېدى ئەركىن.

ئازاد مەمەتكە تەتۈر قاراپ تۇرۇپ قولىنى بەردى.

— بۇمۇ بولىدۇ، ئاداش، ئىشقىلىپ، قولۇڭنى بەردىڭ، خوش، ئەمدى ئۇچىمىز بىرەر جىڭ ئىچىمىزما؟ — دېدى ئەركىن.

— مەن ياتاقتا كېتەي، كېيىن بىر كۈنى ئولتۇرارمىز، — دېدى ئازاد خىجىل بولۇپ.

— بولىدۇ ئەمىسە، ئەتە مەن سېنى ئىزدەيمەن! — دېدى ئەركىن.

ئازاد ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى، ئۆمەرجان ئۇستام ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

— توۋا، تاياق دېگەن يامان نەرسە ئىكەن جۇمۇ، ئازاد نوچى ئاپتاپتا قالغان تەرخەمەككە ئوخشاش سولىشىپ كەتتىيا! — دېدى ئۆمەرجان ئۇستام.

— ئەمدى ئادەم بولىدۇ بۇ ئاداش، — دېدى ئەركىن، — يائاللا، مەمەت، بالا ئىكەنسەن جۇمۇ، قورقماي مۇشت ئاتتىڭا ئازادقا!

— يولسىزلىق قىلغان ئادەمدىن قورقمىساڭ بولىدۇ، ئا-داش، — دېدى مەمەت، — خوش، ئۆزۈڭ هازىر قەيەردە تۇرۇۋا-تىسەن؟

— پويىز ئىستانسىسىنىڭ قېشىدا، بىر لوشاڭنىڭ ئۆيىنى ئالغان، — دېدى ئەركىن.

— سۇرۇشتۇرۇشۇمدىكى مەقسەت مۇنداق، ئاداش، ئابلى-مىتكام كەتكەندىن كېيىن مەن يالغۇز تۇرۇۋاتىمەن، بىزنىڭ ۋاڭ تەتەينىڭ ئۆيى بولىدۇ، ئۆي چوڭ، ئەڭ ياخشى يېرى كۇنگەي، مۇشۇ يەرگە كەلسەڭ، ئىككىمىز بىللە تۇرمايمىزمۇ؟! — دېدى مەمەت.

— ئۆيىنى كۇنگەي دېدىڭما؟ بولىدۇ، ئاداش، مېنىڭ تۇرۇ-ۋاتقان ئاشۇ ئۆيۈمگە تازا كۈن چۈشمەيدۇ، تەتۈر سالغان ئۆي

ئىكەن ئۇ، ئەمىسە مەن ئەتە كۆچۈپ كېلەي، ئاداش، — دېدى ئەركىن.

ئەركىن مەمەتنىڭ ئىجارە ئالغان ئۆيىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، مەمەت يەنە قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى. ئەركىن پاراڭچى بالا ئىدى، ئۇلار بىر كۈنلۈك سودىلىرىنى تۈگىتىپ ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يۇمۇر - لەتىپە سۆزلىشىپ كۆڭۈللىرىنى ئېچىشاتتى، ئەركىن مەمەتكە مەمەت ئاڭلاپ باقمىغان ئىشلار ئۈستىدە پاراڭ قىلىپ بېرەتتى، ئۇلار قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە شۇنچىلىك چىقىشىپ كەتتىكى، خۇددى كىچىكىدىن بىر مەھەللىدە بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان قەدىناسلاردەكلا بولۇپ قېلىشتى.

## 21

مەمەتنىڭ ئىش - ئوقىتى ياخشى يۈرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەركىننى بىر كۈنى سېنى ئوبدان بىر مېھمان قىلىمەن، دېگەنىدى. يەكشەنبە ئىدى، مەمەت ۋەدىسى بويىچە ئەركىننى گۇاڭجۇدىكى ئەڭ چوڭ مۇسۇلمانلار رېستورانىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار رېستوراننىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىپ، دېرىزىنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئۈستەلگە كېلىپ چاپلاشتى.

— بۇ يەرنىڭ ئۆردەك كاۋىپىلا بولىدىكەن، مەمەت، — دېدى ئەركىن ھەر خىل تاماقلاردىن ئېغىز تەگكەچ.

— شۇنداق، ماڭمۇ ئۆردەك كاۋىپى يارىدى، ئازراق ئىچەمسەن - يا؟ — دېدى مەمەت.

— ئەلۋەتتە ئىچىمەن، ئاداش، ئىچمىسەم مېھمان بولغاندەك بولمايمەن - دە! — دېدى ئەركىن. كۈتكۈچى قىز مەمەتنىڭ

بۆيرۇشى بىلەن كىچىك بوتۇلكىلىق ئاق هاراقتىن بىرنى ئەكەلـ
دى. ئەركىن بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، هاراقنى پارقىراپ
تۇرغان خرۇستال رومكىغا قويدى.

— مۇشۇنداق ئالىي رېستوراندا ئولتۇرۇۋاتىمىز، ئاداش،
بىرەر رومكا ئىچىپ قويامسەن؟ — دېدى ئەركىن مەمەتنىڭ
كۆزىگە قاراپ.

— مەن بۇ ئوقەتنى ئىچىشنى ئۆگىنەلمەيدىغان ئوخشايمەن،
ئاداش، سەن ئىچىۋەر، مەن ئىچكەندەك ئولتۇرۇپ بېرىمەن، —
دېدى مەمەت.

ئەركىن ئالدىدىكى هاراقنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

— سەندىن بىر ئىشنى سوراي دېگەنىدىم، ئاداش، نەچچە
ۋاقىتتىن بېرى ئاغزىم بارمىدى، ئابلىمىتكام شىنجاڭغا كېتىشـ
نىڭ ئالدىدا بەش ماشىنا مالنى ساقچىلارغا تارتقۇزۇپ قويدۇم
دەپ گەپ تارقىتىپ يۈرۈپتىكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاشۇ ماللارنى
ساتقاندا كۆرگەنلەر بار ئىكەن، — دېدى ئەركىن.

— بولدىلا ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى تىلغا ئالمايلى، ئاداش،
تارتقۇزغان بولسىمۇ، سېتىۋەتكەن بولسىمۇ، كەتكەن ئىش كەتتى
ئەمدى، ئابلىمىتكام يۈرتتا ماڭا يامانلىق قىلمىغان، مەن بۇ
ئىشنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتكەن، — دېدى مەمەت.

— بەش ماشىنا مال دېگەن ئاز پۇل ئەمەس، ئاداش، —
دېدى ئەركىن.

— نىيىتىڭ دۇرۇس بولسا، كەڭ قورساق بولساڭ، باشقىـ
لارنى كەچۈرۈشنى بىلسەڭ، خۇدايىم بېرىدۇ، ئاداش، مەن ئۇ
ئىشنى سۈرۈشتە قىلمايمەن، — دېدى مەمەت، ئۇ بېشىنى كۆتۈـ
رۈپ ئەركىنگە قارىدى، لېكىن ئەركىننىڭ دىققىتى باشقا يەردە
ئىدى. مەمەت نەزىرىنى ئەركىن دىققەت قىلىۋاتقان تەرەپكە بۇردـ
دى، ئىككى كىشىلىك بىر كىچىك ئۈستەلدە ئەللىك ياشلارنىڭ

قارىسىنى ئالغان بىر ئۇيغۇر ئادەم يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتاتتى.

— ئەركىن، كىمگە قاراۋاتىسەن؟ — دېدى مەمەت

— ئاۋۇ ئاكىمىزغا قاراۋاتىمەن، تۇرقىغا قارىسام كادىردەك قىلىدۇ.

— چاقىرىپ كىلەمسەن ـ يا؟ كادىر خەق دېگەن مېھمان بولۇشقا ئامراق كېلىدۇ، ئىككىڭلار بىردەم ئىچىشمەمسىلەر؟ — دېدى مەمەت.

— شۇنداق قىلايمۇ ـ يا؟

— بېرىپ كۆرۈشۈپ كەل، مىجەزى ئەلۋەك بولسا، باشلا، بولمىسا جىملا يېنىپ كەل! — دېدى مەمەت.

— ماقۇل، ئاداش، مەن بېرىپ باقاي، — ئەركىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ كىشى ئولتۇرغان ئۈستەل تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى ئەركىن ئۇ كىشىگە كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى ئۇزىتىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئولتۇرۇڭ، ئىنىم، — دېدى ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋابەن.

— يالقۇز ئولتۇرۇپ قاپسىزغۇ، ئاكا، — دېدى ئەركىن.

— يالغۇزمەن، ئۇكام، تاماق يەي دەپ كىرگەن، — دېدى ئۇ كىشى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىز ئاۋۇ دېرىزىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان، قارىسام يالغۇز ئولتۇرۇپسىز، ۋاقتى بولسا بىرەردەم گۇڭۇر ـ مۇڭۇر ئولتۇرساقمىكىن دەپ كېلىشىم ئىدى، — دېدى ئەركىن.

— بولىدۇ، ئۇكام، بىللە ئولتۇرايلى، تامىقىمنى ئېلىۋالاي، — دېدى ئۇ كىشى.

ئەركىن مېھماننى باشلاپ مەمەتنىڭ قېشىغا كەلدى. مەمەت ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. مەمەت مېھمان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى جوزىغا تەكلىپ قىلدى.

— ئولتۇرسىلا، ئاكا، — دېدى مەمەت.
— ئۆزئارا تونۇشۇۋالايلى، ئاكا، مېنىڭ ئىسمىم ئەركىن، بۇ ئاغىنەمنىڭ ئىسمى مەمەت، مەن ئۈرۈمچىلىك، بۇ ئاغىنەم غۇلجىلىق، بىزگە بىرنەچچە يىل بولدى، مۇشۇ يەردە ئوقەت قىلىۋاتىمىز، — دېدى ئەركىن.
— ياخشى، ئۇكا، مەن بۇ شەھەردە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم، مېنىڭ ئېتىم قەيسەر، ئۈرۈمچىدىن بولىمەن، يېرىم يىل بولدى، بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتىمەن، تەتىلدىن پايدىلىنىپ گۇاڭجۇنى بىر كۆرۈپ كېلەي دەپ كەلگەنىدىم، — دېدى قەيسەر.
— ياخشى بوپتۇ، ئاكا، سىز ئۈرۈمچىدە نېمە خىزمەت قىلىسىز؟ — دېدى ئەركىن. مەمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ قەيسەرنىڭ ئاغزىغا قارىدى.
— ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلىمەن، ئۇكا، ھە، سىلەر بۇ يەردە تۇرغىلى خېلى بوپتۇ ـ دە! — دېدى قەيسەر.
— بەش يىل بولۇپ قالدى، قەيسەركا! — دېدى مەمەت. ئەركىن بىر رومكا هاراقنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.
— مەن بۇنىڭدا يوق، ئۇكا، مۇشۇ نەرسىنى ئەزەلدىن ئىچىپ باقماپتىمەن، سىلەر ئويناۋېرىڭلار، — دېدى قەيسەر.
ئەركىن ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، مەمەتكە قارىدى. مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ:
— ئىككىمىز ئوخشاش ئىكەنمىز، ئاكا، مەنمۇ مۇشۇ كۈنگىچە ئاغزىمغا هاراق ئېلىپ باقمىدىم، پەقەت كۆڭلۈم تارتمايدۇ، — دېدى.
— كۆڭۈل تارتمىغان ئىشنى قىلمىغۇلۇق، ئۇكا، بەش يىل بولدى دەڭ، بەش يىلدىن بېرى يۇرتقا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرغانسىلەر؟ — دەپ سورىدى قەيسەر ئۇلارغا قىزىقىپ.
— ياقەي، ئاكا، ئوقەتكە كىرىشىپ كەتكەن گەپ، بەزىدە

ساقال ئالىدىغانغا ۋاقىت يوق، ئۆيگە بارىدىغانغا نەدە ۋاقىت، — دېدى مەمەت.

— شۇنىڭغا قارىغاندا ئوقىتىڭلار تازا يۇرۇشۇپ كېتىپتۇ-دە، — دېدى قەيسەر.

— يامان ئەمەس، قەيسەركا، ھەر ھالدا خۇدايىمنىڭ بەرگىنى بار، — دېدى مەمەت.

— بىرنەچچە يىلدىن بېرى شىنجاڭدىن كەلگەن باللار ناھايىتى ياخشى پۇل تاپتى، مەن بېيجىڭدىكى بىرنەچچە ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىدا ئۇلارنى ئۇچرىتىپ قالىمەن، بەزىدە ئۇلار بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن پاراڭلىشىپ كېتىمىز، ھازىر بىزنىڭ مۇشۇ باللاردىكى بىر مەسىلە، قولىدىكى ئاشۇ پۇللىرىنى قانداق ئىشلىتىش، قانداق ساقلاش ۋە قانداق قىلىپ بىر پۇلنى ئىككى قىلىش مەسىلىسى! بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، بۇ بەكمۇ جىق ئىشلارغا تاقىلىدىغان ئىش، ئەگەر بىر سودىگەر، تاپقان دۇنياسىنى باللىرىغا قالدۇرالمىسا، بىز ئۇنى ھەقىقىي سودىگەر دېمەيمىز، ئۇ قولىدىكى مەبلىغىنى بىرنەچچە ئەۋلاد داۋاملاشتۇرالىسا، ئاندىن ئۇنى ھەقىقىي ئەقىل ئىگىسى دېگىلى بولىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە ساپاغا باغلىق ئىش، ئەگەر پۇل تېپىشقا بىر ئەقىل كەتسە، ئۇنى ساقلاشقا، تۇتۇپ تۇرۇشقا ئىككى - ئۈچ ئەقىل كېتىدۇ، — دېدى قەيسەر.

مەمەتكە بۇ گەپ ناھايىتى ياقتى. ئۇ بىردىنلا روھلىنىپ:

— بەك ياخشى گەپ قىلدىڭىز، قەيسەركا، — دېدى مەمەت، ئۇ قەيسەرنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالغانىدى.

— مېنىڭ بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، يېقىندىن بېرى پۇل تاپقان بەزى ئاغىنىلەر پۇلنى توغرا يولغا سەرپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، مىڭ بىر جاپادا تاپقان پۇللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتى. پۇل تېپىش بىر گەپ، پۇلنى جايىدا خەجلەش يەنە بىر گەپ. شۇڭا تاپقان بۇ پۇللارنى جايىدا ئىشلىتىشنى بىلىش

كېرەك، ئەگەر تاپقان پۇلنى ھەقىقىي مەنىسىدە ئىشلىتىشنى بىلسەڭ، ئاندىن روناق تاپالايسەن، — دېدى قەيسەر. ئەركىن ئالدىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى. ئۇ قەيسەرگە قاراپ:
— بەك ئېسىل گەپ قىلدىڭىز، قەيسەركا، ئەگەر بىزنىڭ پۇل تاپقان ئاغىنىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى سىز دېگەندەك ئىش تۇتسا، ئۇ ۋاقىتىدا ئۇلار قولىدىكى پۇلنى ھەقىقىي تۇتۇپ تۇرالىغۇدەك، — دېدى.
— شۇنداق، ئۇكا، ھازىر نۇرغۇنلىغان ياشلىرىمىز تاپقان پۇللىرىنى يول ياساشقا ياردەم قىلىۋاتىدۇ، مەھەللە - كويلىرىغا كۆۋرۈك سېلىۋاتىدۇ، بۇمۇ بولىدىغان ئىش، لېكىن بۇ سالغان مەبلىغى ئۆتكۈنچە، ئەڭ مۇھىم ئىش زادى نېمە؟ پۇل تاپقان بىر ئوغۇل بالا مۇشۇنى كۆپرەك ئويلىشى كېرەك، شۇڭا قولىدىكى بىر پۇلنى ئىككى قىلىش يولىدا باش قاتۇرۇشى كېرەك، ئەقىلنى مۇشۇ يەرگە ئىشلىتىشى كېرەك. ئەگەر سىز مەبلىغىڭىزنى ئۈچ ئەۋلاد ساقلىيالمىسىڭىز، ئۇ ۋاقىتتا سىزنى پۇل تاپقان، پىشقان سودىگەر دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە بىزدىنمۇ نۇرغۇنلىغان ئەقىللىق سودىگەرلەر چىقتى، ئۇلار ئائىلىق ھالدا كۆپىنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىشى، زو-رىيىشى كېرەك. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن، سۆزلىرى بىلەن، مۇھەببىتى بىلەن ھېلىقىدەك ناچار ئىش قىلى-ۋاتقان، غەيرىي ئىش قىلىۋاتقان، پۇلنىڭ رولىنى توغرا چۈشى-نەلمىگەن باللارنى ئۆزىنىڭ يېنىغا قارىتىشى كېرەك، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىشى كېرەك. مەسىلەن، بەزى باللار قولىدىكى پۇلىغا ئىشەنچ قىلىپ ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئويۇن - تاماشا، ئەيش - ئىشرەت ئەزەلدىن ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغان ئەمەس، بۇرۇنمۇ ئۇنداق بولۇپ باققان ئەمەس. بۇنىڭ-دىن كېيىنمۇ ئۇنداق بولمايدۇ، ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمگىكى بىلەن، ئۆزى ياراتقان قىممەت بىلەن ئەزىزلىنىدۇ. ئادەم ئۈچۈن بۇنىڭ-

ـدىن باشقا يول يوق، بىز ئۆزىمىزگىلا ئادەم ئەمەس، بىز مۇشۇ قوۋمىنىڭ بىر ئەزاسى. شۇڭا بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز بار، چوڭلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىلىرى ئارقىلىق بىزگە نىمىنىڭ يامان، نىمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئەخلاق سۈپىتىدە قالدۇرغان. ئازغىنا پۇل، مال - دۇنياغا ئىگە بولۇپ، ئۆز ئەجدادلىرىمىز بىزگە كۆرسىتىپ، نىشانلاپ بەرگەن ئادەم بولۇش يولىدىن چەتنەپ كەتسەك بولمايدۇ، چېكىدىن ئاشقان تاماشا ئا- دەمنىڭ زېهنىي قۇۋۋىتىنى، جىسمانىي پۈتۈنلۈكىنى نابۇت قىلى- دۇ. چېكىدىن ئاشقان ئويۇن ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك ئۇنى چۇش- كۈنلۈككە، ئىشرەت ئىشلىرىغا سۆرەپ كىرىدۇ، ئاخىرىدا ئۇ تۈگەپ كېتىۋاتقان مال - دۇنياسىنى قايتا تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەرخىل گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. بىزدە تۆت تەڭگە تېپىپلا ئۆز - ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئالغان، ھالال جۈپتى ۋە ئوماق بالىلىرىنى خار- زارلىققا تاشلاپ ناپاق خېنىملارنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ يۈر- گەن ئادەملەر ئاز ئەمەس. مەن دائىم مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاي- مەن، نىمە ئۈچۈن بىزنىڭ قولى پۇل كۆرگەن يىگىتلىرىمىز مۇشۇنداق ئىشلارغا كەلگەندە موللاق ئاتىدۇ؟ دېمەك، ئادەم ئۆزد- دىكى ئاجىزلىقنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك، مۇشۇنداق بولغاندا، ئۇ ئاندىن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا تاقابىل تۇرالايدۇ، ئادەم كۆڭلىدە يۈزىنى يۆيۈپ تۇرغاندەك، يۈرىكىنىمۇ، ۋىجدانىنىمۇ، غۇرۇرد- نىمۇ يۇيۇپ تۇرمىسا بولمايدۇ، — دېدى قەيسەر.

مەمەت بىلەن ئەركىن قەيسەرنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ قال- دى. مەمەت قەيسەرگە قاراپ تۇرۇپ:

— بىزگە بېيجىڭدىكى ئادرېسىڭىزنى يېزىپ بەرگەن بولسى- ڭىز، قەيسەركا، بىز بېيجىڭغا بارغاندا سىزنى ئىزدىسەك!

— تېلېفون نومۇرۇمنى يېزىپ بېرەي، ياتاقتا تېلېفون بار، بېيجىڭغا بارساڭلار مېنى ئاسان تاپىسىلەر، مەركىزىي پارتىيە

مەكتىپىگە كىرىپ، شىنجاڭ سىنىپىدىكى قەيسەركامنى ئىزدەيمىز دېسەڭلار ھەممىسى بىلىدۇ، — دېدى قەيسەر. ئۇ بىر قەغەزگە تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ، مەمەتكە بەردى.

— رەھمەت، قەيسەركا، — دېدى مەمەت ئۇ تەڭلىگەن قەغەزنى ئېلىپ.

— گەپ بىلەن بولۇپ كەتتۇق، قەيسەركا، ماۋۇ قورۇملاردىنمۇ ئالغاچ ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئەركىن.

— خوش، ئەمدى سىلەر يەنە بىرنەچچە يىل تۇرماقچىمۇ؟ — دەپ سورىدى قەيسەر.

— بىزمۇ مۇشۇ كۈزدە قايتايلىمىكىن دەۋاتىمىز، قەيسەركا، — دېدى ئەركىن.

— ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بەك ئۇزۇن تۇرۇپ كەتسەڭلارمۇ بولمايدۇ، ئۇكا، پۇل تېپىپسىلەر، كۆزۈڭلار ئېچىلدى دېگەن گەپ، ئەمدى تاپقان - تەرگەن نەرسىلىرىڭلارنى ئېلىپ يۇرتقا قايتساڭلارمۇ بولىدۇ، مەبلىغىڭلارنى يۇرتتا دومىلاتساڭلار، پايدىسى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلارغا، قېرىنداشلىرىڭلارغىمۇ تېگىدۇ دېگەن گەپ، ئەمما بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇڭلار، ئۆزۈڭلارمۇ گۈللىنىسىلەر، باشقىلارمۇ گۈللىنىدۇ، قىسقىسى، ئۆزۈڭلارغا چىڭ بولۇڭلار، ئىنىلىرىم، — دېدى قەيسەر.

— بۈگۈن بىزگە ناھايىتى ياخشى گەپ قىلىپ بەردىڭىز، قەيسەركا، بىز خىزىرغا يولۇققاندەكلا بولۇپ قالدۇق، — دېدى مەمەت.

— ئۇنداق دېسەڭلار بولمايدۇ، ئۇكا، خىزىر دېگەن باشقا گەپ ئۇ، ئىشقىلىپ، تونۇشۇپ قالدۇق، خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە كۆرۈشەرمىز، بىز ئەسلى تۆت ئادەم كەلگەنىدۇق، قالغانلار بىز چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ قېشىدىكى ماگىزىنغا كىرىپ كەتكەن، مەن بازار ئايلىنىمەن دەپ مۇشۇ رېستوراننىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن، قورسىقىممۇ ئېچىپ قالغاندەك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن

مۇشۇ رېستورانغا كىرىپ قالغانىدىم، بىز ئەتە ماڭماقچى، شۇڭا مېھمانخانىغا كەتمىسەم بولمايدۇ، — دېدى قەيسەر.

— ئەمىسە بىز سىزنى تاكسى بىلەن مېھمانخانىغا يەتكۈزۈپ قويايلى، — دېدى مەمەت.

— بىز چۈشكەن مېھمانخانا مۇشۇ رېستورانغا يېقىنلا يەردە، ئۇكا، تاكسى كەتمەيدۇ، بازار كۆرگەچ بىردەمدىلا بېرىۋالىمەن! — دېدى قەيسەر.

مەمەت ئەركىنگە قارىدى. ئەركىن مەمەتنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلالمىدى، مەمەت قەيسەرگە قاراپ تۇرۇپ:

— بىز سىز بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىمىز ئۈچۈن بەك خۇشال، بىز مۇشۇ كۈنگىچە بىرەر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق ياخشى گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان، سىز بەك ياخشى ئادەم ئىكەنسىز، قەيسەركا، بىز يېقىندىن بېرى كاستۇم - بۇرۇلكا سودىسى قىلىۋاتاتتۇق، سىز مۇشۇ يەردە جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرغان بولسىڭىز، مەن ياتاققا بېرىپ كەلسەم، كۆرۈشكىنىمىزنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە سىزگە بىر كاستۇم - بۇرۇلكا كىيدۈرۈپ قويساق، قوبۇل قىلارسىزمۇ! — دېدى مەمەت قەيسەرگە سەمىمىيلىك بىلەن تىكىلىپ. ئۇ كۆڭلىدە قەيسەرگە بىر كاستۇم - بۇرۇلكا ئېلىپ كىيدۈرۈپ قويۇشنى ئويلىغانىدى.

— رەھمەت، ئۇكا، ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، مەن سەل ئالدىرايمەن، مېھمانخانىغا بېرىپ ھەمراھلىرىمنى تېپىۋالمىسام بولمايدۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە كۆرۈشەرمىز، ئۇكا، تېخى، — دېدى قەيسەر.

— بىز ئۇبدان تونۇشۇپ قالدۇق، قەيسەركا، ئاغىنەم مەمەت بىلىملىك ئادەملەرگە ئامراق، ئۇنىڭمۇ ياخشى كۆڭلى، بىزمۇ شۇ يەردە جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرايلى، بىزنىڭ ياتىقىمىزمۇ ئالدىمىزدىكى دوقمۇشتا، بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرايلى، مەمەت ھايال بولمايلا كېلىدۇ، — دېدى ئەركىن.

— بەش مىنۇت ئىچىدىلا كېلىمەن، — دېدى مەمەت دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ.

— سىلەرگە رەھمەت، ئۇكىلار، مەن ئاشۇ كاستۇم - بۇ-رۇلكىنى كىيگەندەكلا بولدۇم، مەن راست ئالدىرايمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە كۆرۈشەرمىز، بېيجىڭغا بېرىپ قالساڭلار مېنى ئىزدەڭلار، — دېدى قەيسەر ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇلار قەيسەرنى قايىل قىلالمىدى، قەيسەر ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ رېستوراندىن چىقىپ كەتتى.

— بىزمۇ ماڭايلى، ئاداش، بۈگۈن بىز ھەقىقەتەن بىر ياخشى ئادەمگە ئۇچرىدۇق، نېمىدېگەن ئەقىللىق ئادەم، — دېدى مەمەت.

— شۇنداق، ئاداش، قەيسەركام بىزگە بىر ئۆمۈر دەستۇر بولغۇدەك ياخشى گەپلەرنى قىلىپ بەردى، خۇدايىم بۇيرۇسا بېيجىڭغا بېرىپ ئۇ ئادەمنى يوقلايمىز، — دېدى ئەركىن.

## 22

كۈزدە، ئەركىن بىلەن مەمەت شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارغا ئۆيدىن ئايرىلغىلى توپتوغرا بەش يىل بولغانىدى. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئەركىن ئۇرۇمچىدە قالدى، مەمەت غۇلجىغا قايتىپ كەلدى.

مەمەتنىڭ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ھەممىسى بىلىپ بولدى. ئۇنى يوقلايدىغانلارنىڭ ئايىغى بىرئاز بېسىققاندىن كېيىن، بىر كۈنى كەچتە ئۇ دادىسى بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتى.

— ئەمدى سەنمۇ كاۋاپچىلىق قىلىمەن دەپ جاپا تارتما، دادا، خۇدايىم بۇيرۇسا مەن ساڭا يېڭى سالغان بازارنىڭ ئىچىدىن بىر دۇكان ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى مەمەت.

— مەن دۇكان ئېچىپ قاملاشتۇرالماسمەنمىكىنتاڭ، بالام، قىلىپ كۆرمىگەن ئىش ئەمدى··· ، — دېدى يارى.

— نېمىشقا قاملاشتۇرالمايسىز؟ يارى، سىز ھەممە ئىشنى قاملاشتۇرالايسىز، — دېدى دىلبەر ئۇلارنىڭ گېپىگە قوشۇق سېلىپ.

— ئاپام توغرا دەيدۇ، دادا، سەن ھەممە ئىشنى قىلالايسەن، قولۇڭغا يەتكۇدەك دەسمايە بېرىمەن، ھازىر گۇاڭجۇنىڭ رەختلىرى بەك ئېقىۋاتىدۇ، رەختچىلىك قىلمامسەن!

— رەختچىلىك قىل دەمسەن، قىلىپ كۆرمىگەن ئىش، بالام···

— رەختچىلىك دېگەن پاكىز ئىش، بالام، ھەر ھالدا داداڭنى ياخشى ئىشقا باغلاپ قويىدىغان بولدۇڭ، — دېدى دىلبەر خۇشال بولۇپ.

پۇلنىڭ سېھرىي كۈچى ھەرقانداق ئادەمنى مەست قىلىدۇ. مەمەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، ئەل ـ ئاغىنىلىرىگە ئەكەلگەن سوۋغىلىرى ئۇلارنى قەۋەتلا خۇش قىلدى، بولۇپمۇ ئاپىسى دىلبەر بەك خۇشال ئىدى، ئۇ ئاپىسىغا بەكمۇ كۆپ يېڭى ۋە ئېسىل كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ زىننەت ئەكەلگەنىدى. مەمەت تېخى دادىسىغا كۆرسەتمەي تۇرۇپ ئاپىسىغا خېلى جىق پۇل بەردى، مەمەت ئىچىدە «دىلبەر ئاپام مېنى تۇغقان ئاپام بولمىسىمۇ، ئۇ مېنى باققان ئاپام، ماڭا نان بەرگەن، مېنىڭ كىر ـ قاتلىرىمنى يۇيۇپ جاپا چەككەن، ئەڭ مۇھىمى، مېنىڭ ساۋاتىمنى چىقارغان، شۇڭا مەن دىلبەر ئاپامنى ئۆز ئاپام قاتارىدا كۆرۈشۈم كېرەك» دەپ ئويلايتتى.

مەمەت يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يېڭى سالغان بازارنىڭ ئىچىدىن بىر دۇكان سېتىۋالدى، ئاندىن ئۇنىڭغا رەخت سېلىپ، دادىسىغا ئېچىپ بەردى، بىر ئۆمۈر كاۋاپچىلىق قىلىپ جان بېقىپ كەلگەن يارى ئاخىر ھېسابتا رەختچى بولۇپ قالدى.

مەمەت يەكشەنبە كۈنى چۈشكە توغرىلاپ، يالقۇن بىلەن ئەيسانى يېڭىدىن ئېچىلغان رېستورانغا چاقىردى، مەمەت، يالـقۇن، ئەيسالارنىڭ مەمەت گۇاڭجۇدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنـكى تۇنجى قېتىملىق يىغىلىشى ئىدى، تاماقتىن كېيىن ئەيسا كۈتكۈچى قىز ئەكېلىپ بەرگەن هاراقنى قولىغا ئالدى.

— ئەمىسە بۇگۈن قولاق مىدىرلىغۇدەك ئىچىدىغان بولـدۇق - دە، مەمەت ئۇكا، مانا، سەنمۇ لوبەن بولۇپ كەتتىڭ، خۇدايىم بەرسە پەيغەمبىرىم غىلىڭ قىلالمايدۇ دېگەن مۇشۇ - دە! — دېدى ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، ئۇكا، ساڭا خۇدايىم بەردى، ئەمدىكى گەپ تاپقان پۇلنى يوقىتىۋەتمەي تۇتۇپ تۇرۇشتا؛ قانچىلىك بىرنېمە تاپتىڭ، ئۇكا؟ — دېدى يالقۇن مەمەتنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى، يالقۇن، ئوغۇل بالىنىڭ پۇلـنى، قىز بالىنىڭ يېشىنى سورىمايسەن، — دېدى ئەيسا بېلىق كۆزى قىلىپ هاراق قۇيۇلغان رومكىنى يالقۇننىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپ.

— ئۆزىمىزنىڭ ئىنىسى بولغاندىن كېيىن نېمە بولاتتى، — دېدى يالقۇن سەل ئوڭايسىزلىنىپ. يالقۇن ئەيسانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خىجىل بولۇپ قالغانىدى.

— ئىنىمىز بولسىمۇ بولمايدۇ، ئاداش، ئوغۇل بالىنىڭ پۇلىنى سورىمايدىغان، — دېدى ئەيسا. يالقۇن گەپ قىلمىدى.

— خۇدايىمنىڭ بەرگىنى بار، يالقۇنكا، بىر گەپنى ياخشى قىلدىڭ، مەنمۇ ئويلاۋاتىمەن، ئەمدىكى گەپ ھەقىقەتەن پۇلنى تۇتۇپ تۇرۇشتا، — دېدى مەمەت.

— ئۇنى دومىلىتىپ تۇرمىساڭ شامال ئۇتۇۋېتىشمەيدۇ - دە! — دېدى ئەيسا.

— شۇنداق، ئەيساكا، كاللامدا بىر ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن،

تېخى پىشمىدى، ۋاقتى كەلگەندە سىلەرگە مەسلىھەت سالىمەن، — دېدى مەمەت.

— خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا ئەمدى يول تېپىپ كەتتىڭ، ئۇكا، گۇاڭجۇغا بېرىپ ئوقەت قىلىپ ياخشى قىلدىڭ، — دېدى يالقۇن، — ئەمدى ئۆيلىنىۋال، ئۇكا.

— ياق، يالقۇنكا، مېنىڭ قىلىدىغان بىر ئىشىم بار، مەن شۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆيلىنىمەن، — دېدى مەمەت.

— ئالدىرىما، ئۇكا، ئەمدى ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تورنىنى قولۇڭغا قوندۇرىمەن دېسەڭ، تورنىمۇ ياق دېمەي قوندۇ، — دېدى ئەيسا.

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ، ئاداش، — دېدى يالقۇن ئەيسانىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

— يائاللا، ئاداش، ئەتىگەندىن بېرى مۇشۇ گېپىم ياردىدە، ساڭا! — دېدى ئەيسا.

مەمەت كۈلۈپ كەتتى، ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى.

## 23

مەمەت ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ پىلانىنى دادىسىغا مەسلىھەت قىلدى.

— ... بەش قەۋەتلىك بىنا سالىمەن دەمسەن، بالام؟ شۇنىڭغا قارىغاندا خېلى جىق پۇلۇڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى يارى مەمەتنىڭ پىلانىنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن.

— خۇدايىم بۇيرۇسا پۇلۇم يېتىدۇ، دادا، بىنا سېلىۋالسام مۇقىم مۈلۈك بولۇپ قالىدىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ئۇياق-بۇياققا قاترايدىغان ئىشلارنى قوياي دەۋاتىمەن، بىنانى سېلىۋال-سام، ئۇنى ياخشى باشقۇرسام، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇنىڭدىن

كېيىنكى ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى مەمەت.

يارى رەختچىلىكتە بازارنىڭ ئېپىنى خېلى ئېلىپ قالغاندى، مەمەتنىڭ بىنا سالىمەن دېگەن پىلانى ئۇنىڭغا بەكلا ياقتى. ئۇ خۇشخۇي هالدا مەمەتكە قارىدى.

— خۇدايىم بەرسۇن، بالام، پۇلۇڭ يەتسە سال، بازارنىڭ كۆزىدىن يەر ئالايلى، دېمىسىمۇ هازىر بەزى بايۋەچچىلەر بىنا سېلىشنى باشلىۋالدى. راست دەيسەن، بالام، بىنا پۇلۇڭنى تۇ-تۇپ تۇرىدۇ، سالساڭ سال!

— بىرىنچى قەۋىتىنى دۇكان قىلىپ ئىجارىگە بەرسەك، بىر - ئىككى دۇكاننى ئۆزۈڭ باشقۇرۇپ ئاچساڭ، ئىككىنچى قەۋىتىنى ئۆزىمىز بىرنېمە قىلىمىزمۇ ياكى ئىجارىگە بېرىۋېتىمىزمۇ، ئىشقىلىپ، بىرىنچى، ئىككىنچى قەۋەتلىرىنى ئىجارىگە بەرسەك، قالغان ئۈچ قەۋەتنى مېهمانخانا قىلىپ قويساق، هەربىر قەۋىتىگە يىگىرمىدىن ئۆي چۈشسە، ئۈچ قەۋەت دېگەنگە ئاتمىش ئېغىز ئۆي چۈشىدۇ، مېنىڭ ئويۇم مۇنداق، دادا. گۇاڭجۇدىكى بەزى ئەهۋاللاردىن قارىغاندا، بىناسى بار ئادەم بىناسىنى ئىجارىگە بەرسە ياخشى بولىدىكەن. ئەگەر ئىجارىسىنىڭ هەققىنى ئاز كۆ-رۈپ ئۆزۈم باشقۇرىمەن دېسە، باشقۇرۇشنى ئۆگىنىپ بولغۇچە بىنا ئىگىسى هالسىزلىنىپ كېتىدىكەن، مەن مۇشۇ ئىشلارنىمۇ ئويلاۋاتىمەن، دادا، — دېدى مەمەت.

يارى مەمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ كېيىنكى ئىش، بالام، ئالدى بىلەن بىنارىڭ ئۆرە بولسۇن، ئۇنداق ئىشلار دېگەن ئاسان، ئۇ ۋاقىتتا ياپساڭمۇ پىشىدۇ، كۆمسەڭمۇ پىشىدۇ.

— ماقۇل، دادا، ئەمىسە مەن تەييارلىقىمنى باشلايمەن، قىزىل بايراق ماگىزىنىنىڭ قاتارىدا سېتىلىدىغان بىر قورۇ - جاي بار ئىكەن، ئىگىسىنى بىر مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى دەيدۇ،

يەتتە بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جاي ئىكەن، ئالدىنقى كۈنى يالقۇن-
كاملارغا دەپ قويغانىدىم، ئۇلار قورۇ - جاينىڭ ئىگىسى بىلەن
كۆرۈشىدىغان بولدى، قىممەترەك بولسىمۇ ئاشۇ قورۇ - جاينى
ئالايمىكىن دەيمەن، — دېدى مەمەت.

— ھە، ھېلىقى شېكەر مانتا ساتىدىغان ئاشخانىنىڭ قېشىد-
ىكى قورۇما؟ — دېدى يارى.

— نەق شۇ، دادا، ئۇنىڭ قېشىدا يەنە بىر قورۇ - جاي
بار، ئىگىسىنى يۇمشىتىپ شۇنىمۇ قوشۇپلا ئالاي دەۋاتىمەن، —
دېدى مەمەت.

— ئۇ خەق ساتارمۇ؟

— پۇلنى ياخشىراق سانىساق ساتىدۇ، دادا، — دېدى
مەمەت.

— ئەمىسە ۋاقىتنى چىڭ تۇت، بالام، قىلىمەن دېگەن
ئىشنى كەينىگە سۈرمە، — دېدى يارى.

مەمەت يالقۇن بىلەن ئەيسانى ئىشقا سېلىپ يۈرۈپ، ئالماق-
چى بولغان ئاشۇ ئىككى قورۇ - جاينى سېتىۋالدى. ئۇ مۇناسىد-
ۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، كونا ئۆيلەرنى
ئۆرۈپ، مەيداننى تۈزلەپ قۇرۇلۇشقا تەييار قىلدى، ئىككىنچى
يىلى باش باھارنىڭ كېلىشى بىلەن قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىش
باشلاندى.

## 24

قۇرۇلۇش باشلانغان كۈندىن تارتىپ مەمەت قۇرۇلۇش قىلد-
ۋاتقان يەردىن نېرى كەتمىدى، ئۇ ئىش ھالقىلىرىنى نازارەت
قىلىپ تۇردى. بىر كۈنى چۈشتە شەھەرلىك سودا - سانائەت
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەلى بىلەن شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك
ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئۆمەرجان ئۇنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇلار

قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئەلى ئۇنىڭغا:
— ھە، ئىش باشلاش رەسمىيەتلىرىڭنى پۈتتۈرۈۋالغانسەن، ئۇكا؟ — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.
— رەھمەت، ئەلىكا، ئەگەر سىز يول كۆرسەتمىگەن بولسىڭىز، جىق يول مېڭىپ كېتەتتىمكەن ئەمەسما! مەن ئوقۇمىغان ئادەم، ئەلىكا، بۇرۇن يەرنى تەييارلىسام، ئىشچىلار ھە ـ ھۇ قىلىپ بەش ـ ئالتە ئاي ئىچىدىلا قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ياللا، نېمىدېگەن جىق رەسمىيەت بۇ، كادىرلارنىڭ جىقلىقىدىن قىلىدىغان ئىش يوق ئەتەي قىلىۋاتقان ئىشمىكىن دەيمەنغۇ! — دېدى مەمەت.
— ھازىر قۇرۇلۇشنىڭ رەسمىيىتى مۇشۇنداق مۇرەككەپ بولۇپ كەتتى، ئۇكا، خوش، ماۋۇ ئاكاڭنى ساڭا تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ ئاكاڭنىڭ ئېتى ئۆمەرجان بولىدۇ، ئۆزى شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ، تونۇشۇپ قېلىڭلار، — دېدى ئەلى كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ياخشىمۇسىز، ئۆمەرجانكا، يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ قويايلى، — دېدى مەمەت ئۆمەرجانغا قولىنى بېرىپ.
ئۆمەرجان كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.
— ئۆمەرجانكامنى مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ دېدىڭىز ـ ھە، ئەلىكا، ئۇ نېمە ئىش قىلىدىغان ئىدارە؟ مەن ئاڭلىمىغان بىر ئىسىمكەن بۇ! — دېدى مەمەت.
— مەدەنىيەتلىك بولغان، ھەممە تەرەپتىن ياخشى بولغان ئىدارىلەرنى تەكشۈرۈپ، باھالاپ، شەرەپلىك نام بېرىدىغان ئورۇن، — دېدى ئۆمەرجان مەمەتنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ.
— ھە...
— سەن بىلەن پاراڭلىشىدىغان ئازراق گەپ بار ئىدى، ئۇكا، خالىيراق بىر يەرنى تاپساق بولاتتى، — دېدى ئەلى.
— چۈش بولۇپ قاپتۇ، ئەلىكا، بىرەر ئاشخانىغا كىرىپ

تاماقلانغاچ پاراڭلاشمايمىزمۇ! — دېدى مەمەت.
— مەيلى، ئۇكا، — دېدى ئەلى.
— ئەمىسە سەلىمە سەتەڭنىڭ ئاشخانىسىغا بارايلى، ئەلىكا! — دېدى مەمەت.
مەمەت ئۇلارنى سەلىمە سەتەڭنىڭ ئاشخانىسىغا باشلاپ كىردى. سەلىمە سەتەڭ ئىسمىغا لايىق «سەتەڭ» چوكان ئىدى، كۆلسە ئالتۇن چىشلىرى پارقىراپ قىزىرىپ تۇرىدىغان يۈزلىرىگە ھۆسن قوشاتتى، ئۇنىڭ توم ئالتۇن بىلەزۈكى بىلىكىدە ئەمەس جەينىكىنىڭ قېشىدا ئوينايتتى، بۇ بازار تاپقان چوكان لەڭمەنگە ھەقىقەتەن ئۇستا ئىدى. ئۇلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ئەلى گەپنى تەشتى.
— خوش، مەمەت ئۇكا، ئەمىسە، بىزمۇ گېپىمىزنى قىلغاچ تۇرايلى، نېمە دەيمىز ئەمدى، ئۇكا، بىزمۇ سىنىڭ ئالدىڭغا بىرنەچچە قېتىم ئويلىشىپ كەلدۇق، ئەمدى ساڭا بۇ گەپنى مۇنداقلا دەي، ئۆمەرجان ئىككىمىز خوتەن مەھەللىسىدە ئولتۇردىمىز، دېگىنە، ئۇكا، بىرنەچچە يىللاردىن بېرى مەھەللىدىكىلەر بىلەن ھە - ھۇ دېيىشىپ مەھەللىنىڭ يولىنى ياسۇېتەيلى دېگەن، لېكىن مەھەللىدىكىلەردىن ھېچقانچىلىك پۇل يىغىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشىمىز سۇغا چىلىشىپ قالغانىدى، ئەتىيازدا بىزنىڭ مەھەللىدە ماڭغىلى بولمايدۇ، تاكى بەشىنچى ئايغىچە پاتقاق قۇرۇمايدۇ، ئۆتكەندە مەھەللىدە ئولتۇرساق چوڭلار ئىككىمىزنى بىر ئۆيگە چاقىردى، ئۇلار: ئىككىڭلار مەھەللىمىز بويىچە ھۆكۈمەتنىڭ نېنىنى يەيدىغان ئادەم، بۇ يول مۇشۇنداق تاشلىنىپ كېتىۋەرمىسۇن، مۇشۇ كۈنلەردە پالانى لوبەن، پۇستانى بايۇەچچە پالانى مەھەللىنىڭ يولىنى ئاسفالت قىلىپ ياساپ بېرىپتۇ دەيدىغان گەپلەرنىمۇ ئاڭلاپ قېلىۋاتىمىز، ئاڭلىساق سىلەرنىڭ بىنا سېلىۋاتقان مەمەت لوبەن بىلەن تونۇشلۇقىڭلار بار ئىكەن، مەمەت لوبەنگە دەپ باققان بولساڭلار، بىزنىڭ مۇشۇ

يولغا بىر ياردەم قىلىشۋەتكەن بولسا، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىز بىرنەچچە لوبەنلەر بىلەن كۆرۈشتۇق، ئۇلارمۇ يامان گەپ قىلمىدى، ياردەم قىلايلى دېيىشىۋاتىدۇ، ... مۇشۇ ئىشتى، ئۇكا، بىزگىمۇ ئازراق ياردەم قىلىپ قويساڭ دېمەكچى، — دېدى ئەلى، ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، مەمەتنىڭ كۆزىگە قارىدى. مەمەتنىڭ كۆزىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئەلىگە قارىدى:

— قانچىلىك بىرنېمە بەرسەم بولىدىغاندەك، ئەلىكا؟ — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇكا، يولغا بەك جىق پۇل كېتىدىكەن، بىز بۇرۇن بۇ ئىشنى سەل چاغلايتتۇق، سەنمۇ قۇرۇلۇش سالدۇرۇۋاتىسەن، ئەللىك مىڭ سوم ياردەم قىلغان بولساڭ...

— مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىم مۇنداق، ئەلىكا، ئەمدى گەپتىن گەپ چىقىپ قالدى، بولمىسا بۇ يەردە دەپ ئولتۇرىدىغان گەپ ئەمەستى، مەن قولۇمدىكى بار پۇلنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ بىنانىڭ خىراجىتىگە توغرىلاپ بانكىغا قويۇۋەتكەن، ھەر ئايدا بۇلارنىڭ ئىشلىگەن ئىشىگە قاراپ پۇل بېرىمەن، دېمەكچى بولغىنىم مېنىڭ مۇشۇ پۇلۇمدىن باشقا پۇلۇم يوق، ئەمدى راست گەپ قىلسام، مەن بىرىگە ئازراق پۇل بېرىپ تۇرغان، شۇ پۇلۇمنى ئالالىسام، مەن سىلەرگە ئازراق ياردەم قىلاي، — دېدى مەمەت ئەلىگە قاراپ تۇرۇپ.

ئەلى ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئەلى ئىچىدە «قارا قورساق بولغىنى بىلەن قۇۋ گۇيكەن بۇ، شۇڭا خەق بۇ گۇينى ‹مەمەت مەدىكار› دەيدىكەن ـ دە!» دەپ ئويلىدى. ئۆمەرجانمۇ نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى، ئەسلىدە ئۇمۇ خېلى ئۈمىد كۈتكەنىدى.

— بولىدۇ، ئۇكا، ئەمىسە، ھەر ھالدا يامان گەپ قىلمىدىڭ، خەقتىكى ئېلىشىڭنى ئالغاندا بىر گەپ بولار، كېيىنچىرەك يەنە بىر كۆرۈشەرمىز، — دېدى ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۆمەرجان چاقچاقلىق بىلەن تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتتى.

— هوي، ئۆمەرجانكا، نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز ئادەمنى خىجالەت قىلىپ، مېنىڭ بۇ يەردە ھېساباتىم بار، يېزىپ قويساق بولىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى مەمەت ئوڭايسىزلىنىپ.

ئۇلار مەمەت بىلەن خوشلىشىپ ئاشخانىنىڭ ئالدىدا قالدى. مەمەت كەتكەندىن كېيىن، ئۆمەرجان سەرەڭگە ياغىچى بىلەن چىشىنى كوچىلىغاچ ئەلىگە:

— ئالامەت قۇۋ گۇيكىنە بۇ، قارىمامسەن گەپنى ئوڭشاپ كېتىۋاتقىنىنى…، — دېدى.

— راست دەيسەن، ئاداش، بىزنى مۇنداق نائۇمىد يولغا سالار دەپ ئويلىمىغان بۇگۈينى، شۇنداق بولسىمۇ بىزمۇ مەدىكار-دەك چاپلىشىۋالايلى بۇ مەدىكارغا، قانداق قىلىدىكىن قېنى، — دېدى ئەلى.

## 25

ئابلىمىت گۇاڭجۇدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئايىۇلاقتا يەنە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كەسپى — تۇخۇمچىلىقنى باشلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئىش - ئوقىتى ئىلگىرىكىدىنمۇ ياخشى بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ تۇخۇمدىن چۈجە چىقىرىدىغان بىر يۈرۈش زامانىۋى ئۈسكۈنى-لەرنى كىرگۈزۈپ، چۈجە چىقىرىپ سېتىپ، تېخىمۇ پۇل تېپىپ كەتكەنىدى. ئۇ مەمەتنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، ئىشنى قاتلاپ قويۇپ بىرنەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن شەھەرگە كىرىپ، ئۇنى يوقلاپ بىر كەچ مۇڭدىشىپ قايتىپ كەتكەنىدى. يېقىندا ئۇ مەمەتنىڭ بىنا سېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، شەھەرگە كىرىپ مەمەت بىلەن كۆرۈشتى.

— مۇبارەك بولسۇن، ئۇكا، مانا ھە دېگەندە بىر كاتتا بىناغا تۇتۇش قىلىپسەن، خۇدايىم بەرىكىتىنى بەرسۇن! — دېدى ئابلىمىت.

— چوڭلار پۇل دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ قولىنىڭ كىرى دەپ قويىدىكەن، مۇشۇنداق بىر ئىش قىلىشقا ئالمىسام بۇ پۇلمۇ تۈگەپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ، ئابلىمىتكا، — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن بۇ ئىشىڭنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتىم، ئۇكا، مەھەللىدىكىلەرمۇ شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتى، — دېدى ئابلىمىت.

— رەھمەت، ئابلىمىتكا، ھە، ئىش - ئوقىتىڭنى بەك ياخشى دەپ ئاڭلايمەنغۇ، — دېدى مەمەت.

— خۇداغا شۈكرى، يامان ئەمەس، ئۇكا، بالىلار تۇخۇمنى يەنە شەھەر - شەھەرلەرگە تارتىۋاتىدۇ، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇكا، ئۇششاق ئوقەت بولغىنى بىلەن پۇلى ياخشى، شۇڭا خەنزۇلار «شاۋمەيمەي، خاۋمەيمەي» (ئۇششاق ئوقەت، ياخشى ئوقەت) دەيدۇ ئەمەسمۇ! تۇخۇمدا چۈجە چىقىرىدىغان ماشىنىدىن بىرنى ئالدىم، بۇ ئىشىممۇ ياخشى، ئۇكا، مۇشۇ توك دېگەن يامان نەرسە ئىكەن جۇما، — دېدى ئابلىمىت.

— خۇدا بەرسۇن، ئابلىمىتكا، ئۆزۈڭ بولدى سەن بىلەن كۆرۈشەلمىدىم ياكى مەن قېشىڭغا چىقالمىدىم، كۇندە مۇشۇ قۇرۇلۇش ئورنىدا بولۇۋاتىمەن، بۇ يەردە كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرمىسام بولمايدىكەن، — دېدى مەمەت.

— ياخشى بولۇپتۇ، ئۇكا، بۇ دېگەن بىر چوڭ قۇرۇلۇش، ئۆزۈڭ ئۈستىدە تۇرمىساڭ قانداق بولىدۇ؟ يېنىڭ خېلى چىڭ ئىكەن - ھە، ئۇكا! — دېدى ئابلىمىت.

— سەن گۇاڭجۇدىن كەتكەندىن كېيىن مال دېگەن مېڭىپ قويدى ئەمەسمۇ، ئاكا، ساڭا ئۆتكەندە دەپ بەردىمغۇ، ھېلىقى ئۇرۇمچىلىك ئەركىن قارا خەنزۇچىدا ئوقۇغان بالىكەن، يېشى شۇ مەندىن بىر ياش چوڭ ئىكەن، ئىككىمىز شېرىك بولۇۋالدۇق، ئۇنى ياتاققا ئەكىرىۋالدىم، ئىككىمىز بىر بولۇپ مېڭىپ

قويدۇق ئەمەسمۇ! رەختنى زاۋۇتتىن ئاچىقساڭلا بۇلاپ ـ تالاپ ئېلىۋاتقان، قارا. ئالامەت بازار بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ! — دېدى مەمەت.

— مەن كەتمىگەن بولسام ئىش باشقىچە بولاتتىكەن ـ دە، — دېدى ئابلىمىت مەمەتنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— ئۇنى بىردېمە، ئابلىمىتكا، بىراق هازىرقى ئىشىڭمۇ ياخشى سېنىڭ، — دېدى مەمەت.

— هازىرغۇ ياخشى، ئۇكا، كېيىن بازار قانداق بولۇپ كېتىدۇ، بىلگىلى بولمايدۇ ـ دە! — دېدى ئابلىمىت.

— بىر بازار ئۆلسە يەنە بىر بازار پەيدا بولىدىغان گەپ ئىكەن، ئابلىمىتكا، ئادەملەر بازاردىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدىكەنغۇ! — دېدى مەمەت.

— توغرا، ماۋۇ گەپنى ياخشى قىلدىڭ، ئۇكا، ئەمدى شۇنداق بولسىمۇ هەر ئىشنىڭ ئالدىنى ئالغان ياخشى، مەن بۇ قېتىم قېشىڭغا مۇنداق بىر مەقسەت بىلەن كىرگەن، ئۇكا، ئەگەر توغرا تاپساڭ، مەنمۇ مۇشۇ بىنارىڭغا مەبلەغ قوشسام، ئىككىمىز يەنە بىر قېتىم شېرىك بولساق، — دېدى ئابلىمىت. سۆزىنىڭ مەمەتكە قانداق تەسىر قوزغايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ مەمەتنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

مەمەت ئابلىمىتنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، بىردىنلا تىترەپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ پۇلى يېتىدۇ، ئابلىمىتكا، بىر بىنانى ئىككى ئادەم شېرىك سالسا ئانچە ياخشى بولمايدۇ، مەن بۇ بىنانى ئاساسەن دادامغا سېلىپ بەرمەكچى، خۇدايىم بۇيرۇسا بىنا پۈتكەندىن كېيىن بۇ بىنانى دادام ئۆزى باشقۇرىدۇ، مەن باشقا ئىش قىلايمىكىن دەيمەن! — دېدى مەمەت.

— ئىشقىلىپ، ئويلىشىپ باق، ئۇكا، ياخشى كۆڭلۈم،

ئەگەر شېرىك بولسام بولىدىكەن دەپ قالساڭ، ھايت دېسەڭ مەن تەييار، ئۇكا، — دېدى ئابلىمىت.

ئىلگىرى يەنە ئۇلار ئايىۇلاقتا ئوقەت قىلغاندا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى، ئابلىمىت گۇاڭجۇدىن كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ساقچىلارغا تارتقۇزۇپ قويدۇم دېگەن بەش ماشىنا مالنىڭ ھەقىقىي سىرى يېشىلگەن بولسىمۇ، مەمەت بۇ ئىشنى ئۇنىڭ يۈزىگە سالمىغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن مەمەت ئابلىمىتنى ھەقىقىي چۈشىنىپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇ ئابلىمىتنىڭ مەسلىھەتىگە يېقىن كەلمىدى.

## 26

ئەلى بىلەن ئۆمەرجان يول ياستىشقا ئىئانە توپلاش ئۈچۈن مەمەتنى يەنە ئىزدەپ كەلدى. مەمەت ئەتە - ئۆگۈن دەپ بۇ ئىشنى سۆرىگەنسېرى، ئۇلار تېخىمۇ كۆچەپ ئۇنىڭغا يېپىشىۋالدى، ئاخىرقى ھېسابتا مەمەت ئۇلارنى يالقۇن، ئەيسالارغا قوشۇپ بىر كاتتا رېستورانغا چاقىردى. تاماقتىن كېيىن مېھمانلار ھاراق ئىچىشكە تۇتۇندى، ئەيسا بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ، ساقىيلىقنى ئۆزى قىلدى.

— ئەمىسە ئوتتۇز ئوغۇل، ساقىيلىقنى ئۆزۈم قىلىمەن، ئۆزۈممۇ ساقىي بولۇشقا ئامراق، — دېدى ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ، — شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، ئۆزۈم ئۇستا ساقىي.

— سەن ئۆزىنى ماختىغان بىرىنچى ئەخمەق دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانما؟ — دېدى يالقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىز دېگەن قارا ئىشچى، ئاداش، ساڭا ئوخشاش شائىرچىلىق قىلمايمىز، شۇڭا ئۇنداق گەپلەرنى بىلمەيمىز - دە، — دېدى ئەيسا كىنايە قىلىپ.

— سېنى قارا ئىشچى دېگىلى بولمايدۇ، ئەيساكا، ياخشى

ئادەمنىڭ ياخشى ئىشى يوقىدۇ دېگەن گەپ بار، يالقۇنكام شائىر بولغاندىكىن سەنمۇ يېرىم شائىر ھېسابلىنىسەن ـ دە! — دېدى مەمەت چاقچاق قىلىپ.

— يېرىم شائىر دېسەڭ ئەيساكاڭنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالىدۇ، ئۇكا، مېنىڭچە، ئۇنى ھەۋەسكار دەيلى، — دېدى يالقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەيسا بىر بوتۇلكا ھاراقنى تۈگىتىپ بولۇپ، قولىغا يەنە بىر بوتۇلكا ھاراق ئالدى.

— بەك تېز بولۇپ كەتتىمۇ، ئاداش، ئەيسا، — دېدى ئەلى قولىدىكى رومكىنى ئەيساغا تەڭلەپ.

— ھە دېگەندە ئازراق قىزىۋالمىساق ئويۇن قىزىمايدۇ، — دېدى ئۆمەرجان.

— خۇدايىم بۇيرۇسا بۈگۈنكى ئولتۇرۇشمىز قىزىيدۇ، بىردەم تۇرۇپ مەمەت گۇاڭجۇنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىدۇ، — دېدى يالقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھە، مەمەت، سەنمۇ گەپ قىلغاچ ئولتۇر، ئۇكا، يا ئىچمەيدىكەنسەن، يا چەكمەيدىكەنسەن! — دېدى ئەلى.

— ھەممە ئادەم ئىچىپ، چېكىپ كەتسىمۇ بولمايدۇ، ئارىمىزدا بىرەر كۆزەتچىنىڭ بولغىنى ياخشى! — دېدى ئەيسا.

— سېنىڭ بەك كاللاڭ ئىشلىمەيدۇ ـ ھە، ئاداش، لوبەننى بىردەمدىلا كۆزەتچى قىلىۋەتتىڭغۇ؟ — دېدى يالقۇن.

— ئەيساكام كۆزەتچىنى ياخشى كۆرىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى مەمەت.

— كۈندە زاۋۇتتىن بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ ماڭغاندىن كېيىن ـ ھە! — دېدى يالقۇن.

مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ھازىر ئەيسالارنىڭ ئوقۇرى ئېگىزلەپ كەتتى، بىرەر بوتۇلكا ھاراقنى ياراتمايدۇ، — دېدى يالقۇن.

— تۇرمۇشمۇ هاراقلا پۇرايدۇ بۇنىڭ، — دېدى ئۆمەرجان قىزىقچىلىق قىلىپ.

ئەلىنىڭ گەپ قىلغۇسى بار ئىدى، ئۇ بىر نەچچە قېتىم گەپ قىلماقچى بولدىيۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ مېهمانلارنىڭ بىردەم جىم بولۇپ قالغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، مەمەتكە قارىدى.

— بىزنىمۇ بەك جىق ماڭدۇرۇۋەتتىڭ، ئۇكا، مەهەللىنىڭ يولىنى هازىرغىچە ياسىيالمايۋاتىمىز، ئەمدى ئېنىق بىر نېمە دە، ئۇكا، بىز سەندىن خۇشال بولۇپ قالايلى، گېزىتخانىدىكى مۇخ- بىرلارنى چاقىرايلى، سېنى جامائەتچىلىككە كېلىشتۇرۇپ يېزىپ تونۇشتۇرسۇن…

— گېزىتكە سۈرىتىڭ بىلەن باسىدىغان بولسا ئالامەت يۈز تېپىپ كېتىسەن ـ دە، ئۇكا، — دېدى ئۆمەرجان ئەلىنىڭ گېپىگە ماسلىشىپ.

— خوش، ئاكىلار، ئەلىكام پۇلنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالدى، مەنمۇ ئازراق سۆزلەپ قوياي، مەن مەكتەپ كۆرمىگەن ئادەم، تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەپ قويۇشۇم مۇمكىن، ئەيىبكە بۇيرۇمايسىلەر! مېنىڭ ئەزەلدىن تۇتقان يولۇم شۇ، مېنىڭ قۇ- رۇق سۆلەت بىلەن خۇشۇم يوق، مەندەك بىر قارا قورساقنىڭ گېزىتكە چىققىنىدىن چىقمىغىنى ياخشى، هەممە ئىش ئۆز يولى بىلەن بولۇشى كېرەك، مەسىلەن، سىلەر مېنى ياخشى بىلىسى- لەر، مەن مۇشۇ دۇنيادا ئەڭ قىزىقىدىغان ئىش ئۆز ئانامنىڭ، ئۆز دادامنىڭ كىملىكىنى بىلىش، مانا بۇ مەن ئۇچۇن ئەڭ ئۇلۇغ ئىش، مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ ئالدىدا، گېزىتكە چىقىش، يۈز ـ ئابرۇي تېپىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ هەممىسى مېنى قىزىقتۇ- رالمايدۇ، مەن گۇاڭجۇدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر مېنى تەلىيى بار، پۇل تاپتى، لوبەن بولۇپ كەتتى دەپ ماڭا بەكمۇ قىزىقىشقا باشلىدى، ئەمەلىيەتتە مەن تەلەيلىكما؟ مۇشۇ ئالىقانچىلىك دۇنيادا، ئۆزىنىڭ فامىلىسىنى بىلمەيدىغان ئادەمنى

تەلەيلىك دېسە توغرا بولامدۇ؟ ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغان بىر بالىنى تەلەيلىك دېسە دۇرۇس بولامدۇ؟ بۇ جاھاندا ئاتا ـ ئانا پۇلدىنمۇ شېرىن، تاتلىق، ئۇلۇغ ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ئاشۇ پۇللىرىم مېنى قۇچاقلاپ سۆيەلەمدۇ؟ مەن ئادەتتە تولا گەپ قىلمايمەن، ئەلىكا، لېكىن مەن ئىچىمدە ھەممە ئىشنى ئويلايمەن، بۇ دۇنيا گەپ قىلالىغان ئادەمنىڭلا دۇنياسى ئەمەس، گەپ قىلالمايدىغان ھەم قىلمايدىغان ئادەملەرنىڭمۇ ھەققى بار بۇ دۇنيادا. خۇدايىم بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئۇلارغا پۇرسەت بېرىدۇ، زۇۋان بېرىدۇ، سۆزلە دەيدۇ، قۇرۇپ كەتكەن دەرەخلەر قايتا كۆكلەيدۇ، ئەمدى سىلەر مەندىن سەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئۈمىد بىلەن ياشايسەن دەپ سوئال سورىماسىلەر: چۈنكى مەن بەندىگە ئىشىنىمەن، خۇدا ماڭا بەك يىراق، ھەربىر بەندىنىڭ قىپقىزىل يۈرىكىدە يەنە بىر بەندىنىڭ قىپقىزىل يۈرىكىنىڭ قېنى بار، ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشالمىغىنى بىلەن، ئۇلار مەنىۋىيىتىدە بىر ـ بىرىنى سۆيۈپ ياشايدۇ. ئۇلار ئوخشاش بىر باغدىن چىققان، ئاخىر يەنە ئاشۇ باغقا بېرىپ ياتىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۇزۇن زاماندىن بېرى ماڭا ئوخشاش بەختسىزلەرنىڭ بېشىنى سىلاپ كېلىۋاتىدۇ، مەن بۇ يىل توپتوغرا ئوتتۇز ياشقا كىردىم، مەن ئىككى دادا، ئىككى ئانىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان، ئەمگەن ئانام دىلىمدا. مەن بىلمىگىنىم بىلەن، دىلىم بىلىدۇ، تىلىم بىلىدۇ، لەۋلىرىم بىلىدۇ، مەن ئانامنىڭ قورساقىدىن چۈشۈپ يەتتە ياشقىچە قۇربان دادام بىلەن گۈلبەھرەم ئاپامنىڭ قوينىدا چوڭ بولدۇم، مانا ئۇلار بەندىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بەندە، ئۇلار مېنى ئۆزىنىڭ بالىسىدەك باققان، چوڭلار قۇربان دادامنى بىلىدۇ، چىرايىغا قارىسا قورساقىدىكى ھەممە نەرسە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھەققىي ئوغۇل بالا ئىدى. سىلەر ئۇنىڭ ماڭا بېرىپ كەتكەن قورۇ ـ جايىنىمۇ بىلىسىلەر، ئۆزىنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، دادام ئاشۇ قورۇ ـ جايىنى ماڭا

قالدۇرۇپ قەشقەرگە كەتكەن، يەتتە ياشتىن كېيىن مەن يارى دادامنىڭ، دىلبەر ئاپامنىڭ قولىدا چوڭ بولدۇم، ئۆزۈڭلار بىلە-سىلەر، ئۇلار مېنى ئۆزلىرىنىڭ بالىسىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدۇ، بەندە تولىمۇ ئاجىز بولىدىكەن، ئاغزىنى ئاچسا كۆزىنى ئاچالماي قالىدىكەن، شۇنداقتىمۇ ئىشىنىمەن، ئۇلار چوقۇم بىر كۈنى كۆزىنى ئاچىدۇ، تەبىئەتنىڭ ساخاۋەتلىك شامالى ئۇلارنىڭ جارا-ھىتىنى ساقايتىدۇ، يالقۇنكام ماڭا نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى ئو-قۇپ بەرگەن، بولۇپمۇ ت. ئېلىيوفنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى ماڭا زور ئۈمىد بەخش ئەتكەن، شۇڭا مەن ئۆزۈمنى تاشلىۋەتمىدىم. ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك، بەندىلەرنىڭ شان ـ شەرەپكە بولغان تەلپى ئوخشاش بولمايدۇ، ئانىسى يوق ئادەم ئۈچۈن ئانا ئەڭ ئۇلۇغ، شۇڭا بۇ جاھاندا بەندىلەرنىڭ كۆڭلى بىر ـ بىرىدىن سۇ ئىچىدۇ، بۇگۈن مەن بەك جىق سۆزلەپ كەتتىم، ھەممىڭلار ئۆزۈمنىڭ ئاكىسى بولغاندىكىن دەپ سۆزلىگۈم كېلىپ قالدى، ئەمدى مېنىڭمۇ ئۆزۈمنىڭ تۇتقان يولى بار، يېقىندىن بېرى مېنى خېلى جىق ئادەملەر ئىزدەپ كەلدى، ئىئانە قىلىڭ دەپ ياردەم سورىدى، ئۇنداق ئىش قىلاتتۇق، بۇنداق ئىش قىلاتتۇق دېدى. مەن ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدىم، مەن قولۇمدىكى پۇلنى چېچىۋەتسەم بولمايدۇ، مەن مۇشۇ بىنانى پۇتتۇرۇۋالسام، ئۇنىڭدا مەلۇم ئادەم ئىشلىسە، مەنمۇ بىر ھېسابتا ئاشۇ ئادەملەرگە ياردەم قىلغان بولىمەن. شۇڭا مەن قولۇمدىكى پۇلنى بىرلا ئىشقا مەبلەغ قىلىپ سېلىشىم كېرەك، بۇ بەك مۇھىم، چۈنكى جەمئىيەتتە بىر ئادەم ئىشلەيدىغان ئىش تاپالىسا، ئاشۇ ئادەمگە قاراشلىق نەچچە ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقى ھەل بولىدۇ ئەمەسمۇ! سىلەر بۇ ئىشنى بىلىسىلەر، بىلسەڭلارمۇ سۆزلىمەي بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرىگە ياردەم قىلىپ يەنە بىرىگە ياردەم قىلمىسام بول-مايدىكەن، ئەگەر ھەممىسىگە بەرسەم ئۆزۈڭغا بارمايلا لىڭشىپ قالىمەن، ئۇ ۋاقىتتا مېنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممە ئادەم جىمىپ كەتتى، يالقۇن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ مەمەتكە قارىدى. ئىچىدە: «بۇ بىزگە ئاق ئۇچەي كاۋىپى پىشۇرۇپ بېرىدىغان مەمەتمۇيا؟» دەپ ئويلاپ قالدى. سورۇننى سۈكۈنات قاپلىدى، سورۇندىكىلەرنىڭ پەقەت نەپەس ئېلىۋاتقان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەيسا سورۇندىكى ئوڭۇشسىز كەيپىياتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، چاقچىقىنى باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ چاقچىقى ھېچكىمگە ياقمىدى. ئەيسا ئەڭ ئاخىرقى بىر رومكا ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، خۇلاسە چىقاردى:

— ئەمىسە بۈگۈن مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، ئاغىنىلەر، ھاراق دېگەننى بولۇڭ - پۇچقاقتا خاسىڭ، دادۇر بىلەن ئىچىدىغان نەرسە بۇ، بۇنداق كاتتا يەردە ئولتۇرسا ئادەمنىڭ مۇشۇنداق گەپ قىلغۇسى كەلمەي قالىدۇ...

## 27

كۈزدە مەمەتنىڭ بىناسى پۈتتى، بىنا ناھايىتى چىرايلىق لايىھىلەنگەنىدى. مەمەت ئۇستا خەتتاتقا بۇيرۇتۇپ يازدۇرغان «مەمەت مەدىكار بىناسى» دېگەن ۋىۋىسكىنى بىنانىڭ ئۇستىگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىش بىر يېڭى خەۋەر سۈپىتىدە شەھەردە كەڭ تارقالدى. ئۇزۇنغا بارماي بۇ ۋىۋىسكا ئۇنىڭغا كاشىلا تېپىپ بەردى.

بىر كۈنى بۇ ۋىۋىسكىنى شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئۆمەرجان كۆرۈپ قالدى. ئۇ سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەلىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى.

— نېمە قىلغىنى ئۇ ھارامزادىنىڭ، مۇشۇنداقمۇ ۋىۋىسكا بولامدۇ! ئادەمنى پايپاق قىلغاندەكلا بىر ئىشقۇ بۇ، ئۇ گۈينى چاقىرىپ كىلىپ بىرنېمە دېمىسەك بولمىدى، ئاداش، — دېدى ئۆمەرجان ئەلىگە.

— راستىنلا شۇنداق يېزىپتۇما؟ مەن بايقىماپتىمىنا؟ — دېدى ئەلى ئۆمەرجانغا قاراپ تۇرۇپ.

— مەن ئۇ گۇينى چاقىرىپ ئەكېلەيما؟ — دېدى ئۆمەرجان.

— ياق، ئالدىرىما، بىز ئۇ گۇيغا جەرىمانە قويايلى، يۈرە، ئۇ گۇينىڭ بىناسىغا بارىمىز، — دېدى ئەلى.

ئۇلار كىچىك ماشىنىدا ئولتۇرۇپ مەمەتىنىڭ يېڭىدىن پۈتكەن بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپلا، مەمەتىنىڭ دادىسى يارىنى كۆردى. ئۇلار ئۆزئارا كۆرۈشۈپ تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئەلى يارىغا قاراپ تۇرۇپ:

— بىنا پۈتۈپتۇ، ياركا، مۇبارەك بولسۇن! — دېدى.

— رەھمەت، ئۇكام، بۇ ئىشمۇ ھەرقايسىڭلارنىڭ ياردىمى بىلەن بولدى، — دېدى يارى كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ قېشىدا تۇرغان ئۆمەرجاننى يارىغا تونۇشتۇردى.

— ھە، ياخشى، مەدەنىيەت ئىدارىسىدە ئىشلەيسىزكەن - دە! — دېدى يارى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەدەنىيەت ئىدارىسى ئەمەس، ياركا، شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ، — دېدى ئەلى ئۇنىڭ گېپىنى تۈزىتىپ.

— ھە، مۇنداق دە، ئۇكا، بىز ئۇنداق ئىدارىلەرگە بارمىغاندىن كېيىن تازا بىلىپ كەتمەيدىكەنمىز، — دېدى يارى.

ئەلى ئۆمەرجانغا شەرەت قىلىپ قويدى.

— بىناغۇ بەك چىرايلىق پۈتۈپتۇ، ياركا، بىراق بىنانىڭ ئىسمىنى قويالماپسىلەر، مەمەتقۇ مەيلى قانداق بولمىسۇن ئۇ تېخى بالا، سىز بولسىڭىزمۇ گەپ قىلمىشىڭىز كېرەك ئىدى، — دېدى ئۆمەرجان.

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ، ئۇكا، ئىككى كۈندىن بېرى مېنىڭمۇ بېشىم قېتىپ كېتىۋاتىدۇ، بالام، بۇ نېمە قىلىق دېسەم، «دادا، چوڭلار لەقەمنى خىزىر قويىدۇ دەپتىكەن، مەن مۇشۇ لەقىمىنى

بەك ياخشى كۆرىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى قاراڭ...
— ئۆزى هازىر قەيەردە؟ — دېدى ئەلى.
— ئىككىنچى قەۋەتتە، بىرى ئىككىنچى قەۋەتنى ئىجارىگە ئالسام دەپ كېلىپتىكەن، پاراڭلىشىۋاتىدۇ، — دېدى يارى.
ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ مەمەت بىلەن كۆرۈشتى. مەمەت، ئەلى بىلەن ئۆمەرجاننى كۆرۈپ، هېلىقى خېرىدارنى يولغا سالدى.
— ئەمدى باهادا تۆۋەن چۈشەلمەيمەن، ئاكا، سىزمۇ ئۆيگە بېرىپ ئويلىشىپ بېقىڭ، — دېدى مەمەت خېرىدارنى ئۇزىتىپ قويۇپ.
— هە، لوبەن، بەك ئالدىراشقۇ؟ — دېدى ئەلى كۈلۈپ تۇرۇپ.
—... بىرىنچى قەۋەتنى دادامغا بېرىۋەتتىم، دۇكانلارنىڭ هەممىسىنى داداملار باشقۇرىدىغان بولدى، ئىككىنچى قەۋەتنى بىرى سوراپ كېلىپتىكەن، باهادا كېلىشەلمىدۇق، ئەتە كېلىدىغان بولدى، هە، يۇرۇڭلار، مېنىڭ ئىشخانامغا كىرىپ ئولتۇرايلى، — دېدى مەمەت.
ئۇلار مەمەتنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇردى، مەمەت ئىشخانىسىنى ناهايىتى چىرايلىق بېزىۋالغانىدى، مەمەت ئۇلارغا تاماكا تۇتتى.
— خوش، هۆرمەتلىك ئاكىلىرىم، قەدىمىڭلار يېتىپ قاپتىغۇ؟ — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.
—... ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇكا، بىنانىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتمىسەڭ بولمايدۇ، شەهەرنىڭ مەركىزىگە چۈشكەن بىر چىرايلىق بىنانىڭ ئۈستىگە ئاشۇنداق مەدەنىي بولمىغان سۆزنى چىقىرىپ قويساڭ، خەق نېمە دەيدۇ بىزنى؟ — دېدى ئۆمەرجان.
— ئەمىسە سېنىڭچە، ئاكا، نېمىدەپ يېزىشىم كېرەك؟

— «مەمەت يارى بىناسى» دەپ يازمامسەن! — دېدى ئۆمەرجان.

— مېنىڭ دادام ئىككى تۇرسا، قايسىسىنىڭ ئىسمىنى يازىمەن؟

— ئەلۋەتتە هازىرقى داداڭنىڭ ئىسمىنى يازىسەن-دە! — دېدى ئەلى.

— گەپ مۇشۇ يەردە، ئەلىكا، مەنمۇ جىق ئويلاشتىم بۇ ئىشتا. ئاخىر مۇشۇ لەقىمىمنى توغرا تاپقانىدىم، مېنى ئىككى دادام بېقىپ چوڭ قىلغان، شۇڭا بۇ ئىشتا بېشىم بەك قېتىپ كەتتى يا بولمىسا «مەمەت هارىمى بىناسى» دەپ يازايمۇ يا؟

— بۇ نېمە گېپىڭ، ئۇكا؟ — دېدى ئەلى. ئۇ ئۆڭدى.

— راست گەپ قىلىۋاتىمەنغۇ، ئەلىكا، — دېدى مەمەت ئەلىگە قاراپ تۇرۇپ.

— گەپنى ئاز قىل، ئۇكا، ئەتە ئاۋۇ «مەدىكار» دېگەن خەتنى ئېلىۋەت، بولمىسا ئۆمەرجانلار جەرىمانە قويىمىز دەيدۇ، — دېدى ئەلى.

— مەن جەرىمانىدىن قورقۇپ كەتمەيمەن، ئەلىكا، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن مۇشۇ كۈنگىچە خەق نېمە دېسە، سېنىڭ راست دەپ جان بېقىپ كەلگەن ئادەم، ئەمدى مەنمۇ بىرەر قېتىم كاللامغا كەلگەن ئىشنى قىلىپ باقاي...

— ئەگەر سەن «مەدىكار» دېگەن خەتنى ئېلىۋەتمىسەڭ ئۇ ۋاقىتدا بىزدىن رەنجىمە، — دېدى ئۆمەرجان تەلەپپۇزىنى باشقىچە چىقىرىپ.

— مەن ئادەمدىن رەنجىمەيمەن، ئاكا، ئۆيقۇم كەلمىسە كارىۋاتتىن رەنجىيدىغان ئادەم مەن، ئانام بىلەن دادام مېنى تاشلىۋەتكەندىمۇ ئۆلۈپ قالماپتىكەنمەن، هېلىمۇ كۆڭلۈم كېتىۋاتىدۇ، قولۇڭدىن كەلسە گۈل قىسە، ئاكا، — دېدى مەمەت.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— سارالڭ بوپتۇغۇ بۇ، مىجەزى بۇنداق نەرسە ئەمەستى بۇنىڭ، — دېدى ئەلى.

— پۇل تاپتى - دە، ئاداش، قانداق قىلىمىز ئەمدى، — دېدى ئۆمەرجان.

— كىرىپ شەھەر باشلىقىغا دوكلات قىلايلى، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، يولىيورۇق بويىچە ئىش كۆرمەيمىزمۇ! — دېدى ئەلى.

— بەك كاللىسى بار ئىكەن بۇ گۇينىڭ، هارامدىن بولغان گۇيلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئۆتكۈر بولامدىكىنا؟ ! — دېدى ئۆمەرجان.

## 28

ئەلى بىلەن ئۆمەرجان شەھەر باشلىقى پولات بىلەن كۆرۈش-تى، پولات بەستلىك خام سېمىز ئادەم ئىدى. ئۇ ئەلى بىلەن ئۆمەرجاننىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، قاقاقلاپ كۈ-لۈپ كەتتى.

— ئاشۇ بالىنىڭ خېلى جېنى بار ئىكەن جۇمۇ! قىزىق نەرسىكەن ئۇ، خەقنىڭ بالىلىرى ئاشۇنداق سەت لەقەمدىن تېرى-كىپ يۈرسە، ئۇ ئەكسىچە ئۇنى يېزىپ بىناسىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ، گۈلتاجى قىلىپ قىسىۋاپتۇ؟ ها... ها... ها... مانا ئوغۇل بالا دېگەن! مەن مەمەت توغرىسىدا ئاز تولا گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغان، سىلەر ئۇنى بوش چاغلىماڭلار، هازىرقى ئوغۇل بالىلار بۇرۇنقى ئوغۇل بالىلارغا ئوخشاشمايدۇ، ئەمدى پۇلى بار، كۆچى بار بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئەقىللىق بولۇشى كېرەك، ئەقىل قوشۇلۇپ كەلمىسە قازان قاينىمايدۇ ئەمدى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنىڭ ئىچىگە زور ئەقىل يوشۇرۇنغان، ئەمەلىيەت-تە ئۇ ناھايىتى بىر ئاچچىق كىنايىنى ئاشۇ بىنانىڭ ئۈستىگە

ئېسىپ قويغان، ئەپسۇس مېنىڭ ئەتراپىمدە مۇشۇنداق ئا-دەمدىن بىرەرى يوق، سىلەرچە ئەمدى قانداق قىلىمىز دەيسى-لەر؟ — دېدى شەھەر باشلىقى پولات ئەلىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— بىز شۇ سىزدىن يولىيورۇق سوراپ كىردۇق، — دېدى ئەلى.

— بولىدۇ ئەمىسە، ئەلى، سەن يەككە تىجارەتچىلەر جەمئىد-يىتىدىكى بەكرىگە تېلېفون قىل، هازىرلا مېنىڭ ئىشخانامغا كەلسۇن، — دېدى شەھەر باشلىقى پولات.

— مەن تېلېفوننى ئېلىپ بېرەي، پولاتكا، ئۆزىڭىزلا سۆز-لەشمەمسىز، — دېدى ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ شەھەر باشلىقىنىڭ ئۇستىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپ.

— ئاله تېلېفونۇڭنى!

ئەلى تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ بەكرىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى باستى. ئاندىن تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى شە-هەر باشلىقىغا بەردى. شەھەر باشلىقى تېلېفوندا بەكرىنى ئىشخا-نامغا تېز كېلىش دەپ بۇيرۇق قىلدى.

بىردەمدىلا بەكرى شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدا پەيدا بولدى، ئۇ ئالدى بىلەن هەيۋەتلىك ئولتۇرغان شەھەر باشلىقى پولات بىلەن، ئاندىن ئەلى، ئۆمەرجانلار بىلەن كۆرۈشتى.

— هە، بەكرى، چاقىرمىسام ئايلاپ - يىللاپ كەلمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭغۇ؟! كىملەر بىلەن ئىچىپ، كىملەر بىلەن ئېچىد-لىپ يۈرىسەن؟ — دېدى شەھەر باشلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىرنەچچە قېتىم سىزنى ئىزدەپ كەلدىم، ئىشخانىڭىزدا يوق ئىكەنسىز! — دېدى بەكرى.

— مەن بار ۋاقتىدا ئىزدىسەڭ بولمامدۇ!؟

هەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى.

— هە، جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى شەھەر باشلىقى.

— يامان ئەمەس.
— قانداق يامان ئەمەس! ؟
— ئەمدى شۇ تىجارەتچىلەرگە ئانچە - مۇنچە يىغىن ئېچىپ تۇرۇۋاتىمىز، تۆت - بەش تەڭگىسى بار ئوقەتچىلەردىن ئانچە - مۇنچە ئىئانە يىغىۋاتىمىز، — دېدى بەكرى كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ئەمىسە بىرەر جوزىغا تۇشلۇق تۆت - بەش تەڭگە پۇلمۇ بار ئىكەن - دە، — دېدى شەھەر باشلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ.
— سىزدە پۇل بولمىسا بىزدە بار، پولاتكا، — دېدى بەكرى.
ئەلى بىلەن ئۆمەرجان كۈلۈشۈپ كەتتى.
— ياخشى، خىزمەتنى ياخشى ئىشلە، ئۇكا، ئۇلارغا پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتىنى ياخشى تەشۋىق قىل، ئەڭ مۇھىمى ئۇلار بىلەن ئاغىنە بول، ئەگەر ئۇلار بىلەن ئاغىنە بولالمىساڭ، خىزمىتىڭنى ياخشى ئىشلىيەلمەيسەن، خوش، ئەمدى سەندىن سورايدىغان بىر ئىش، ھېلىقى مەمەت لوبەننىڭ بىناسى پۈتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتىڭمۇ؟
— ياق...
— مانا، مۇشۇ ئىشىڭ بولماپتۇ - دە، ئەمىسە سەن بەزى ئىشلاردىن خەۋەر تاپماپسەن، ئۇنى كېيىن ئەركىندىن بىلىۋال، بىزنى بىرەر قېتىم مېھمان قىلساڭ ئاغرىپ قالمايدىغانسەن؟ — دېدى شەھەر باشلىقى.
— قولۇم كۆكسۈمدە، پولاتكا، مۇشۇ كۈن، مۇشۇ ئايلاردا ئانام بىلەن دادام كۆرمىگەن بىرنېمىلەرگە پۇل خەجلەپ كېتىۋاتىمىز، سىز دېگەن بىزنىڭ ئاتىمىز ئەمەسمۇ! — دېدى بەكرى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ. «مۇشۇ گۆينى بىر ساقراقمىكىن دېسەم، بۇ گۆينىڭ قولىمۇ مەينەت ئىكەن - دە» دەپ ئويلىدى ئەلى ئىچىدە.
— ئەمىسە ئەتە چۈشتە بىر جوزا تاماق ئورۇنلاشتۇر، مۇشۇ

تۆتىمىز، مەمەت لوبەن بىلەن بەش بولۇپ ئۇلتۇرىمىز، گېپىمگە قۇلاق سال، مەن كىچىككىپرەك بارىمەن، مەن بارغاندىن كېيىن، مەن سىلەر بىلەن ئاشۇ ئاشخانىدا ئۇچرىشىپ قالغان بولاي، سەن مېنى جوزاڭغا تەكلىپ قىل، مەمەت لوبەنمۇ بار، بىردەم ئولتۇ- رۇپ كېتىڭ دەپ تۇرۇۋال، ئاندىن مەن چاندۇرماي سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا قېتىلاي، گېپىمنى چۈشەندىڭما؟ — دېدى شەھەر باشلىقى.

— باش ئۇستىگە، تەقسىر، — دېدى بەكرى كۈلۈپ تۇرۇپ، — قايسى رېستورانغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، پولاتكا؟

— تىنچراق بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، توختا، مەن بۇ ئىشنى مۇنۇ ئىككى باشلىق بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا ئورۇنلاشتۇ- رۇۋەتتىمغۇ! — دېدى شەھەر باشلىقى، ئەلى بىلەن ئۆمەرجانغا قاراپ.

— بۇلارمۇ ئەلۋەتتە سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا قارايدۇ - دە، — دېدى بەكرى.

— ياخشى ئورۇنلاشتۇردىڭىز، پولاتكا، ئەمىسە بىز بەكرى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرايلى، — دېدى ئەلى.

— خوش، ئەمدى بىرگەپ، بەكرى، تىجارەتچىلەرنىڭ ئى- شىنى سەن ياخشىراق بىلىسەن، ئۇكا، مەمەت لوبەننىڭ ئۆز دادىسى بىلەن ئانىسىنى بىلىدىغانلار بارمىدۇر؟ — دېدى شەھەر باشلىقى.

— ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى بىلىدىغان ئادەم چىقمىدىغۇ، پولاتكا، — دېدى بەكرى، — مېنىڭچە، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەمدى مەڭگۈ ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ.

— ئەسلىي تاشلاندۇق نەرسە ئۇ! — دېدى ئەلى.

— ئەلى، بايقاپ سۆزلە، ئاغزىڭدىن كۆپۈرلۈق چىقىپ كەتمىسۇن، نايناقشىغاننى، چوڭچىلىق قىلغاننى جايلايدىغان

جاھان بۇ، ئاشۇنداق باللار ئەقىللىق بولىدۇ! — دېدى شەھەر باشلىقى.

ئەتىسى چۈشتە ئۇلار ئايروپورت يولىدىكى «توقماق» ناملىق رېستورانغا جەم بولۇشتى. مەمەت بەكرى بىلەن قىزغىن سۆزلە-شىۋاتاتتى، شۇ تاپتا ئۇ ئىشىكتىن كىرگەن شەھەر باشلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، مەمەتكە:

— ھوي، شەھەر باشلىقى كېلىپ قالدىغۇ، مەمەت ئۇكا! بىزنى كۆرۈپ قالمىسۇن، سەت بولىدۇ، مەن ئالدىغا باراي!

— شۇنداق قىلىڭ، بەكرىكا، — دېدى مەمەت.

— ھەرقاچان چۈشتە تاماق يېگىلى كەلدى بولغاي بۇ ئادەم. ئەگەر ئۆزى يالغۇز بولسا، مۇشۇ يەرگە چاقىرىپ كىرمەمە-سەن، — دېدى ئەلى.

— ئەمىسە مەن بېرىپ كۆرۈشۈپ باقاي، — دېدى بەكرى ئورنىدىن تۇرۇپ.

بەكرى كاسسا ئالدىدا خوجايىن بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان شەھەر باشلىقىنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ گەپ قىلاي دېگۈچە شەھەر باشلىقىنىڭ ئەتراپىغا بىرنەچچە ئادەم ئولاشتى. بەكرى بىردەم كۈتۈپ تۇرغاندىن كېيىن، شەھەر باشلىقىغا:

— سىزگە قاراپ قالدۇق، شەھەر باشلىقى، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى شەھەر باشلىقى، ئۇ باشقىلار بىلەن بولغان گېپىنى تۈگىتىپ، بەكرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن مەمەت-لەر ئولتۇرغان ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى.

— مەن تاماق يەپلا ماڭاي دەپ كىرگەنىدىم، بەكرى سىلەر-نى بار دېدى، بولۇپمۇ مەمەت لوبەن بار دەپ تۇرۇۋالدى، بولىدۇ ئەمىسە، مەمەت لوبەن بىلەن بىر كۆرۈشۈۋالاي دەپ كېلىپ قالدىم، ئولتۇرۇشۇڭلارغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدىغان بولدۇم، كەچۈرگەيسىلەر، — دېدى شەھەر باشلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق دېمەڭ، شەھەر باشلىقى، ئولتۇرۇشقا خىزىر كەلدى دېگەن دەل شۇ، — دېدى بەكرى. بەكرىنىڭ بۇ گېپى ئەلىگە ياقمىدى.

— مەن مەمەت لوبەن بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشكەن، بىراق تاماقتا بىللە بولۇپ باقمىغانىكەنمەن، بۇمۇ كەلگەن يېرى، لوبەنلەر بىلەن ئولتۇرساق خۇدايىم بىزگىمۇ بېرىپ قالامدۇ تې-خى! — دېدى شەھەر باشلىقى چاقچاق قىلىپ.

— ئەسلىدە ئالدىڭىزغا بېرىپ سالام بېرىدىغان يولۇم بار ئىدى، ئەمدى بىز بازاردا بولغاندىن كېيىن بازار بىلەن بولۇپ كېتىپ، باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ يولىنى قىلالماي قالىدى-كەنمىز، — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ شەھەر باشلىقى پولاتنى كۆرۈپ بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

— بىز بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ يولى ئاسان، ئۇكا، ئەلىلەرگە تۆت - بەش تەڭگە بېرىپ قويساڭ بىزنى پات - پات ئۇچراشتۇ-رۇپ تۇرىدۇ، — دېدى شەھەر باشلىقى پولات چاقچاق قىلىپ. سورۇندىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. بەكرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تاماق كىردى، تاماقتىن كېيىن قورۇمىلار كىردى، ئەلى هاراق قۇيۇلغان رومكىنى قولىغا ئېلىپ:

— ئەمىسە سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن ئىچىدىغان ئۇتتۇز ئو-غۇل، — دېدى ئەلى قولىدىكى هاراقنى «گۈپلا» قىلىپ ئىچىۋې-تىپ.

— مەمەتنى تاماكا چەكمەيدۇ، هاراق ئىچمەيدۇ دەپ ئاڭلاي-مەن، راستمۇ؟ — دېدى شەھەر باشلىقى.

— شۇنداق، پولاتكا، — دېدى مەمەت قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

— ياخشى، ئۇكا، بولۇپمۇ هاراق ئىچمەيدىغىنىڭ تولا ياخ-شى ئىكەن، هاراق ئىچسەڭ قارنى يامان بولۇپ قالىدىكەنسەن، ئاستا - ئاستا كالا گۆشى، قوي گۆشى دېگەنلەردىن ئۆتۈپ

كەپتەر، قىرغاۋۇل، كەكلىك دېگەندەك جانىۋارلارنىڭ گۆشىنى
ئىزدەيدىغان بولۇپ قالىدىكەنسەن، شۇنىڭ بىلەن تويغىنىڭنى
بىلمەي يەۋېرىدىكەنسەن، ئاندىن قورسىقىڭ مېنىڭ قورسىقىمغا
ئوخشاش ساڭگىلاپ كېتىدىكەن، ئاندىن دوختۇر سېنى قان بې-
سىم، قان قويۇق دەپ ئاۋارە قىلىدىكەن، مۇشۇنداق گەپ،
ئۇكا، ئومۇمەن هاراقنىڭ پايدىسى يوق ئىكەن، سېنىڭ ئىچمەي-
دىغان ئىشىڭ بولىدىكەن، ئۇكا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يېقىن يولى-
ما، قارىسام سەن غەيرەتلىك بالىكەنسەن، ئىچكەنلەر ئىچىۋەر-
سۇن، ئىچمىگەنلەر كېتىۋەرسۇن، — دېدى شەھەر باشلىقى.

— رەھمەت، پولاتكا، — دېدى مەمەت كۇلۇپ تۇرۇپ. ئۇ
شەھەر باشلىقىنىڭ مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالدى.

— مەمەت لوبەن شەھەر بويىچە پۇل تاپقانلارنىڭ ئالدى،
پولاتكا، — دېدى ئەلى گەپنى مەقسەتلىك هالدا ئاساسىي مەقسى-
تىگە يۆتكەپ.

— هە، شۇنداقمۇ، خۇدايىمنىڭ بەرگىنى بار ئىكەن - دە،
ئۇكا، بىنايىڭمۇ پۈتۈپتۇ، بايام يولدا كېلىۋېتىپ كۆردۈم، بەك
چىرايلىق بىنا بوپتۇ، ئۇكا، — دېدى شەھەر باشلىقى كۇلۇپ
تۇرۇپ.

— بىراق بىنانىڭ ئېتىنى ياخشى قويالماپتۇ، پولاتكا، ئى-
سىم قويۇشتىمۇ مەدەنىيەتلىك بولۇشى كېرەك - دە! بۇمۇ بىز-
نىڭ ئىشلەيدىغان خىزمىتىمىزنىڭ بىر قىسمى، هەممە ئادەم ئۆز
هېسسىياتى بويىچە ئىسىم قويۇۋەرسە بولمايدۇ - دە؟! — دېدى
ئۆمەرجان.

— مېنىڭچە، ئۆمەرجان، سىلەر بۇ ئەركىنلىكنى مەمەت
لوبەنگە بېرىڭلار، بىز بۇ ئىشقا بەك ئارىلىشىپ كەتمەيلى، جاما-
ئەت ئۆزى بىر نېمە دەيدۇ، مېنىڭچە ئەگەر ئاشۇ ئىسمىنىڭ كەينى-
گە «ئاۋمېن!» دېگەن خەتنى قوشۇپ قويغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا
بۇ ئىسىم ئالامەت بىر ئىسىم بولاتتى، — دېدى شەھەر باشلىقى.

— توغرا، ئىسىم بالىسى بۇنداق بولمايدۇ - ھە، — دېدى بەكرى.

— پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىسىم بولاتتى - دە، — دېدى ئەلى.

ئولتۇرغانلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. مەمەت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قىزىرىپ كەتتى.

— ھە، ئۇكا، ئاڭلىسام سېنى تېخى ئۆيلەنمىدى دەيدۇ، پۇلمۇ تېپىپسەن، بىنايىمۇ پۈتۈپتۇ، ئەمدى ياخشىراق قىزدىن بىرنى تېپىپ توي قىلىۋال، — دېدى شەھەر باشلىقى مەمەتكە قاراپ تۇرۇپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، ئاكا، — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سۆيگىنىڭ بارمۇ يا؟

— يوق...

— بۇ ئىشىڭ بولماپتۇ، ئۇكا، بازارغا چىققاندا يەرگە قاراپ ماڭماي، چىرايلىق قىزلارنىڭ كۆزلىرىگە، قاشلىرىغا قاراپ ماڭ-مامسەن! — دېدى شەھەر باشلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىز يىگىت ۋاقتىمىزدا توپ - توپ قىزلارنى كەينىمىزگە سېلىپ يۈرىدىغان.

— ئەمىسە، شەھەر باشلىقى، بۇ گەپلىرىڭىزگە قارىغاندا يىگىت ۋاقتىڭىزدا بۇقىراق ئادەم ئىكەنسىز - دە! — دېدى ئەلى چاقچاق قىلىپ.

سورۇندىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ماۋۇ گېپىڭ كەلدى، ئوغۇل بالا دېگەن مۇشۇنداق بولۇ-شى كېرەك، گەپكە گەپ كەلگەندە يانماسلىق كېرەك، — دېدى شەھەر باشلىقى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا مەمەتنى بۇ يىل ئۆيلەپ قويىمىز! — دېدى بەكرى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— گەپ قىلە، مەمەت، چاتاق يوق دەپ تۇرمامسەن، ئۇكا، ۋاقتى كەلگەندە پارچە پۇل تېپىلمىسا مەن بېرىپ تۇرىمەن، — دېدى شەھەر باشلىقى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، پولاتكا، — دېدى مەمەت خىجىل بولۇپ.

— ئەمىسە سىلەر ئالدىرىماي ئولتۇرۇڭلار، مېنىڭ چۈشتىن كېيىن ئاچىدىغان بىر يىغىنىم بار، بۇ مېنىڭ ئىنىمىز مەمەت لوبەن بىلەن تۇنجى قېتىم ئولتۇرۇشۇم، ۋاقتىنى بەكرى بېكىتسۇن، ئەڭ ياخشىسى يەكشەنبە كۈنى بولسۇن، مەمەت لوبەننىڭ بىناسىنىڭ پۈتكىنىنى تەبرىكلەپ، بىر داستىخان سالاي، شەھەرلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ بىر باشلىقى بولىدىغان، دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە بېرىپ بىر بېلىق يەپ كەلسەك بولاتتى دەپ بەك چاقىرىپ كېتىۋاتىدۇ، سىلەرنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلەي، — دېدى شەھەر باشلىقى.

— رەھمەت، پولاتكا، — دېدى مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ شەھەر باشلىقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن تەسىرلەندى.

شەھەر باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ، مېھمانلار بىلەن خوشلىشىپ، رېستوراندىن چىقىپ كەتتى. باشقا مېھمانلار جوزىدا ئولتۇرۇپ قالدى. بەكرى شەھەر باشلىقىنى رېستوراننىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

— مەمەتكە ئەمدى ئوشۇق گەپ قىلماڭلار، مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىم ئۇنىڭغا تەگدى، ئەمدى ئۇ بۇ ئىشنى ياخشى ئويلىشىدۇ، — دېدى شەھەر باشلىقى بەكرى بىلەن خوشلىشىپ.

— ماقۇل، شەھەر باشلىقى، — دېدى بەكرى. ئۇ شەھەر باشلىقىنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئاشخانىغا كىردى. ئۇستەلدە ئەلى، ئۆمەرجانلار قىزىق پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مەمەت جىم بولۇپ قالغانىدى.

— ھە، نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر! — دېدى بەكرى روھلۇق ھالدا ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— شەھەر باشلىقى مەمەت لوبەننى مېھمان قىلىمەن دېسە، ئۆمەرجان كوتۇلداپلا كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئەلى قىزىقچىلىق قىلىپ.

— راست - دە! پولاتكاملارنى بىز ئۇنىڭ ئاشۇ يېزىدا ئىشلەپ يۈرگەن يىللىرىدىن باشلاپ بىلىمىز، مۇشۇ كۈنگىچە بىزنى بىرەر قېتىممۇ مېھمان قىلغىنى يوق، بۈگۈن مەمەت لوبەننى بىر كۆرۈپلا داستىخان سالايغا چۈشتى، شۇنىڭغا قارىغاندا پولاتكاممۇ ئۆزگىرىپ قاپتۇ جۇما، ئاغىنىلەر! — دېدى ئۆمەرجان.

— سەن مەمەت لوبەن بىلەن تەڭ بولالمايسەن. بىنايىڭ بارمۇ سېنىڭ! — دېدى ئەلى ئۇنىڭ چىشىغا تەگكەن بولۇپ.

— شۇ، مۇشۇ كۈندە ھەممە ئادەم پۇلى بارلارنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇۋالدى! — دېدى ئۆمەرجان.

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭلار، ئۆمەرجانكا، — دېدى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلماي ئولتۇرغان مەمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— شۇنىڭغا قارىغاندا سەن پولاتكامنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدىغان ئوخشايسەن، ئۆمەرجان، — دېدى بەكرى.

— مەن پولاتكامنى ياخشى چۈشىنىمەن، ئۇ بىر تېپىلغۇسىز ئادەم، ئۇنىڭ بىزگە شەھەر باشلىقى بولغىنى بىزنىڭ تەلىيىمىز، بىراق بىزنىمۇ مېھمان قىلىپ قويۇشى كېرەك - دە! — دېدى ئۆمەرجان. ئۇ ئەلىگە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— ماۋۇ گەپتىن - گەپ چىقىپ قالدى، باللار، بىزمۇ شۇ ئادەمنىڭ قەدرىگە يەتسەك بولىدۇ، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەم بۇ، مانا مەن بىرنەچچە شەھەر باشلىقىنى كۆرگەن ئادەم، ھەممىسى ئۆزىنى ئوڭشاپ، سەھرادىكى تۇغقانلىرىنى شەھەرلىك قىلىپ، ھەتتا ئېلىپىنىمۇ بىلمەيدىغان قېيىنسىڭىللىرىگىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋاقتىنى تۇشقۇزدى، پولاتكام نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ شەھەر ئەتراپىدىكى پۈتۈن دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە تۇرۇبا سۈيى

ئەكىرىپ بولدى، ئاسان ئىش ئەمەس ھەي، مۇنداق قارىساڭ كۆندە ئويۇن ـ چاقچاق بىلەنلا ئۆتۈۋاتقاندەك، خىزمەتنىمۇ چاقـ چاق بىلەن باشقۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ دىتى بار، گېپىنىڭ ئىچىدە گېپى بار، قىلىقىنىڭ ئىچىدە قىلىق بار، مانا مەن ئۇنى بەك چۈشىنىمەن، ئۇ بىر ئادەم بولسىمۇ پۇل تېپىپ كەتسۇن دەيدىغان باشلىق، مەن شۇنداق دەپ قوياي، ئەمدى بىز ئۇزۇنغىچە بۇنداق باشلىققا ئىگە بولالمايمىز، — دېدى بەكرى.

— مەنمۇ بەكرىنىڭ گېپىگە قوشۇلىمەن، — دېدى ئەلى، — ھاراق ماڭا كېلىپ توختاپتۇ، يەنە بىر جىك ئويناۋالمايلىما؟

— بەدەننى چىۋىن چاققۇدەكمۇ بولمىدى تېخى، ئىچىمىز بۇنى، — دېدى بەكرى.

— مېنىڭغۇ ئىشىم يوق ئادەم، كىم گېلىمگە ئۇرمىسا شۇنىڭ كەينىدە يۈرۈۋېرىمەن، — دېدى ئۆمەرجان.

— مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى، بەكرىكا، مەن ئىچمەـ گەندىكىن ماڭغاچ تۇرسام بولارمىكىن! — دېدى مەمەت.

— مەيلى، ئۇكا، سېنىڭ ئىشىڭ بار ئادەم، بىزگە ئوخشىـ مايسەن، ماڭساڭ ماڭغاچ تۇر، پولاتكام دېگەن ئىشنى بىر كۈنى خەۋەر قىلىمەن ئەمىسە، — دېدى بەكرى.

مەمەت ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ رېستوراندىن چىقىپ كەتـ تى. مەمەت رېستوراندىن چىقىپ ئۇدۇل ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇردى، شەھەر باشلىقى پولاتنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىدا قايتا ئاڭلاندى، ئۇنىڭ سەمىمىي كۈلۈشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، بولۇپمۇ پولاتنىڭ ئاشۇ ئىسمىنىڭ كەينىگە «ئاۋمېن» دېگەن خەتنى قوشۇپ قويغان بولساڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتەتتى دېگەن گېپى ئۇنىڭغا بەكلا تەسىر قىلغانىـ دى، ئۇ ئىچىدە ئازابلاندى، مۇشۇ بىر ئېغىز گەپنىڭ تەسىرى

بىلەن ھاياتىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى چۈشەنگەندەك بولدى، ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئوي ـ پىكىرلىرىدىن چىكىنىپ چىقتى، ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇ ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ بىنانىڭ ئۈستىدىكى «مەدىكار» دېگەن خەتنى ئالدۇرۇۋەتتى، ئۆمەرجان بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، بۇ ئىشنى شەھەر باشلىقىغا خەۋەر قىلدى.

— بەك تېزغۇ، ئاخشام خېلى ياخشى خىزمەت ئىشلىگەن ئوخشىمامسىلەر، — دېدى شەھەر باشلىقى.

— تۈنۈگۈن چۈشتە سىز كەتتىڭىز، بىز باشقا گەپ ـ سۆزلەر بىلەن ئولتۇردۇق، ئەتىگەن قارىسام بىنانىڭ ئۈستىدىكى «مەدىكار» دېگەن خەت يوق تۇرىدۇ، — دېدى ئۆمەرجان.

— ئەمىسە مەھەللىدىكـى چـوڭلار بىرنېمــە دېگەن ئوخ. شايدۇ ـ دە، — دېدى شەھەر باشلىقى.

— بەلكىم، — دېدى ئۆمەرجان.

ئۆمەرجان شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ، ئەلى. نىڭ ئىشخانىسىغا كىردى، ئەلى بىر كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، مېھمان ئۆمەرجاننى كۆرۈپ گېپىنى قىسقارتتى، ئەلى مېھماننى ئۇزىتىۋېتىپ ئىشخانىسىغا كىرگەندە، ئۇ ئەھۋال. نى ئەلىگە ئېيتتى.

—… يامان گوي ئىكەن ـ دە، يەنە ئىككى كۈن تۇرغان بولسا ئون مىڭ يۈەن جەرىمانە ئالاتتۇق ـ دە! — دېدى ئەلى.

— ئەمدى ئۇمىدىڭنى ئۈز، ئاداش، ئۇ گوي بىزگە پۇل بەرمەيدۇ، — دېدى ئۆمەرجان.

## 29

يارى يالقۇن بىلەن ئەيسانى چاقىرىپ كىرىپ، مەمەتنىڭ توي ئىشى ئۈستىدە باش قوشتى.

— ئەمدى مــەمەتنىڭ ئــەھۋالىنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر،

ئۇكام، ئۇ سىلەردىن باشقا ئادەملەرگىمۇ ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئوتتۇز ياشتىن ئېشىپ كەتتى دېگەن گەپ، مەن ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە ئىككى بالىنىڭ دادىسى بولۇپ بولغان، بىرنەچچە قېتىم تويۇڭنى قىلىپ قويايلى دېسەم يېقىن كەلمىدى، ئوقەت قىلىمەن، پۇل تاپىمەن دەپ يۈردى، بىزمۇ ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ كەلدۇق، ئەمدى توينى قىلىۋەتمىسەك بولمايدۇ، بۇ يىل توينى قىلىۋېتەيلى، سىلەر ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىڭلار، ھە ـ ھۇ دەپ قولمۇ قول ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويايلى، — دېدى يارى يالقۇنغا قاراپ تۇرۇپ.

— ياخشى گەپ بولدى، ياركا، بىزمۇ يېقىندىن بېرى مەمەت بىلەن بىرنەچچە قېتىم پاراڭلاشتۇق، ئەمىسە بىز ئەتە ـ ئۆگۈن ئۇنىڭ بىلەن يەنە رەسمىي بىر قېتىم كۆرۈشەيلى، قىزلار جىق، خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇنىڭغا ياخشى قىزدىن بىرنى تاپىمىز، — دېدى يالقۇن.

— شۇنداق، بۇ يىل ئۇنىڭ توينى قىلىۋەتمىسەك ئۇ كېيىن قىزلارغا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ! — دېدى ئەيسا.

— خۇدايىم ساقلا، ئۇكا، — دېدى يارى.

يەكشەنبە كۈنى يالقۇن بىلەن ئەيسا يارىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، مەمەت بىلەن كۆرۈشتى. مەمەت ئۇلارنى بىر رېستورانغا باشلىدى.

— بىرەر رومكىدىن ئىچكەچ پاراڭلىشىمىز ھەرقاچان، — دېدى مەمەت.

— ئىچىدىغان بولۇۋالمىغانسەن؟ — دېدى يالقۇن.

— سىلەرنى ئىچەرمىكىن دەۋاتىمەنغۇ!

— ھە، مۇنداق دېمەمسەن، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە، ئۇكا، — دېدى يالقۇن.

— ئەمىسە بۇگۈن كەپتەر كاۋىپى بىلەن ئىچىڭلار، بۇ

رېستوران يېقىنىدىن بېرى كەپتەر كاۋىپى چىقىرىۋاتىدۇ، — دېدى مەمەت.

— مېھمان دېگەن قويىدىن ياۋاشقۇ، ئۇكا، — دېدى ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ.

ھاراق بىر رومكىدىن ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يالقۇن يارىنىڭ ھاۋالىسىنى مەمەتكە يەتكۈزدى.

— يېقىندىن بېرى تۇغقانلار ئارىسىدا مۇشۇنداق گەپلەر بولۇۋاتىدۇ، يالقۇنكا، بۇ ئىشقا ئۆزۈمغۇ ئالدىرىمىدىم، ئەمدى بۇ يىل توي قىلىۋالمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى مەمەت يالقۇنغا قاراپ.

— ياۋاش، ئەمما تېتىك قىزدىن تاپىمىز، ئۇكا، — دېدى ئەيسا.

— خۇدايىم بۇيرۇسا دېمەمسەن، ئاداش، — دېدى يالقۇن ئەيساغا قاراپ تۇرۇپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا! — دېدى ئەيسا.

— مېنىڭ كۆڭلۈم سەھرانىڭ قىزلىرىغا تارتىپ تۇرىدۇ، يالقۇنكا، شەھەرنىڭ قىزلىرى بىلەن تازا خۇشۇم يوق، — دېدى مەمەت.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئۇكا، ھەممە ئادەم شەھەرنىڭ قىزلىرىنى ئارزۇ قىلىۋاتسا؟! — دېدى يالقۇن.

— مەن ئايبۇلاقتا ئابلىمىتكام بىلەن ئوقەت قىلغاندا سەھرانىڭ قىزلىرى بىلەن ئارىلاشقان. سەھرانىڭ قىزلىرى بەك ياخشى بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلسە ئەتىر پۇرىمىغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى كۆرگىلى بولىدىكەن، كۈلۈشلىرىمۇ شەھەرلىك قىزلارنىڭ كۈلۈشلىرىگە ئوخشاشمايدىكەن، شەھەرنىڭ قىزلىرى ئاغزىدا كۈلىدۇ، سەھرانىڭ قىزلىرى كۆزىدە كۈلىدۇ، قاقاقلاپ سايراپ كەتمىگىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرى ئادەمنىڭ ئېسىدىن كەتمەيدۇ، شەھەرنىڭ قىزلىرى مەشىنىڭ ئوتىدەك

ئادەمنى تېز قىزىتىپ، تېز سوۋۇتۇپ قويىدۇ. سەھرانىڭ قىز-لىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئاجىز، روشەن بولمىغىنى بىلەن، ئۇلار ئاسماندىكى قۇياشقا ئوخشاش، ئادەمنى ئۇزۇنغىچە ئىللى-تىپ تۇرىدۇ. شۇڭا مەن سەھرانىڭ قىزلىرىغا ئامراق! — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى.

— مانا، مانا ئوغۇل بالا دېگەن، شائىر بولۇپ كېتىپسەن ئەمەسمۇ، ئۇكا! — دېدى ئەيسا كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ مەمەتكە قاراپ.

— يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلدىم، ئاكا، سەنمۇ يۈرىكىڭدىكى گەپنى قىلساڭ شائىر بولۇپ كېتىسەن! — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قوي، ئۇكا، ئارىمىزدا بىرلا شائىر بولسا بولدى، قاس-ساپ كۆپ بولسا قوي هارام بوپتۇ دېگەندەك، شائىر كۆپىيىپ كەتسىمۇ ئەپلەشمەيدۇ، — دېدى ئەيسا.

— تېخى مۇنداقمۇ گېپىڭ بارئىكەن - دە، ئاداش، شائىر كۆپەيسە خەلققە مەنىۋى ئوزۇق بېرىدىغان ئادەمدىن يەنە بىرى كۆپىيىدۇ، ئەڭ يامىنى هاراق زاۋۇتىنىڭ، هاراقكەشلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، ئاداش، — دېدى يالقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مېنى هاراقكەش دېسەڭ توغرا بولمايدۇ، هاراقكەشراق دېسەڭ بولىدۇ، چۈنكى باش پىيەنچۈك سەن، بىز سېنىڭ ئاغى-نەڭ بولغاندىن كېيىن بىزمۇ پىيەنچۈك بولىمىز - دە، — دېدى ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە مەنمۇ پىيەنچۈك بولىمەنكەن - دە! — دېدى مەمەت قىزىقچىلىق قىلىپ.

يالقۇن كۈلۈپ كەتتى:

— مۇشۇ كۈندە هەممە ئادەم پىيەنچۈك بولۇپ كەتتىغۇ، ئاستا - ئاستا ئوخشىلىپ قالارمىز، — دېدى يالقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سەن سەھرانىڭ گېپىنى قىلساڭ بولمايدۇ، ئۇكا، ئەمـ-
دى سەن بۇرۇنقى كاۋاپچى مەمەت ئەمەس، تۇخۇمچى مەمەتمۇ
ئەمەس، گۇاڭجۇچى مەمەتمۇ ئەمەس، ھازىر سەن دېگەن پۇل
تاپقان، يۈز تاپقان بايۋەچچە مەمەت. شەھەر باشلىقىنىڭ ھۆرمەت-
لىك داستىخىنىغا سازاۋەر بولۇپ تۇرىدىغان مەمەت بايۋەچچە،
شۇڭا ساڭا ئوقۇغان، خىزمىتى بار، چىرايلىق، تۆت ئادەمنىڭ
ئالدىغا چىقالايدىغان، يېگەن - ئىچكەندەك قىزلاردىن تېپىشىمىز
كېرەك! — دېدى ئەيسا قولىدىكى ھارىقىنى ئىچىۋېتىپ. مەمەت
كۈلۈپ كەتتى.

— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ، ئەيسا، مېنىڭ ئويۇممۇ
مۇشۇنداق، ھازىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن قىزلار جىق،
بارماقتا توختىغۇدەك قىزدىن بىرنى تېپىشىمىز كېرەك. سەن
تېخى ئۆيلەنمىدىڭ، ئۇكا، بەزى ئىشلارنى تېخى ھېس قىلالمايـ-
سەن، ئۆي دېگەندە خوتۇن خەقنىڭ رولى بەك چوڭ بولىدۇ،
بىز تالادا يۈرىمىز، باللارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشىدىغان ئادەم
ئانا بولغۇچى، شۇڭا ئۇلار بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك بولۇشى
كېرەك، مېنىڭچە، خوتۇننىڭ ئەسكىسى يوق، ئۇكا، جىمى گەپ
ئەرنىڭ ئۆزىدە، ئەرنىڭ قايسى دەرىجىدە، قانداق ئۇسۇل بىلەن
ئايالىنى تۇتۇپ تۇرالىشىنىڭ ئۆزى بىر چوڭ ئىلىم. نۇرغۇن
ئائىلىلەر بار، قارىماققا ئۇلار بەك ئىناق، ئۇلار بىر ئۆيدە بىر
ئەينەككە قاراپ بېشىنى تارىغىنى بىلەن، بىرىنىڭ كۆڭلى باغدا،
بىرىنىڭ ھېسسىياتى تاغدا، ئۇلار ساختا ئىناقلىقنىڭ ئىچىدە
كۈن ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلارنى ياشاۋاتىدۇ دېگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنى
باغلاپ تۇرغان نەرسە ئالتۇن زەنجىر ئەمەس، ئۇلار بىر - بىرد-
نىڭ كۆلەڭگىسى ئىچىدە ياشايدۇ، شۇڭا بىر ئەر ئالدى بىلەن
ئۆزىگە سادىق بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا ئاندىن ئۇ ئائىلد-
سىگە سادىق بولالايدۇ، پەقەت مۇشۇ ئاساستا ئۇنىڭ يېگەن نېنى
چىرايىغا چىقىدۇ...، — دېدى يالقۇن.

— دەرس سۆزلەپ كەتتىڭغۇ، ئاداش، — دېدى ئەيسا.
— يۈرىكىمدىكى سۆزلەرنى قىلىۋاتىمەن، ئاداش، — دېدى يالقۇن.
— ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدىڭىز، يالقۇنكا، مەن سىزنىڭ مۇشۇنداق گەپلىرىڭىزگە ئامراق، — دېدى مەمەت.
— شائىر دېگەن گەپ سېتىپ جان باقىدىغان گەپ، ئۇكا، — دېدى ئەيسا يالقۇننىڭ چىشىغا تېگىپ.
— غەيۋەت ساتقاندىن كۆرە گەپ ساتقان ياخشى ئەمەسما، ئەيساكا! — دېدى مەمەت.
— يارايسەن، ئۇكا، ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ! — دېدى يالقۇن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.
ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا مۇنداق خۇلاسىگە كەلدى، يالقۇن بىلەن ئەيسا تونۇشلار ئارقىلىق مەمەتكە لايىق ئىزدەيدىغان، لېكىن شۇنىڭدىمۇ ئالدى بىلەن مەمەت ئۆزى باش قاتۇرىدىغان، قىز تېپىلغاندىن كېيىن، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ توي قىلىدىغان بولدى.

## 30

مەمەت توي قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇشىغا، بىرى ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى، بىر ئايال ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، بۇ ئايالنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى چۈشكۈن ئىدى، ئۇ مەمەتكە تىكىلىپ قارىدى.
— ئولتۇرۇڭ، ھەدە، كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دېدى مەمەت بىچارە ئايالغا قاراپ تۇرۇپ. ئۇ ئىچىدە بۇ بىچارە ئايال ھەرقاچان مەندىن ياردەم سوراپ كەلدى دەپ ئويلىدى.

ئايال گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى مەمەتنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىدە ئىدى، مەمەت ئايالنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن يېنىدىن يۈز سوم پۇل ئېلىپ، ئايالغا تەڭلىدى.

— قىينىلىپ قالغان بولسىڭىز بۇ پۇلنى يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، ھەدە، — دېدى مەمەت.

— ماڭا بۇ پۇل يەتمەيدۇ، ئۇكام، — دېدى ئايال قايغۇلۇق تەلەپپۇزدا.

— يەنە قانچىلىك بەرسەم بولىدۇ؟ — دېدى مەمەت پەس ئاۋازدا.

— ماڭا ئون مىڭ سوم بېرىڭ، ئۇكام، — دېدى ئايال مەمەتكە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ.

مەمەت نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

— مەن بۇ گېپىڭىزنى چۈشىنەلمەي قالدىم، ھەدە…

— چۈشىنىپ قالىسىز، ئۇكام…

— مەن سىزنى تونۇمىسام، ساخاۋەت دېگەننىڭمۇ يولى بولىدۇ، ھەدە، بىراقلا ئون مىڭ سوم سورىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ — دېدى مەمەت.

— تونۇشۇپ قالىمىز، ئۇكام…

— سىز كىم بولىسىز؟

— مەن سىز ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم ئادەم، ئۇكام، مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سىزگە تونۇشلۇق بەرمەي كەلدىم، كېيىن تۇرمۇشۇم بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتتى، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سىزگە تونۇشلۇق بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم…

— ئالدىرىماي سۆزلەڭ، ھەدە، سىز كىم بولىسىز؟ — دېدى مەمەت جىددىيلىشىپ.

— مەن سىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن مۇھىم ئادەم، ئۇكام، مەن بىلەن ياخشى تونۇشسىڭىز، سىز ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىلىشكە

تەشنا بولۇپ كېلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى بىلىسىز، مەن ئۆزۈم ئۈچۈن، مۇشۇ ئالەم ئۈچۈن، شېخىدىن ئاجراپ بولغان بىر تال غازاڭ، لېكىن مەن سىز ئۈچۈن بىر تال ئەڭگۈشتەر بولالايمەن...

ئايالنىڭ بۇ گېپى مەمەتنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. مەمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايالنىڭ قايغۇلۇق كۆزلىرىگە قارىدى.

— ئەمىسە ماڭا تونۇشلۇق بېرىڭ، ھەدە، سىز كىم بولىسىز؟

— سىز ھېلىقى تۇغۇت ئانىسى بولۇپ يۈرگەن مەريەم دېگەن ئايالنى ئاڭلىغان بولغىيتىڭىز؟

— ئاڭلىغان، بىلىمەن.

— مەن شۇ ئايالنىڭ يالغۇز قىزى ئىبادەت بولىمەن!

— ھە، سىز ئىبادەت ھەدەمما؟ مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئاڭلىغان، مەن سىزنى كۆپ سۈرۈشتە قىلدىم، لېكىن سىزنى تاپالمىدىم، — دېدى مەمەت ھاياجانلىنىپ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئوت تۇتاشقاندەك بولدى.

— ئىبادەت ھەدە، سىز ھازىر قەيەردە ئولتۇرۇۋاتىسىز؟ مېنى بىلگەندىن كېيىن نېمىشقا ئىزدىمىدىڭىز؟ — دېدى مەمەت ھاياجانلىنىپ.

— مەن سىزنى ئىزدىمەي دېگەن ئويدا ئىدىم، ئۇكام، قارىسام ئىككى كىچىك ئوغلۇمنىڭ قولىغا قاراپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن سىزنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولدۇم! — دېدى ئىبادەت. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى.

— يىغلىماڭ، ئىبادەت ھەدە، سىز ھازىر قەيەردە تۇرۇۋاتىسىز؟

— سىز بۇ گەپكە ئالدىرىماڭ، ئۇكام، مەن ئالدى بىلەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرەي، ئۆزۈن گەپنىڭ قىسقىسىنى قىلسام، ئۆز ۋاقتىدا سىزنى ئاپام تۇغدۇرغان، سىز شۇ

كۈنى ئەتىگەندە دەل سۈبھى ۋاقتىدا تۇغۇلغانىدىڭىز ، مەن ئاپامغا ياردەملەشكەن، كېيىن ئاپىڭىز سىزنى بىزنىڭ ئۆيگە قويۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاپام سىزنى گۈلبەھرەم ھەدەمگە بېرىۋەتكەندى. شۇ كۈندىن تارتىپ مەن سىزنىڭ تۇرغان، ماڭغان يەرلىرىڭىزنى سوراپ، بىلىپ تۇردۇم، چۈنكى ئاپام رەھمەتلىك ماڭا ۋەسىيەت قىلغان، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى مەمەتنىڭ ئاپىسى بىزنى ئىزدەپ كېلىدۇ، شۇ ۋاقىتتا سەن مەمەتنىڭ بار يېرىنى دەپ بېرىشىڭ كېرەك دېگەنىدى، لېكىن مېنى ھېچكىم ئىزدىمىدى، سىز ياركامىنىڭ قولىدا چوڭ بولدىڭىز ، ئوقەت قىلدىڭىز ، پۇل تاپتىڭىز ، بىنايىڭىز پۈتتى، شەھەردە ھەممە ئادەمگە تونۇلدىڭىز ، بۇنداق بولغاندىن كېيىن ئاپىڭىز چوقۇم مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ دەپ يۈردۈم، لېكىن ئاپىڭىز مېنى ئىزدىمىدى، ئاخىر مانا ئەمدى مەن سىزنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولدۇم…

—… ئەمىسە مېنىڭ ئاپام كىم بولىدۇ، ئىبادەت ھەدە؟ ئاپامنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دىدى مەمەت. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

— ئاپىڭىزنىڭ ئىسمى گۈلباھار بولىدۇ…

— گۈلباھار… گۈلباھار… .

— گۈلباھار …

— ئاپام ھازىر قەيەردە؟

— قەشقەردە…

— قەشقەردە؟

— شۇنداق، قەشقەردە …

— قەشقەرنىڭ قايسى يېرىدە؟

— ئۇنى بىلمەيمەن، سىز يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى گۈلبەھرەم ھەدەم ۋاپات بولغاندا، قۇربان بوۋاينىڭ بۇرۇنقى ئايالىدىن بولغان قاسىم ئىسىملىك بالىسى قەشقەردىن كەلگەن، ئېسىڭىزدە بولۇشى مۇمكىن. ئۇكام، ئەڭ ياخشىسى سىز قەشقەرگە بېرىپ

ئاشۇ قاسىم ئاكىڭىزنى ئىزدىسىڭىز، ئاپىڭىز گۈلباھار ھەدەمنى تاپالايسىز...

— ئىبادەت ھەدە، سىز بۇرۇن نېمە ئۈچۈن مېنى ئىزدىمىدىڭىز؟ — دېدى مەمەت.

— مەن ئاپىڭىز چوقۇم مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ دەپ يۈرۈپتىمەن، ئۇكام، — دېدى ئىبادەت.

— ئاپام قانداقراق ئايال؟

— ئاپىڭىز ناھايىتى چىرايلىق ئايال، مەن ئاپىڭىزنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، ھە راست، سىزگە مۇھىم بىر ئىشنى ئېيتىپ قوياي، ئاپىڭىزنىڭ ئوڭ قولىقىنىڭ كەينىدە بىر تال مەڭ بار ئىدى. ئەگەر ئاپىڭىز سىزنى تونۇغىلى ئۇنىمىسا، مەن سىز بىلەن بىللە قەشقەرگە بېرىپ گۇۋاھچى بولۇپ بېرىمەن...

مەمەت ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى.

— ئەمىسە دادامنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، ئاپام بىرنەچچە قېتىم ئاپىڭىزدىن دادىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىغان، لېكىن ئاپىڭىز زادىلا دەپ بەرگىلى ئۇنىمىغان، مەن دادىڭىزنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن...

— ئەمىسە دادامنى ئاپاملا بىلىدىكەن ـ دە، — دېدى مەمەت ئىختىيارسىز ھالدا.

— شۇنداق، دادىڭىزنى ئاپىڭىز بىلىدۇ، ئۇكام...

مەمەت دېرىزە تەرەپكە قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاچچىق ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى.

— ئىبادەت ھەدە، سىز بايام ئىككى كىچىك ئوغلۇمنىڭ قولىغا قاراپ قالدىم دېدىڭىز، بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى مەمەت دىققىتىنى ئىبادەتكە يۆتكەپ.

— دېسەم گەپ تولا، ئۇكام، مەن ئەردىن تەلىيىم كەلمىگەن خوتۇن، مېنىڭ ئېرىمنىڭ ئېتى قارى ئىدى، دەسلەپتە بىز خېلى

ياخشى ئۆتتۇق، ئۇ بازاردا ئانچە ـ مۇنچە ئوقەت قىلاتتى، بىر يىلدىن كېيىن مەن قوشكېزەك ئوغۇل تۇغدۇم، يىللار ئۆتتى، ئېرىم بازاردىكى بىر تۇركۇم ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ، هاراق ئىچىدىغان بولۇۋالدى، ئاخىر ئۇ ئوغرىلىق قىلىپ، تۇرمىگە كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم، بالامنى ئوقۇتالمىدىم، هازىر بىرى كىنوخانىنىڭ ئالدىدا شىمشىكە[1]سا- تىدۇ، بىرى بازار ئارىلاپ ئاياغ مايلاۋاتىدۇ، مەن هازىر ئاشۇ ئىككى بالامنىڭ قولىغا قاراپ قالدىم، ئۆز ئالدىمغا ئانچە ـ مۇنچە ئوقەت قىلاي دېگەن، بىر تىيىنمۇ پۇلۇم يوق، شۇڭا سىزنى ئىزدەپ كېلىشىم، — دېدى ئىبادەت.

مەمەت ئىبادەتنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى.

— بالىلىرىڭىزنىڭ ئېتى نېمە؟ — دېدى ئۇ خېلى ئۆزۈندىن كېيىن.

— بىرىنىڭ هەسەن، بىرىنىڭ هۈسەن!

— بالىلارنىڭ دادىسى هازىرمۇ تۈرمىدىمۇ؟ — دېدى مەمەت.

— تۈرمىدىن چىققىلى خېلى بولدى...

— هازىر نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— بازاردا، سېلىپسارلىق قىلىۋاتىدۇ... .

— توي قىلىۋالدىمۇ ـ يا؟

— ياق...

— يارىشىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟

— بالىلىرىم پات ـ پات ئۇنى ئىزدەپ بارىدۇ، قارىسام ئۇ ئەسكى ئىشتىن قولىنى ئۈزگەندەك، لېكىن هاراقنى تاش- لىماپتۇ...

— خۇدايىم بۇيرۇسا قارىكامغا هاراقنى تاشلىتىمىز، ئىبا-

---

[1] شىمشىكە — گازىر.

دەت ھەدە، خۇدايىم بۇيرۇسا مەن سىزگە ھەممە تەرەپتىن ياردەم بېرىمەن، ئىككى ئوغلىڭىزنى دادامغا قېتىپ قوياي، دادام ئۇلار-غا سودا قىلىشنى ئۆگەتسۇن، قالغان گەپنى كېيىن دېيىشەيلى، مەن سىزگە دېگەن پۇلىڭىزنى بېرەي، — دېدى مەمەت.

— مەن بايام سىزنى نېمە دەيدىكىن دەپ شۇنداق دەپ قوي-غان، ئۇكام، ئەسلىدە مەن سىزگە بىر جۇپ ھالقا ساتاي دەپ كەلگەن! — دېدى ئىبادەت، مەمەتنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

— ھالقا؟ ئۇ قانداق ھالقا؟

— ئۆز ۋاقتىدا ئاپىڭىز سىزنى ئاپامغا قويۇپ كەتكەندە ئاپامغا بىر جۇپ ھالقا بەرگەنىدى، شۇ ھالقا! — دېدى ئىبادەت قولياغلىقىقا چىڭ ئورالغان ھالقىنى قولياغلىقتىن يېشىپ ئېلىۋې-تىپ. مەمەت ھالقىنى قولىغا ئالدى...

— بۇ مېنىڭ ئاپامنىڭ ھالقىسىما؟ — دېدى مەمەت.

— شۇنداق، مۇشۇ ھالقىنى مەن سىزگە ساتماقچى، ئېلىپ قويۇڭ، ئۇكام، — دېدى ئىبادەت.

— ئون مىڭ سوم بېرىمەنما؟

— ماڭا ياردەم قىلىپ قويۇڭ، ئۇكام، مەن بىر كۈن بولسىمۇ سىزنى باققان، — دېدى ئىبادەت.

— بولىدۇ، ئىبادەت ھەدە، ئەمىسە، مەن بۇ ھالقىنى سىز دېگەن پۇلغا ئالاي، مەن ئەلۋەتتە سىزگە ياردەم قىلىشىم كې-رەك، — دېدى مەمەت. ئۇ پورتمالىنى چىقىرىپ ئىچىدىكى پۇلىغا قارىدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇردى.

— يېنىمدىكى پۇل ئون مىڭ سوم چىقمايدىكەن، ئىبادەت ھەدە، سىز بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن تۆۋەنگە چۈشۈپ چىقاي، — دېدى مەمەت. ئۇ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

ئىبادەت ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى. ئىبادەت مە-مەت بىلەن كۆرۈشۈش ـ كۆرۈشمەسلىك مەسىلىسىدە بىرنەچچە ئاي ئويلاشقانىدى. «ئەگەر ئۇ مېنى قوبۇل قىلمىسا، چىق ئۇ-

يۇمدىن، مەن سىنى نەدە كۆرگەن دەپ قوغلىۋەتسە، ئۇ ۋاقىتتا تېخىمۇ تۇگىشىپ كېتىمەن» دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ «بۇ بالا بەك چىلىق ئىكەن، پۇل تاپقىنى بىلەن ياردەم سوراپ كەلگەن ئادەمگە بىر پۇڭمۇ بەرمەيدىكەن» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. ئىبادەت قولىدىكى قولياغلىقى بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتتى، تۇرمۇش بۇ بىچارە ئايالنى بەكمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەت-كەنىدى، ئەگەر ئۇنىڭ ئىككى بالىسى ئوغۇل بولماي قىز بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ يەيدىغان نېنىنىمۇ تاپالماي قىينىلىپ قالغان بولار ئىدى، مانا ئەمدى ئۇ مەمەتنىڭ مۇئامىلىسىدىن بەكمۇ سۆيۈندى.

مەمەت پەسكە چۈشۈپ، دادىسى بىلەن كۆرۈشتى.

— بەش مىڭ سوم كېرەك بولۇپ قالدى، دادا، يېنىڭدا پۇل بارما؟ — دېدى مەمەت دۇكاننى رەتلەۋاتقان دادىسىغا قاراپ تۇرۇپ.

— بار، بالام، — دېدى يارى. ئۇ يېنىدىن بىر كاللەك پۇلنى ئېلىپ، مەمەتكە بەش مىڭ سوم ساناپ بەردى، — بىر ياققا ماڭدىڭمۇ ـ يا؟

— ياق، پۇل لازىم بولۇپ قالغان، بىر ئىش بار، ساڭا ئاخشاملىققا دەپ بېرىمەن، — دېدى مەمەت.

مەمەت ئىشخانىسىغا قايتىپ چىقتى. ئىبادەتنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ئەمدى يىغلىماڭ، ئىبادەت ھەدە، مەن سىزدەك بىر ياخشى ھەدەمنى تېپىۋالدىم، سىزمۇ مەندەك بىر ياخشى ئىنىڭىز-نى تېپىۋالدىڭىز، ھەممە ئادەم سىزدەك، مەندەك ئادەملەرنى بىچارە دەيدۇ. توغرا، مەن ئۆز ئاتا ـ ئانامنىڭ قۇچىقىدا ياشىيال-مىدىم، مەندە ئانا مېھرى، ئاتا مېھرى دېگەن نەرسىلەر يوق، سىزمۇ ئاپىڭىزدىن ئايرىلىپسىز، ئىككى بالىڭىز بىلەن قاپسىز، لېكىن تۇرمۇشتا باش ئەگمەپسىز، سىزدىن باشقا ئادەم بولغان

بولسا، بۇ ھالقىنى ئاللىقاچان سېتىپ خىراجەت قىلغان بولاتتى، سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنى مۇشۇ ھالقىدىن بىلگىلى بولىدۇ، ئىبادەت ھەدە، غۇرۇرلۇق ئايال ئىكەنسىز، مانا بۇ ئىنساندىكى ئەڭ زور بايلىق، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەمدى سىز بۇنىڭدىن كېيىن يىغلىمايسىز...

مەمەتنىڭ بۇ گەپلىرى ئىبادەتكە بەكمۇ تەسىر قىلدى، ئۇ ئەقلىگە كېلىپ ھېچقانداق بىر ئادەمدىن بۇنداق سەمىمىي گەپ ئاڭلىمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

مەمەت يېنىدىكى پۇلنى چىقىرىپ ساندى، يېنىدىكى بەش مىڭ سوم پۇلنى دادىسىدىن ئالغان بەش مىڭ سوم پۇلغا قوشۇپ، ئون مىڭ سوم قىلىپ ئىبادەتكە بەردى.

— ئەمىسە بۇ ئون مىڭ سوم پۇلنى يېنىڭىزغا چىڭ سېلىڭ، ئىبادەت ھەدە، قالغان گەپلەرنى كېيىن قىلىشىمىز، ئەمىسە بۇ ھالقا مەندە قالدى، — دېدى مەمەت.

— رەھمەت، ئۇكام...، — دېدى ئىبادەت توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

مەمەت ئىبادەتنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنى باسالماي ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى، ئۇ قولىدىكى ھالقىغا قاراپ، ئاپىسىنىڭ جامالىنى كۆرگەندەك بولدى...

كەچتە ئۇ دادىسىغا ئىبادەت بىلەن كۆرۈشكەن ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى.

— ھە... مۇنداق دە، بالام...، — يارى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەدېگەندە نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى، ئارقىدىنلا ئۇ ئېسىنى يىغىپ ئېچىلىپ كەتتى، — خۇش خەۋەرغۇ، بالام، بۇ بەك ياخشى خەۋەر بوپتۇ، مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغان، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دېگەن

مۇشۇ، بالام، مانا ئەمدى خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا ئاپاڭنى تېپىد-
ۋالىدىغان بولدۇڭ...

— رەھمەت، دادا، ئەمىسە ئىبادەت ھەدەمنىڭ ئاشۇ ئىككى ئوغلىنى سەن ئىشلەت، ئۇلارغا سودا قىلىشنى ئۆگەت، ئايلىق ئىش ھەققىنى ئۆزۈم بېرىمەن، — دېدى مەمەت.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، بالام؟ ئادەمنى مەن ئىشلەتسەم، ئىش ھەققىنى سەن بەرسەڭ قانداق بولىدۇ؟ بۇنداق گەپلەرنى قىلما، بالام، سەت تۇرىدۇ، ئىش ھەققىنى ئۆزۈم بېرىمەن، ئۆزۈممۇ بىر ئادەم ئالاي دەپ تۇراتتىم، — دېدى مەمەت.

— مەيلى، دادا، ئەمىسە، يەنە بىر ئىش بار، ئالدى بىلەن ئىبادەت ھەدەمنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەن يولدىشى قارىكامنىڭ ئەھ-
ۋالىنى ئۇقۇپ باق، ئەگەر ئىبادەت ھەدەمگە تومۇرى تارتىدىغاند-
دەك بولسا، ئىككىسىنىڭ بېشىنى بىر قازانغا قارىتىپ قويايلى، كەلگۈلۈك بالىلىرىغا كەلمىسۇن، — دېدى مەمەت.

— بولىدۇ، بالام، بۇ ئىشنى بەك ياخشى ئويلىشىپسەن، خۇدايىم بۇيرۇسا مەن قارىنى كەلتۈرىمەن، گۈلدەك بىر جۈپ ئوغلىنى يېتىم قىلىپ نېمە قىلىدۇ ئۇ، ئاداش، — دېدى يارى، — ئەمىسە ئەتىدىن باشلاپ ھەسەن بىلەن ھۈسەن دۇكانغا كەلسۇن.

— ئەتە ئىبادەت ھەدەم سېنى ئىزدەيدىغان بولدى، قالغان ئىشلارنى ئۆزى بىلەن پاراڭلىشارسەن، — دېدى مەمەت.

## 31

ھەممە ئىش مەمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بويىچە بولدى. ھەسەن بىلەن ھۈسەن يۇيۇنۇپ، تارىنىپ يارىنىڭ دۇكىنىغا كې-
لىپ ئىشقا كىرىشتى. يارىمۇ قارى بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈش-
تى، قارىنىڭ ئايالى ئىبادەت بىلەن يارىشىشقا باشقا پىكرى يوق

ئىدى، ئۇ: «مېنى ئۆز ۋاقتىدا قارا باسقان، يامان ئادەملەرنىڭ
كەينىگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلىپ قويدۇم، ئىككى يىل تۈرمىدە
يېتىپ قالدىم، مەن تۈرمىگە كىرىپ ياتقاننىڭ ئەتىسىلا ئىبادەت
ئاجرىشىمەن دەپ ئىلتىماس قىلىپتۇ، بوپتۇ دەپ خېتىنى بېرد-
ۋەتتىم، خەقلەرنىڭ ئاياللىرى ئەرلىرى تۈرمىدە ئون يىل ياتسى-
مۇ ساقلايدىكەن» دەپ رەنجىدى قارى. يارى ئۇنىڭغا: «ئايالىڭ
ياخشى ئايال ئىكەن، گۆلدەك بىر جۈپ ئوغلۇڭ بار ئىكەن،
يارىشىۋالمىساڭ زادى بولمايدۇ» دەپ يۈرۈپ ئۇنى قايىل قىلدى.
ئىبادەتمۇ يارىنىڭ گېپىگە كىردى، ئۇ مەمەت بىلەن كۆرۈشكەن-
دىن بېرى، رەھمەتلىك ئاپىسىغا ئوخشاش جانلىنىپ كەتكەنىدى.
ئۇنىڭ چىرايى قايتىدىن پارقىراشقا باشلىدى. لېكىن، مەمەتنى
خىيال بېسىۋالدى، ئۇ ئاپام قەشقەرنىڭ نەرىدىدۇر دەپ خىيال
قىلاتتى.

يەكشەنبە كۈنى چۈشتە، ئۇ يالقۇن بىلەن ئەيسانى بىر رېس-
تورانغا چاقىردى. تاماقتىن كېيىن، ئەيسا هاراق بوتۇلكىسىنى
قولىغا ئالدى.

— ئىچ هاراقنى، ئېيت ناخشا، ئۆمۈر دېگەن بەك قىسقا،
دەپتىكەن بىرى، بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىمىز، ئىچىپ تۇرايلى
جۇما، ئاغىنىلەر، — دېدى ئەيسا هاراقنى رومكىغا لىق
قۇيۇۋېتىپ.

— هە دېگەندە ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلما، ئاداش، هارىقىڭنى
ئىچە! — دېدى يالقۇن. ئاندىن ئۇ مەمەتكە قاراپ تۇرۇپ، —
قورۇملارنى بەك جىق بۇيرۇتۇۋېتىپسەن، ئۇكا، شۇنداقلا ئول-
تۇرساقمۇ بولاتتىغۇ، — دېدى ئۆزرە ئېيتىپ.

— مەيلى، مەمەت ئۇكا، ئاشقان - تاشقان بارات تازىنىڭ
دەپتىكەن، ئېشىپ قالسا ئۆزۈم ئەكېتىمەن، — دېدى ئەيسا.

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ، ئەيساكا، بۇگۈن قورۇملارنى
جىقراق بۇيرۇتتۇم، ئېشىپ قالسا ئالغاچ كەت، — دېدى مەمەت.

— يەنىلا ئاشۇ ئۇچەي كاۋىپى، خاسىلىڭ، دادۇرلارغا يەتمەيدىكەن، ئۇكا، — دېدى يالقۇن.

— ئۇ بىر دەۋر ـ دە، ئاكا، ئۇ دەۋر ئۆتۈپ كەتتى، خوش، بۈگۈن سىلەرگە سالىدىغان بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى، بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مەن بىر ئۇچۇرغا ئىگە بولدۇم، ئاپام قەشقەردە ئىكەن...، — دېدى مەمەت يالقۇنغا قاراپ تۇرۇپ.

— قەشقەردە؟ — دېدى يالقۇن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— ھەئە، قەشقەردە ئىكەن، — دېدى مەمەت، ئەيساغا قاراپ قويۇپ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىبادەت بىلەن كۆرۈشكەنلىك ئەھۋالىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى.

— مۇنداق دە، ئۇكا...، — دېدى ئەيسا قولىدىكى ھاراقنى جوزىغا قويۇپ قويۇپ.

— يائاللا، ئىچى بەك كۆچلۈك خوتۇنكىنا، بۇ سىرنى مۇشۇ كۈنگىچە بېسىپ ياتقىنىنى قارا، — دېدى يالقۇن.

— شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى داداڭ ئىشلىتىۋاتىدۇ دە! — دېدى ئەيسا.

— بالىلىرى تېتىك باللار ئىكەن، خۇدايىم بۇيرۇسا يول تېپىپ كېتىدۇ، — دېدى مەمەت.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟ ئۇكا، — دېدى يالقۇن مەمەتنىڭ كۆزىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ تۇرۇپ.

— بۈگۈن سىلەرنى چاقىرىشىمدىكى مەقسەت شۇ، يالقۇنكا، ماڭا بىر مەسلىھەت كۆرسەتكەن بولساڭلار، — دېدى مەمەت.

— داداڭ نېمە دەيدۇ؟ — دېدى يالقۇن.

— دادام قەشقەرگە بېرىپ ئاپاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كەل دەيدۇ.

— توغرا، قەشقەرگە بېرىشىڭ كېرەك، ئۇكا، قەشقەردە قۇربان دادامنىڭ بىر ئوغلى بار دەۋاتاتتىڭ، شۇ ئاداشنى ئىزدىمەمسەن؟ ئۇ ئاداشنىڭ ئېتى نېمىتا؟ — دېدى يالقۇن.

— قاسىم، قاسىمكام!

— ئۇ ئاداش ھازىر قەشقەردە نېمە ئىش قىلىدىكەن؟ — دېدى ئەيسا.

— قەشقەردە بىر رېستورانى بار ئوخشايدۇ، مەن تۇخۇمچىدىلىق قىلىپ يۈرگەن يىللىرى قەشقەرگە بارغاندا ئۇنىڭ رېستورانىغا كىرگەن، لېكىن مەن ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بەرمىگەنىدىم، يارى دادامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ مەن بىلەن تازا خۇشى يوق ئىكەن، ئۆز ۋاقتىدا گۈلبەھرەم ئاپام تۇگەپ قاسىمكام دادامنى قەشقەرگە ئەكەتمەكچى بولغاندا، ئۇ مېنى بىرگە ئەكېتىشكە قوشۇلمىغانىكەن، مەن مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بەرمىگەنىدىم، مانا ئەمدى ئۇنى ئىزدىمەي بولمىدى، — دېدى مەمەت.

— شۇنداق، ئۇكا، ئاپاڭنى ئاشۇ قارى ئاكاڭ ئارقىلىق تاپالايسەن، ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەپتۇ، دېگەن گەپ بار، سەن قەشقەرگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈش، — دېدى يالقۇن.

— مەن بۇ گەپنى ئاڭلىماپتىكەنمەن، ئۇكا، ئەمىسە تېزدىن يولغا چىق، ئۇكا، مەن بىكار بولغان بولسام سەن بىلەن بىللە قەشقەرنى كۆرۈپ كېلەتتىم ـ دە! — دېدى ئەيسا.

— ئەمىسە مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئىچىدە يولغا چىقسام بولغۇدەك، ئاكىلار، — دېدى مەمەت.

— شۇنداق قىل، ئۇكا، ۋاقتىنى چىڭ تۇت، بىر كۈن بولسىمۇ ئاپاڭ بىلەن بالدۇرراق كۆرۈش، — دېدى يالقۇن.

— قەشقەردە چىرايلىق قىزلار جىق، ئۇكا، ئاپاڭ ئۆيلەپ قويامدۇ تېخى! — دېدى ئەيسا چاقچاق قىلىپ.

— ساڭىمۇ بىرنى ئالغاچ چىقسا ـ ھە، — دېدى يالقۇن.

— نېسىپ بولارمۇ، ئۇكا، — دېدى ئەيسا مەمەتكە قاراپ تۇرۇپ. مەمەت كۈلۈپ كەتتى.

— خۇدايىمدىن تىلىسەڭ نېسىپ بولىدۇ، ئاكا، — دېدى مەمەت.

# 32

مەمەت قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى، ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، شەھەر مەركىزىدىكى بىر ئالىي مېھمانخانىغا چۈشتى، ئۇ بۇ مېھمانخانىدا بىر كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، چۈشتە قاسىمنىڭ رېستورانىغا باردى. مەمەت بۇلۇڭدىكى ئۈستەلگە كېلىپ جايلاشتى. كۈتكۈچى قىز قۇيۇپ بەرگەن ئىسسىق چايدىن بىر يۇتۇم ئۇتلىۋالغاندىن كېيىن تاماق بۇيرۇتتى.

— بىر قاچا ئۆگرە ئىچەي، سىڭلىم، — دېدى ئۇ ئالدىدىكى مۇلازىمەتچى قىزغا.

مۇلازىمەتچى قىز «بولىدۇ» دەپ كەينىگە ياندى. مەمەت يېنىدىن يانفونىنى ئېلىپ غۇلجىغا، يەنى يالقۇننىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلدى، تېلېفوننى يالقۇننىڭ ئايالى ئالدى، ئۇ، يالقۇن چۈشتە ئۆيگە كەلمىدى دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

كۈتكۈچى قىز بىر چىنە ئۆگرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى.

— ئۆزلىرىگە نان ئەكېلىپ بېرەمدىم ـ يا؟ — دېدى كۈتكۈچى قىز.

— رەھمەت، سىڭلىم، مۇشۇ ئۆگرىنى ئاران ئىچىپ بولىمەن، — دېدى مەمەت.

ئۆگرە ناھايىتى ئوخشىغانىدى، مەمەت ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ قاچىدىكى ئۆگرىنى ئىچىپ بولدى، ئۇ كۈتكۈچى قىزنى چاقىرىپ، تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلىدى.

— سورايدىغان بىر ئىش بار ئىدى، سىڭلىم، قاسىم لوبەن رېستوراندا بارمۇ ـ يا؟ — دېدى مەمەت پۇلنى ئېلىپ ماڭماقچى بولغان قىزغا قاراپ.

— يوق، بايام چىقىپ كەتكەن، — دېدى قىز.

— ئەمىسە خاپا بولماي يانفونىغا بىر تېلېفون قىلىۋەتكەن

بولىسىڭىز، مەن غۇلجىدىن مەخسۇس سىلەرنىڭ لوبەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن، — دېدى مەمەت.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى قىز كەينىگە يېنىۋېتىپ.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، كۆتكۈچى قىز قاسىمنى باشلاپ كەلدى. مەمەت قاسىمنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. قاسىم ئۇنىڭغا «ھە نېمە ئىش بىلەن ئىزدىگەن» دېگەن نەزەردە قاراپ قويۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— مېنى سىلە ئىزدىگەنما؟ — دېدى قاسىم مەمەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ جېنى بىرنېمىنى تۇيغاندەك قىلدى.

— سىز بىلەن كۆرۈشەي دەپ كەلگەن، قاسىمكا، — دېدى مەمەت ئورنىدا ئولتۇرۇپ. كۈتكۈچى قىز ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بېرىپ كەتتى.

— نەدىن كېلىشىلىرى؟ مېنىڭ ئېتىمنى قانداق بىلىدىلا؟ — دېدى قاسىم.

— غۇلجىدىن كېلىشىم، مېنىڭ ئېتىم مەمەت بولىدۇ، مەن سىزنى تونۇيمەن، مەن يەتتە ياش ۋاقتىمدا سىزنى غۇلجىدا كۆرگەن، — دېدى مەمەت.

— سىلە قايسى مەمەت بولىدىلا؟ — دېدى قاسىم جىددىيلىشىپ.

— مەن دادىڭىز يەنە مېنىڭ دادام قۇرباننىڭ غۇلجىدىكى بالىسى مەمەت بولىمەن، قاسىمكا، — دېدى مەمەت.

قاسىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كەچۈرسىلە، ئۇكام، مەن سىلىنى تونۇيالماپتىمەن، يامان سەت ئىش بولۇپتۇ، يۈرسىلە، ئايرىم خانىغا كىرىپ ئولتۇرايلى، — دېدى قاسىم.

قاسىم ئۇنى ئايرىم خانىغا باشلاپ كىردى. كۈتكۈچى قىز

ئۇلارنىڭ كەينىدىن كىرىپ ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بەردى.

— قاچان كەلدىلە؟ — دېدى قاسىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئالدىنقى كۈنى كەلگەنىدىم، تۈنۈگۈن بىر كۈن دەم ئالدىم، بۈگۈن سىزنى ئىزدەپ كېلىشىم، — دېدى مەمەت.

— مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى سىلىگە كىم ئېيتىپ بەردى؟ — دېدى قاسىم.

— مەن بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا قەشقەرگە كېلىپ تۇخۇمـ چىلىق قىلغان، شۇ ۋاقىتتا سىزنى سۈرۈشتە قىلغانىدىم، شۇ چاغدا سىزنىڭ رېستورانىڭىزدا بىرنەچچە قېتىم تاماق يېگەن...

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ماڭا تونۇشلۇق بەرمىدىلە؟ — قىزىقىپ سورىدى قاسىم.

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، قاسىمكا، سىز بۇرۇن مېنى تازا ياقتۇرۇپ كەتمەيتتىڭىز، شۇڭا سىزگە تونۇشلۇق بەرمىگەنىدىم، — دېدى مەمەت.

— بۇنداق دېسىلە بولمايدۇ، ئۇكام، ئۇ بۇرۇنقى ئىشلار، ئۇ ۋاقىتتا مەنمۇ كىچىك ئىدىم، ھازىرقىدەك ۋاقتىم بولغان بولسا ئىش باشقىچە بولغان بولار ئىدى، شۇ يىلى مەن دادامنى غۇلجىدىن قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، دادام ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، بىر يىلدىن كېيىن ياخشى بولالماي ئالەمـ دىن ئۆتتى، دادام رەھمەتلىك پات ـ پات سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلاتتى، كېيىن مەن سىلىنى بىللە ئەكېلەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن بەكمۇ پۇشايمان قىلدىم، ئادەمنىڭ ئادەم بولۇپ ياشىمىقى بەكمۇ تەس ئىكەن. ئۇكام، خوش، ئۆزلىرىنىڭ ھال ـ ئەھۋاللىرى قانداقراق؟ — دېدى قاسىم گەپنى باشقا تېمىغا يۆتكەپ. ئۇ مەمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خىجىل بولۇپ قالدى.

— يامان ئەمەس، قاسىمكا، — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— غۇلجىدىكى دادىلىرىنىڭ ئېتى نېمىتى، ئۇكام؟

— يارى.
— هە، توغرا، يارى، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، ئۇلار-نىڭ ئەھۋالى قانداق؟
— ياخشى.
— ئۆزلىرى نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈۋاتىلا، ئۇكام، — دېدى قاسىم مەمەتكە قاراپ تۇرۇپ.
— ئوقەت قىلىپ يۈردۈم، قاسىمكا، ئەھۋالىم يامان ئە-مەس، — دېدى مەمەت. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قىلغان ئىش - ئوقەتلىرىنى قاسىمغا تولۇق سۆزلەپ بەردى.
— ئالامەت! كارامەت! مۇنداق دېسىلە، ئۇكام، سىلە كاتتا ئادەم بولۇپ كېتىپلا ئەمىسە! — دېدى قاسىم بىردىنلا روھلىنىپ.
— خۇدايىمنىڭ بەرگىنى بار، ئاكا، — دېدى مەمەت.
— خۇدايىم بەرسۇن، ئۇكام، سىلە ھەقىقەتەن كاتتا ئادەم بولۇپ كېتىپلا، بەش قەۋەتلىك بىنا سالماق ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇكام، ماڭسىلا، ئۇكام، ئۆيگە بارايلى، ئۆيگە بارايلى، — دېدى قاسىم.
— بۇگۇن تەييارلىقىم يوق، قاسىمكا، ئەتە باراي، — دېدى مەمەت.
— ئەمىسە ئەتە بىزنىڭ ئۆيگە كۆچۈپلا بارسىلا، مەن ئۆزلى-رىنىڭ ئاكىسى تۇرسام، ئۇكام، سىلە مېھمانخانىدا ياتسىلا قان-داق بولىدۇ؟! — دېدى قاسىم.
— خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە سومكامنى ئېلىپ سىزنىڭ ئۆيد-گىزگە بارىمەن، قاسىمكا! — دېدى مەمەت.
قاسىم ئۇنى تاماققا زورلىدى. مەمەت تاماقلىنىپ بولدۇم دەپ ئۇنىمىدى، قاسىم مەمەتنىڭ بۇ شەھەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلگىنىنى بىلگۇسى بار ئىدى، لېكىن ئۇ چىش يېرىپ بىرنېمە دېيىشكە نومۇس قىلدى. مەمەت ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ مېھ-مانخانىغا كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە قاسىم مەمەت چۈشكەن مېھمانخانىغا بې-رىپ، مەمەتنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كەلدى. مەمەت قاسىمنىڭ ئۆيىدە ناھايىتى ياخشى مېھمان بولدى، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قاسىمغا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مەقسىتىنى ئېيتتى.

— بۇ قېتىم مەن بىرى سىز بىلەن تونۇشۇپ سىزگە سالام بەرگىلى كەلدىم، قاسىمكا، ئۇزۇن يىل بولدى، بىز باردى ـ كەلدى قىلىشالمىدۇق، ئەسلىدە مەن سىزنى بۇرۇنلا ئىزدىسەم بولاتتى، لېكىن مەن بۇنداق قىلالمىدىم، مېنى كەچۈرۈڭ، ئاكا، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزنى تاشلىمايمەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر مۇھىم ئىشىم بار، قاسىمكا، سىز بىلىسىز، مەن تا ھازىرغىچە مېنى تۇغقان ئاپام بىلەن دادامنى تاپالماي يۈرگەن ئادەم، مانا ئەمدى خۇدايىم مېنىڭ دىلىمنى يورۇتتى، يېقىندىن بېرى ئاپامنىڭ قەشقەردە ئىكەنلىكىدىن خە-ۋەر تاپتىم، كېلىشتىكى يەنە بىر مەقسىتىم شۇ، قاسىمكا، سىز مۇشۇ ئىشىمغا ياردەملەشكەن بولسىڭىز، مەن ئاپامنى تېپىۋال-سام، — دېدى مەمەت.

— ھە… ئۆزلىرىنىڭ ئانىسى قەشقەردىمىكەن، ئۇكام؟ ئەمىسە بۇ بەك ياخشى خەۋەر ئىكەنغۇ، ئانىلىرى بىرەر ئىدارىدە ئىشلەمدىكەن ـ يا؟ — دېدى قاسىم جىددىيلىشىپ.

— ئاپامنىڭ ئەسلىي يۇرتى قەشقەردىن ئىكەن، 1965 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن غۇلجىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپتۇ، 1966 ـ يىلى مەن تۇغۇلۇپتىمەن، شۇ يىلى ئاپام قەشقەرگە يۆتكىلىپ كېتىپتۇ، ئاپام غۇلجىدا بىر مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەنىكەن. غۇلجىدا بىرنەچچە ئا-دەم مەسلىھەت كۆرسىتىپ، قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، مائا-رىپ ئىدارىسىنى ئىزدەپ، ئەھۋالنى تولۇق ئېيتساڭ، ئۇلار ساڭا ياردەم قىلىدۇ دېگەنىدى، مەن ئۇلارنىڭ گېپىنى توغرا تېپىپ قالدىم، — دېدى مەمەت.

— ئانىلىرىنىڭ ئىتى نىمىكەن، ئۇكام؟
— گۈلباھار!
— گۈلباھار... ، ئەمىسە بىز سىلى دىگەندەك قىلايلى، مەن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى تونۇيمەن، ئۇ ئادەم قورسىقىغا قەۋەتلا ئامراق، ئەته كەچته ئۇنى رىستورانغا چاقىراي، ئۈچ رومكا هاراق ئىچكەندىن كىيىن دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىسىنى دەيدۇ ئۇ، — دىدى قاسىم.
مەمەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى،
— شۇنداق قىلايلى، قاسىمكا، ئەمىسە، — دىدى ئۇ قاسىمنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ.
— دادىلىرىدىن خەۋەر بارمۇ؟
— يوق، ئاپامنى تىپىۋالسام دادامنى تاپمىغىم ئاسان بولامدىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن، — دىدى مەمەت.

## 33

گۈلباھار 1966 ـ يىلى غۇلجىدا مەمەتنى مەريەمگە تاپشۇرۇپ بىرىپ، يىغلىغىنىچە باش بىكەتكە كەلگەنىدى. ئۇ يىللاردا غۇلجىدىن قەشقەرگە بىۋاستە قاتنايدىغان ئاپتوبۇس يوق ئىدى. ئۇ ئىزدەپ ـ سوراپ يۈرۈپ مىلىك تەسلىكتە ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان ماشىنىنىڭ بىلىتىدىن بىرنى تىپىپ، ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۈرۈمچىدە بىر كۈن دەم ئالغاندىن كىيىن، قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ قەشقەردە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر ھەپتە ئۆيدىن تالاغا چىقماي دەم ئالدى. بىر كۈنى ھوشۇرنىڭ سىڭلىسى پاتەم ئۇنى يوقلاپ كەلدى.
—... سالامەت تۇردىلىما، گۈلباھار ئاچا، مىنى ئاكام ئەۋەتكەنىدى، — دىدى پاتەم گۈلباھار بىلەن كۆرۈشۈپ.
— ئاكىلىرىنىڭ ئەھۋالى ياخشىما، سىڭلىم، — دىدى

گۈلباھار. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ھېسسىيات يوق ئىدى.
— كەچتە مەيداندىكى كۈلۈپتا كىنو بار ئىكەن، ئاكام سىلى-نى زېرىكىپ قالغان بولسا كىنو كۆرسۇن دەپ مەندىن بېلەت ئەۋەتكەن، — دېدى پاتەم قولىدىكى كىنو بېلىتىنى گۈلباھارغا سۇنۇپ تۇرۇپ.
گۈلباھار بېلەتنى قولىغا ئالدى:
— رەھمەت، سىڭلىم، ئاكىلىرىغا ئېيتىپ قويغان بولسىلا، مىنىڭ تازا مىجەزىم يوق، شۇنداقتىمۇ بىر ئامال قىلىپ بارار-مەن، ئەگەرچەندە بارالمىسام خاپا بولمىسۇن، — دېدى گۈلباھار.
— ماقۇل، گۈلباھار ئاچا، — دېدى پاتەم ئورنىدىن تۇ-رۇپ. گۈلباھار پاتەمنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. گۈلباھار پاتەمنىڭ ئاكىسى ھوشۇر بىلەن ئالىي مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئوقۇغانىدى، ھوشۇر گۈلبا-ھارنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى، گۈلباھارنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ ياناتتى. لېكىن گۈلباھارنىڭ كۆڭلى باشقا يەردە ئىدى. ئۇ ئۆزى يېتىلدۈرگەن گۈلنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى باشقا بىر يىگىتنىڭ يۈرىكىگە چاچاتتى، غۇلجىنىڭ كىندىكىدە تۇغۇلۇپ يېتىلگەن بۇ يىگىتنىڭ ئېتى ئەزىز ئىدى، ئەزىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلار 1965 ـ يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، گۈلباھار ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ساۋاقدىشى ئارقىلىق سىنىپ تەربىيىچىسىگە ئېيتىپ، ئەزىز بىلەن غۇلجىغا تەقسىم قىلىندى، شۇ يىلى ئۇ غۇلجىغا كېلىپ، شەھەرلىك «ئالغا» ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇت-قۇچى بولۇپ ئىشلىدى. ئەزىز «قىزىل بايراق» ئوتتۇرا مەكتى-پىگە تەقسىم قىلىندى. 1966 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئەزىز گۈلبا-ھار بىلەن توي قىلمىسا بولمايدىغان يەرگە كېلىپ قالدى، ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانامنى ئازدۇرغان ھېلىقى جاھانغا نامى پۇر كەتكەن سىرلىق يىلان ئاشۇ نۇرغۇنلىغان شېرىن كېچىلەردە ئۇلارنىمۇ ئازدۇرۇشقا ئۈلگۈرگەنىدى. مۇھەببەتنىڭ سىرلىق يې-

رى شۆكى، ئۇ ئاقىۋەتنى ئويلاشقا پۇرسەت بەرمەيتتى. ئەزىز ئاغىنىلىرىگە ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتىپ ئۇلارنى ئاپىسىنىڭ قېشىغا كىرگۈزدى. لېكىن ئەزىزنىڭ ئاپىسى ئەزىزنىڭ سۆيگىنىنى ئېلىپ بېرىشكە قوشۇلمىدى. «ھېلىغۇ قورسىقىدا بىر بالا بار ئىكەن، ئۇن بالا بولسىمۇ مەن بالامغا ئۇ قىزنى ئېلىپ بەرمەيمەن، مەن ئەزىزگە ئېلىپ بېرىدىغان قىزنى ئۇن يىلنىڭ ئالدىدا سۆزلىشىپ بولغان» دەپ ئەلچىلەرنى يولغا سالدى. ئاخىرقى ھېسابتا ئەزىز مەقسىتىگە يېتەلمىدى، ئەزىزنىڭ ئاپىسى شۇ ئايىنىڭ ئىچىدىلا ئوغلىنىڭ توينى قىلىۋەتتى، گۈلباھار قورسىقىنى تېڭىپ يۈرۈپ، ئاي - كۈنى توشقاندىن كېيىن مەريەمنىڭ ئۆيىنى پاناھداپ، بوشىنىپ، بالىنى مەريەمگە تاپشۇرۇپ، قەشقەرگە تۇغقان يوقلىغىلى كەتكەنىدى.

شۇ تاپتا گۈلباھار قولياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتىۋاتاتتى، ئۇ قولىدىكى كىنو بېلىتىگە يەنە بىر قارىدى، «بارسام باراي، ھوشۇر بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي» دېدى گۈلباھار ئىچىدە، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ - تاراپ تەييارلىق قىلدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇلار كىنوخانىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشتى. كىنوخانىنىڭ ئالدى بەكمۇ قىزىپ كېتەتتى، شىمىشكە ساتىدىغان كىچىك باللار سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىدىن شىمىشكە دانلىق دەپ ۋارقىرىشىپ ئۆتەتتى. يىگىتلەر ساتىدىغان ئارتۇق بېلەت بارمۇ؟ دەپ ھەممە ئادەمنىڭ قولىغا قاراپ چىقاتتى، ھوشۇر گۈلباھارنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ گۈلباھار بىلەن كۆرۈشتى.

— تىنچ تۇردىلىما، گۈلباھار خېنىم، قاچان كەلدىلە؟ — دېدى ھوشۇر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياخشى، مەن كەلگىلى بىر ھەپتە بولدى، تازا تاۋىم يوق، ھېچ يەرگە چىقمىدىم، — دېدى گۈلباھار كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇلار كىنوخانىغا كىرىپ ئولتۇردى.

— قايسى ئىدارىدە ئىشلەۋاتىدىلا، هوشۇر؟ — دېدى گۇلباھار.

— قىرىق توّتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەۋاتىمەن، — دېدى هوشۇر خۇشخۇي هالدا، — مەن سىلىگە بىرنەچچە پارچە خەت يازغانىدىم، تاپشۇرۇۋالدىلىمىكىن؟

— ياق، مەن سىلىنىڭ خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالمىدىم، ئادرېسىنى خاتا يېزىپ قويغان ئوخشايلا! — دېدى گۇلباھار.

— مەن سىلىنىڭ ئادرېسلىرىنى سىلىنىڭ ئۆيىدىن ئالغان، — دېدى هوشۇر ئەجەبلىنىپ.

— ئەمىسە ئۇ خەتنى بىرى ئېلىۋالغان ئوخشايدۇ.

— بەلكىم، — دېدى گۇلباھار.

— مەن بىر ئىشنى زادىلا چۈشىنەلمەي كېلىۋاتقان، گۇلباھار خېنىم، ئاتا - ئانىلىرى مۇشۇ يەردە تۇرسا، ئۇلارنى تاشلاپ يات بىر يۇرتتا قانچىلىك ياشاپ كەتتىلە؟ — دېدى هوشۇر ئۇنىڭ چىرايلىق قاش - كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ.

هوشۇرنىڭ بۇ گېپى گۇلباھارغا بەكمۇ خۇشياقتى، ئۇ ئەمەلىيەتتە هوشۇردىن مۇشۇنداق بىر سۆزنى كۈتۈپ تۇراتتى.

— ئىككى كۈندىن بېرى ئاناممۇ بەك يىغلاپ كېتىۋاتىدۇ، خىزمىتىڭنى يۆتكەپ قايتىپ كەلمىسەڭ مەن رازى ئەمەس دەيدۇ، قىلىدىغان ئىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، — دېدى گۇلباھار قايغۇرغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ.

— ئەمىسە قايتىپ كەلسىلە بولمامدۇ، ئاتا - ئانا بىلەن بىللە ياشىغانغا يېتەمدۇ! ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ئەزىزنى ياخشى بىلىمەن، ئۇ يېتىم چوڭ گەپ قىلىشتىن باشقا ئىشنى بىلمەيدۇ، ئۇ سىلىگە ئاخىرغىچە باشپاناھ بولالمايدۇ، — دېدى هوشۇر گۇلباھارنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

— كىشىنىڭ يۇرتىدا تۇرۇپمۇ كۆردۇم، ھەممە يەردە قازاند

نىڭ قولىقى تۆت بولغىنى بىلەن قازاننى باشقۇرىدىغان ئادەم ئوخشاشمايدىكەن، ئەھۋالدىن قارىغاندا مەن ياخشىراق ئويلىشىپ باقسام بولغۇدەك، ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتسەم ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىلىپ قويىدىغان ئوخشايمەن، — دېدى گۈلباھار پۇشايمان قىلغان قىياپەتتە.

— غۇلجىدىن قايتىپ كەلسىلە، گۈلباھار خېنىم، سىلىنىڭ قەلبلىرىدىكى ھەقىقىي ئادەم مانا مەن. سىلە ئۇنتۇپ قالغان بىلەن مەن سىلىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدىم، ماڭا ئىشەنسىلە، ئىگەكىم مۇشۇ جاھاندا سىلە ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرغان بىرلا ئادەم بولسا، ئۇ ئادەم مەن….

ئۇلار كىنو تۈگىگۈچە مۇشۇنداق مۇھەببەتلىك پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، كىنو تۈگىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ گېپى تۈگىمىدى، كىنودىن كېيىن ئۇلار تالادا ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى، ھوشۇرنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى ئۇستۇن ئىدى، چۈنكى ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان ئاشۇ يىللاردا شۇنچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، گۈلباھار ئۇنىڭغا بۇنداق پۇرسەت بەرمىگەنىدى، بەزى كۈنلىرى ھوشۇر گۈلباھارنىڭ كەينىگە كىرىپلىۋالاتتى، «مەن سىلىنى مەجبۇرلىمايمەن، گۈلباھار خېنىم، ئىككى يېرىم ئېغىز گېپىم بار، ئاڭلاپلا قالسىلا بولىدى» دەپ تۇرۇۋالاتتى. گۈلباھار ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ئۆز يولىغا كېتىپ قالاتتى. مانا ئەمدى بۇگۈنكى بۇ ئەھۋال ئۇنى بەكمۇ ھاياجانغا سالدى، ئۇ ئىچىدە قايتا ـ قايتا ئويلىدى، ئەگەر گۈلباھار غۇلجىدىن قايتىپ كەلسە، ئوشۇقۇمنىڭ ئالچۇ چۈشكىنى شۇ! ئۇ ۋاقىتتا بۇ شەھەردە مەندەك بەختلىك ئادەم تېپىلمايدۇ، دەپ ھاياجانلاندى.

— بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ھوشۇر، مەن قايتاي، بولمىسا ئانام مېنى ئىزدەپ كوچىغا چىقىۋالىدۇ، — دېدى گۈلباھار.

— ئەمىسە بىز ئەتە كۆرۈشەيلى، گۈلباھار، ماڭا ئىشەنسىلە، مەن ھەتتا سىلە دەسسىگەن يەرنىڭ ھەممىسىنى گۈلزارلىق

قىلىۋېتىمەن. ئەزىز سىلىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئاناردەك چىراي-لىق چېھىرلىرىگە ئامراق، مەن سىلىنىڭ يۇرەكلىرىگە ئامراق. يۇرەك دېگەن يىلتىز دېگەن گەپ، مەن سىلىنىڭ يىلتىزلىرىنى تېخىمۇ كۆكلىتىمەن...

ھوشۇر گۇلباھارنى دەرۋازىنىڭ ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويدى، گۇلباھارنىڭ ئاپىسى ئەنسىرەپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرغا-نىدى، گۇلباھار يىراقتىن دەرۋازا ئالدىدىكى بىر قارا كۆلەڭگىنى كۆرۈپ:

— بىز مۇشۇ يەردە خوشلىشايلى، ھوشۇر، ئاپام دەرۋازى-نىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك قىلىدۇ، سىلە كېتىۋەرسىلە، ئەتە كۆرۈ-شەيلى، ئەگەر مەن ئۆيدىن چىقالمىسام، پاتەمنى ئەۋەتسىلە، — دېدى گۇلباھار. ئۇنىڭ ئاۋازى ھوشۇرغا شۇنچىلىك يېقىملىق تۇيۇلدىكى ھوشۇر بىرقانچە يىل بىللە ئوقۇش جەريانىدىمۇ گۇلبا-ھارنىڭ ئۆزىگە بۇنچە يېقىملىق سۆزلىگىنىنى ئاڭلاپ باق-مىغانىدى.

— خوش ئەمىسە، گۇلباھار، ئەتە كەچتە يەنە كىنوخانىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشەيلى، — دېدى ھوشۇر.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، — دېدى گۇلباھار.

گۇلباھار ئۆيگە كىرىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى، ھوشۇرنىڭ بۇگۇنكى گەپ - سۆزلىرى ئۇنى بەكمۇ خۇشال قىلغا-نىدى، چۇنكى ئۇ ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى بەكمۇ ئېنىق بىلەتتى. ئۇ غۇلجىدىن يولغا چىققاندا، يۇرتتا ئۆزىنىڭ قىلىدىغان ھەممە ئىشنى ئويلاپ بولغانىدى، ئەگەر ھوشۇر سىڭلىسى پاتەم-نى ئەۋەتمىگەن بولسا، ئۇ بىر ئامال قىلىپ ھوشۇر بىلەن كۆرۈشۇپ، ئۇنى ئۆزىگە قارىتىۋالاتتى، مانا ئەمدى ئۇ ئاسانلا مەقسىتىگە يېتىۋالىدىغان بولدى.

«ئەزىز مېنى قايغۇ دېڭىزىگە تاشلىۋەتتى، شۇنداقتىمۇ مې-نىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىم ئەزىزدىن باشقا ئىنسانغا نېسىپ بول-

مايدۇ، ھوشۇر خۇدايىم بۇيرۇسا مېنى ئاشۇ قايغۇ دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ، ئۇ بىر ياخشى ئەر، لېكىن ئۇ مۇھەببەتنى چۈشىنىدىغان ئەر ئەمەس، مەن ھېلىقىدەك «‹ئەگەر سۆيگىنىڭ-گە ئىگە بولالمىساڭ، ئىگە بولغىنىڭنى سۆي› دەيدىغان گەپكە چىش - تىرنىقىم بىلەن ئۆچ، مۇھەببەتكە دەللالچىلىق كەت-مەيدۇ، گۈل دېگەن گۈل، چۆپ دېگەن چۆپ، ئۇلارنى مەڭگۈ بىر يەرگە ئەكەلگىلى بولمايدۇ. مەن ھوشۇر بىلەن ئۆي تۇتۇشۇم مۇمكىن، مەن ئۇنىڭ مېنى بىر ئۆمۈر ۋاي دەپ پەپىلەپ ياشىشىغا ئىشىنىمەن، لېكىن ئۇ مېنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىمگە ئىگە بولالمايدۇ، شۇڭا بۇ جاھاننىڭ دەرۋازىسى يوق، شانۇرىمۇ يوق، بۇ جاھان ئۇلۇغ ئادەمنى تەتۈر قىلىپ قويىدىكەن، تەتۈر ئادەمنى ئۇلۇغ قىلىپ قويىدىكەن، بەخت قۇشلىرى ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا ئۇچقىنى بىلەن، ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ بېشىغا قونۇپ ئولتۇرالمەي-دىكەن، ئەگەر ھەممە ئادەم مۇرادىغا يېتىپ ياشىسا، نېمىدېگەن گۈزەل تۇيۇلاتتى بۇ دۇنيا! بىز نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ھەسرەت ئىچىدە ياشايمىز؟ توغرا، ئەگەر ھەممىمىز مۇرادىمىزغا يېتىپ ياشىساق، ئۇ ۋاقىتتا ئاسمانغا قۇياش پاتماي قالارمۇ؟» دېدى گۈلباھار ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

شۇ يىلى گۈلباھار يۇرتىدا بىر ئاي تۇردى، بىر ئاي ئىچىدە ئۇ يۆتكىلىپ كېلىدىغان مەكتەپنى سۈرۈشتۈرۈپ بولدى، بۇ ئىشتا ھوشۇر ئۇنىڭغا ياخشى ياردەم قىلدى، ئاخىرقى ھېسابتا ھوشۇر مەقسىتىگە يەتتى، گۈلباھار يۇرتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كې-يىن، ئۇلار توي قىلدى، گۈلدەك گۈلباھارمۇ يېڭى تۇرمۇشىنى باشلىۋالدى. ئۇ كۆلۈپ يۈرگىنى بىلەن، مەنىۋى دۇنياسىنىڭ ئەڭ كۆركەم باغچىسىدىكى گۈل سولىشىپ كەتكەنىدى، بۇ گۈلنى ئۆزىدىن باشقا يەنە ئەزىز بىلەتتى، لېكىن ئەزىز ئۆزىنىڭ قولىغا ئۆزى ئىگە بولالمايتتى، ئۇ ئەنئەنىۋى ئاسارەت ئىچىدە ياشايتتى. ئادەم كۆندە ئەركىن يۈرگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەركىن

ئەمەس ئىدى. 1966 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنتۇلغۇسىز بىر يىل بولدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-بى» دۆلەتكە، ھەربىر ئادەمگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، شۇن-داقلا بۇ يىل گۈلباھار ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز بىر يىل بولدى، بىرىنچىدىن، ئۇ شۇ قەدەر يوشۇرۇن ھالدا مەمەتنى تۇغۇپ مەريەمگە تاپشۇرۇپ يۇرتىغا كېلىۋالدى، ئىككىنچىدىن، ئۇ ھوشۇرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ ھوشۇر بىلەن توي قىلىۋال-دى. گۈلباھار ئوغلى مەمەتتىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى، ئۇ چوڭ بولغاندا چوقۇم مېنى ئىزدەپ كېلىپ، خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا مېنى رەسۋا قىلىدۇ دەپ ئويلايتتى. ئۇزۇن يىللار ئۆتتى، ئۇ ئەندىشە قىلغان بۇ ئىش يۈز بەرمىدى، ئۇ تۆت ئوغۇل بالىنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشتى، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ 1966 ـ يىلىدىكى مۇھەببەتلىك ھاياتى مەنىۋى دۇنياسى-نىڭ چوڭقۇرلۇقىدا ھېلىھەم مەۋجۇت ئىدى...

## 34

كەچتە قاسىم ماشىنىسى بىلەن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلى-قى تاھىرنى رېستورانىغا ئەكەلدى. مەمەت رېستوراندا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى. قاسىم تاھىرنى رېستوراننىڭ ئەڭ ئېسىل بېزەل-گەن ئۆيىگە باشلاپ كىرگەندە، مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھىر بىلەن كۆرۈشتى.

— ئۇكام، مەن تاھىر جوجاڭنى سىلىگە تونۇشتۇرۇپ قو-ياي، بۇ ناھايىتى ياخشى ئادەم، مەندىن پەقەت بىر ياشلا چوڭ، لېكىن قاملاشمىغان يېرى، مەن سىلىدىن بىر ياش چوڭ تۇر-سام، مېنى نېمىشقا ئاكا دېمەيدىلا دەپ جېدەل قىلىدۇ، قايلىسى-لا. مەن، بىر ياشقا گىرىلىق قىلمىسىلا جوجاڭ دېسەم ئۇنىماي-دۇ، بىر ياش ئەمەس، ۋاقتى كەلگەندە بىر كۈنگىمۇ يول قويۇشقا

بولمايدۇ دەپ جار سالىدۇ، — دېدى قاسىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مانا، نوچى دېگەن نوچى - دە، لوبەن دېگەن لوبەن - دە، ھە دېمەستىنلا مېنى گەپتە چاققىلى تۇردى، قاسىمجان، سىلە ئادەم تونۇشتۇرۇشقا قەۋەت ئۇستا جۇما! — دېدى تاھىر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەمدى ئىنىمنى سىلىگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئاداش، ئېتى مەمەت، تېخى يېقىندىلا غۇلجىدىن كەلدى، — دېدى قاسىم.

— ياخشى، قارشى ئالىمىز، ھە، بولدى، ئەمدى چۈشەندىم، ئەينى يىللاردا رەھمەتلىك دادىلىرى غۇلجىدا خېلى ئۇزۇن تۇرغان ئەمەسمۇ! بۇ دۇنيادا ئادەمدىن ئادەم قالىدۇ ئەمەسما، — دېدى تاھىر.

— ئۇنداق ئەمەس، ئاداش، مەن بىردەم تۇرۇپ سىلىگە سۆزلەپ بېرىمەن، ئالدى بىلەن تائام دەپتىكەن، قېنى، كۆڭۈللىرى نېمە تارتىدىكىن؟ — دېدى قاسىم تاھىرگە قاراپ تۇرۇپ.

— مەمەتجان بىزگە مېھمان بولۇپ كېلىپتۇ، مەمەتجاننىڭ كۆڭلى نېمە تارتىدىكىن؟ — دېدى تاھىر.

— سىلە بىزنىڭ مېھمىنىمىز، تاھىركا، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرى نېمە تارتسا بىزنىڭمۇ شۇنى تارتىدۇ، — دېدى مەمەت ھۆرمەت بىلەن تاھىرغا قاراپ.

— بولىدۇ ئەمىسە، تاماقنى مەن بۇيرۇتاي، بۇگۈن ھەرقاچان ئاز - تولا ئىچىپ قويىمىز، ئالدى بىلەن بەش - ئوندىن مانتا يەيلى، ئاندىن ئازراق تونۇر كاۋىپى، بەش - ئون كەپتەر گۆشى، زىخ كاۋىپىغىمۇ ئېغىز تېگەيلى، ئاخىرىدا شورپىلىق ئۇگرە چىقارسۇن، — دېدى تاھىر.

مەمەت تاھىرنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى.

— ئەمىسە كىچىك قازانغا ئازراق گۆش سالدۇرۇپ قويسام بولغۇدەك، ئۇستىخاننىڭ يىلىكىنى چېقىپ يەيدىغان كەكىنىمۇ

تەييارلاپ قويامدىم ـ يا؟ — دېدى قاسىم چاقچاق قىلىپ.
— ئۇ ئىشلارنى مەن دېمىسەممۇ ئۆزلىرى بىلىلا، — دېدى تاھىر كۈلۈپ تۇرۇپ.
— بولىدۇ، ئاداش، ئەمىسە مەن چىقىپ تاماقلارنى بۇيرۇ-تۇۋېتەي، — دېدى قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ. قاسىم ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
— ھە، ئۇكام، بۇرۇن قەشقەرگە كېلىپ باققانما؟ — دەپ سورىدى تاھىر مەمەتكە قاراپ.
— بىرنەچچە قېتىم كەلگەن، ئاكا، قەشقەر بەك گۈزەل، ياخشى جاي ئىكەن، كەلگەن ئادەمنىڭ كەتكۈسى كەلمەي قالىدىكەن، — دېدى مەمەت.
— مەن غۇلجىغا بېرىپ باقمىغان، بەك بارغۇم بار، بىراق مۇشۇ يىللاردىن بېرى پەقەت يول چىقمىدى، — دېدى تاھىر.
— كېلەر يىلى قاسىمكام بىلەن بىللە بېرىڭلار، مەن سىلەر-نى بىر قوللۇق كۈتۈۋالىمەن، — دېدى مەمەت. قاسىم قايتىپ كىردى.
— تاماقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتىم، ئاداش، مانتا تەييار ئىكەن، ھازىر ئەكىرىدىغان بولدى، — دېدى قاسىم تاھىرغا قاراپ تۇرۇپ.
— بەلەن بوپتۇ، بۈگۈن ئويناپ قويىدىغان بولدۇق ـ دە! — دېدى تاھىر.
كۈتكۈچى بالا تاماقنى كۆتۈرۈپ كىردى، ئۇلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، تونۇر كاۋىپى بىلەن كەپتەر كاۋىپى كەلتۈرۈل-دى. ئۇلار ھاراق ئىچىشكە باشلىدى.
— ئەمىسە بۈگۈن ساقىيلىقنى ئۆزۈم قىلىپ بېرەي، ئاداش، — دېدى قاسىم قولىغا ھاراق بوتۇلكىسىنى ئېلىپ، ئۇ ئالدىدىكى رومكىغا لىق ھاراق قۇيۇپ ئۆزى ئىچىۋەتتى. ئاندىن رومكىغا ھاراقنى لىقلاپ تاھىرغا بەردى:

— ئـۆچـرەت بىلــەن مــاڭدۇرمامىلا، قاسىمجان، — دېدى تاھىر.

— ئۇكام هاراق ئىچمەيدۇ، ئاداش، — دېدى قاسىم.

— ئىچمەيدۇ دېسىلە ئىچمەيدۇ ئۇ، گەپ قىلماي ئالدىغا قويۇپ قويسىلا، غۇلجىلىقنىڭ قايسىبىرى هاراق ئىچمەيدۇ، ئۇ شەھەردە ساقىلى يەرگە يەتكەن ئادەملەرمۇ ئىچىۋېرىدۇ دەپ ئاڭ- لايمەنغۇ! — دېدى تاھىر.

— ئۇكىمىز هاراق ئىچمەيدىكەن، تاماكىمۇ چەكمەيدىكەن، ئاداش، — دېدى قاسىم.

— ئۇنداق يېرى بولسا مەيلى، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك، ئەكەلسىلە رومكىنى ئەمىسە، مەن ئىچىۋېتەي، — دېدى تاھىر. ئۇ قاسىمنىڭ قولى- دىن رومكىنى ئېلىپ هاراقنى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

— ئەمىسە ئويۇنىمىزنى باشلىۋالدۇق، تاھىر ئاداش، سىلى- گە يولدا كەلگۈچە دېگەن، ئۇكىمىز بۇ نۆۋەت قەشقەرگە مۇھىم بىر ئىش بىلەن كېلىپ ئولتۇرىدۇ، مەن بۇ ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئاددىي قىلىپ چۈشەندۈرەي، بەزى ئىشلاردا سىلىگە تايانمىساق بولمايدۇ، ئاداش، — دېدى قاسىم.

— قېنى، سۆزلىسىلە، — دېدى تاھىر قولىغا بىر پارچە كاۋاپنى ئېلىپ.

قاسىم قىسقا قىلىپ مەمەتنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بەردى. تاھىر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دىققەتتە بولۇپ قولىدىكى ئۇستىخاننى جوزىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ قويدى، قاسىم گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇ قاسىمغا قاراپ تۇرۇپ:

— يائاللا، مۇنداقمۇ ئىشلار بار ئىكەن ـ دە تېخى، مەمەت- نىڭ ئاپىسىنىڭ ئېتى گـۇلباھار ئىدى دېدىڭـلىما، غـۇلجىدا 1965 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە بىر يىل ئىشلەپ قايتقان گۇلباھار بولسا، ئاشۇ ئايال ئەمەستۇر؟ ياق، شۇ ئايال ئوخشايدۇ جۇما!

— سىلى دېگەن ئۇ ئايال ھازىر قايسى ئورۇندا ئىشلەيدا؟ — دەپ سورىدى قاسىم ئالدىراپ.

— شەھەرلىك ئەللىك تۆتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇددىرى، بۇ يىل دەم ئېلىشقا چىقماقچى، — دېدى تاھىر.

— ئاپامنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ كەينىدە بىر مەڭ بار ئىكەن، — دېدى مەمەت.

— بۇ گەپنى ياخشى دېدىڭ، ئۇكام، مەن بۇ ئىشنى ئەتىلا ئېنىقلاپ چىقىمەن، مېنىڭچە، مەمەتنىڭ ئانىسى ئاشۇ گۈلباھار، ئۇنىڭدىن باشقا شەھىرىمىزدە غۇلجىدىن خىزمەت يۆتكەپ كەلگەن ئايال ئوقۇتقۇچى يوق، — دېدى تاھىر.

— ئەمىسە ئەتە قانداق قىلىمىز، ئاداش؟ — دەپ سورىدى قاسىم تاھىرغا قاراپ تۇرۇپ.

— ماڭا ئەتە بىر كۈن ۋاقىت بېرىڭلار، مەن ئالدى بىلەن ئاشۇ گۈلباھارمۇ، ئەمەسمۇ ئېنىقلىۋالاي، قالغان ئىشلارنى ئىككىمىز بىرلىشىپ پۈتتۈرىمىز، — دېدى تاھىر.

— ئەمىسە، ئاداش، بۇ ھاراقنى سىلىنىڭ ياردەملىرى ئۈچۈن ئىچىۋەتتىم، — دېدى قاسىم قولىدىكى ھاراقنى ئىچىۋېتىپ.

— خوش.

— سىزنىڭ ياردىمىڭىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن، تاھىركا، — دېدى مەمەت خۇشال بولۇپ.

— ئۇنداق دېسىلە بولمايدۇ، ئۇكام، سىلە قاسىمجاننىڭ ئىنىسى ئىكەنلا، مەن قاسىمجاننىڭ ئاغىنىسى، بۇنداق بولغاندىن كېيىن سىلە مېنىڭ ئۇكام بولدىلا ئەمەسمۇ! مەن ئەلۋەتتە سىلىگە ياردەم قولۇمنى سۇنۇشۇم كېرەك ـ دە، — دېدى تاھىر.

— ئەمىسە، ئاداش، بۇ ئىشتا ئۆزلىرىگە ئىشەندۇق، ئەگەر سىلە دېگەن گۈلباھار ئاشۇ گۈلباھار بولۇپ قالسا، ئۆزلىرى بىر پاراڭلىشىپ باقامىلا، — دېدى قاسىم.

— ئەگەر مەن دېگەن گۇلباھار مەمەتجاننىڭ ئاپىسى بولۇپ قالسا، ئەلۋەتتە مەن بۇ ئىشقا ئارىلىشىمەن، چۈنكى ئۇ بىز باشقۇرىدىغان كادىر، ئالدى بىلەن ئادەمنى ئېنىقلايلى، ئاندىن ئىككىمىز بىللە بېرىپ پاراڭلىشىمىز، — دېدى تاھىر.

— ئەمىسە، ئاداش، بۇ ئىش ئۆزلىرى دېگەندەك بولسۇن، تېزرەك تۇتۇش قىلايلى، — دېدى قاسىم.

— ماڭا رۇخسەت قىلساڭلار، مەن سەل ئالدىڭلاردىراق ماڭسام، — دېدى مەمەت ئۇلاردىن رۇخسەت سوراپ.

— نېمىگە ئالدىرايدىلا، تېخى چۆچۈرە ئىچمىز ئەمەسمۇ! — دېدى تاھىر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھە راست، ئۇكىرىنى چۆچۈرىگە ئۆزگەرتمۇەتكەن، ئۇكام، بولمىسا بىردەم ئولتۇرسىلا، تاھىر ئاكىلىرىنىڭ كەكە بىلەن سۆڭەك چاققىنىنى كۆرىمىز، — دېدى قاسىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئاكىلىرى ياخشى گەپ قىلدى، ئۇكام. ئالدىرىمىسىلا ئاكىلىرىنىڭ چاچرىغان يىلىكلارنى غېرىچتەك تىلى بىلەن يالاشلىرىنى كۆرىدىلا، — دېدى تاھىر چاقچاق قىلىپ.

— غۇلجىغا تېلېفون بېرىدىغان ئىشىم بار ئىدى، سىلەر ئالدىرىماي ئولتۇرۇڭلار، ئاكىلار، ئەتە كۆرۈشەيلى، — دېدى مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ.

— زۆرۈر ئىشلىرى بولسا كېتىۋەرسىلە، ئۇكام، مەن كەينىلىرىدىن بارىمەن، — دېدى قاسىم. مەمەت ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ رېستوراندىن چىقىپ كەتتى.

— مەمەتجاننى لوبەن بولۇپ كەتتى دەيدىلا، ئۇ غۇلجىدا نېمە ئىش قىلىدىكەن؟ — دېدى تاھىر قاسىمغا قاراپ تۇرۇپ.

— ئۇكىمىزنىڭ قىلمىغان ئىشى قالمىغان گەپ، ئاداش، ئۇ دەسلەپتە تۆت - بەش تەڭگە دەسمايىگە ئىگە بولۇۋالغاندىن كېيىن، گۇاڭجۇغا بېرىپ ئۇ يەردە بىرنەچچە يىل ئوقەت قىلىپ-

تۇ، خېلى جىق پۇل تاپقاندىن كېيىن، غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ بىر بىنا سالدۇرۇپتۇ، بىناسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتى ماگىزىن ئىكەن، ئىككىنچى قەۋىتىنى ئىجارىگە بېرىپتۇ، ئۈستىدىكى ئۈچ قەۋەت مېھمانخانا ئىكەن، ئۇنىمۇ ئىجارىگە بېرىپتۇ، ھازىر شۇ بىنانىڭ ئىجارىسىنى يەيدىكەن، — دېدى قاسىم.

— پاھ، ئالامەت كاللىسى بار بالىكەن بۇ، قايىلىسىلا، ئاسان پۇل تاپىدىغان بىر ئىشقا كىرىشىۋاپتۇ بۇ، — دېدى تاھىر.

— ئۆز ۋاقتىدا مەن غۇلجىدىن دادامنى ياندۇرۇپ كەلگىلى بارغاندا دادام مەمەتنى بىرگە ئەكېتىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان، مەن ئۇنىمىغانىدىم، شۇنىڭ بىلەن دادام ئۆزى ئولتۇرغان قورۇ - جاينى مەمەتجانغا قالدۇرغانىدى، مەن ئۇنىماي يېرىمىنى سېتىۋەتكەن، ھازىر ئويلىسام ئىنزا تارتىپ قالىمەن، كىمدىن قالمىغان جاھان دەيدىلا، ئاداش، بۇ، — دېدى قاسىم.

— ئەگەر مەمەتجاننى ئۆز ۋاقتىدا قەشقەرگە ياندۇرۇپ كەلگەن بولسىلا، ئىككىلىرى بىر بولۇپ ئوقەتنىڭ تېخىمۇ چوڭىنى قىلار ئىكەنسىلەر، — دېدى تاھىر.

— ئۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، ئاداش، مۇھىت ئەڭ مۇھىم ئىكەن، ئەگەر مەمەتجان قەشقەرگە بىللە كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ تەقدىرى يەنە باشقىچە بولاتتىمىكىن، — دېدى قاسىم.

— شۇنداق، ئىگىسى پېشانىمىزگە يازغىنىنى كۆرمەي ئامالىمىز يوق، — دېدى تاھىر.

## 35

تاھىر ئىككى كۈن ئىچىدە ئۆزى دېگەن گۈلباھارنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن مەمەتنىڭ ئاپىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بولۇپمۇ ئۇ ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ گۈلباھارنى گەپكە سېلىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال ئىگىلەپ، بىرىنچى قول ماتې-

ـرىيالغا ئىگە بولدى. ئۇ غۇلجىدىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئېتىنى چىقارغاندا، ئەزىزنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى، ئەڭ مۇھىمى، بارغان ئايال ئۇنىڭ ئوڭ قولىقىنىڭ كەينىدە مەڭ بارلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغانىدى. تاھىر قاسىم بىلەن كۆرۈشتى.

— ئاشۇ گۇلباھار ئىكەن، مەن ئەۋەتكەن ئايال ئۇنىڭ ئوڭ قولىقىدىكى مېڭىنى ئېنىق كۆرۈپتۇ، — دېدى تاھىر.

— ئىشىمىز ئوڭغا تارتتى، ئاداش، مەمەتجان ئاتىغىنىم بار ئاكا دەۋاتقان، ئەمدى لوبەندىن سۆيۈنچە ئالىدىغان بولدۇق- دە! دېدى قاسىم چاقچاق قىلىپ.

— خاتىرجەم بولسىلا، سىلىگە چوتۇر بېرىمەن، بۇ ئىشنى ماڭا سىلە تېپىپ بەرگەن تۇرسىلا، — دېدى تاھىر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ماۋۇ گەپلىرى چاك باستى، خوش، ياخشى خەۋەر ئەكې- لىپتىلا، ئاداش، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— مەن گۇلباھارنى ئىشخانامغا چاقىرتاي، ئىككىمىز ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشايلى، — دېدى تاھىر.

— گۇلباھار ئۆز ۋاقتىدا مەمەتجاننىڭ كىندىكئانىسى مەريەم دېگەن ئايالغا بىر جۈپ ھالقىسىنى بەرگەنىكەن، ئۇ ھالقا ھازىر مەمەتنىڭ قولىدا ئىكەن، ئاشۇ ھالقىنىمۇ ئېلىۋالايما؟ — دېدى قاسىم.

— ئېلىۋالسىلا، مېنىڭچە، ئۇ ئايال ئاسانلىقچە مەمەتجانغا تونۇشلۇق بەرمەيدۇ، بولمىسا بۇ ۋاقىتچە مەمەتجاننى ئىزدەپ غۇلجىغا بارغان بولاتتى، — دېدى تاھىر.

— شۇنداق، ئاداش.

— خاتىرجەم بولسىلا، مەمەتجاننىڭ ئاتىغىنى بار ئىكەن دېيىشىدىلە، خېلى روھلىنىپ قالغاندەك تۇرىمەنا، خۇدايىم بۇيرۇ- غان بولسا گۇلباھارنى ئالداپ - سىلاپ، قورقۇتۇپ دېگەندەك ئېرىتىمىز، — دېدى تاھىر.

— مەمەتجاننىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىقى تۇغۇت ئانىسى مەريەم-
نىڭ قىزى ئىبادەت ئىسپات بېرەلەرمىش، ئۇ ئايال ئۆز ۋاقتىدا
گۇلباھارنى كۆرگەنىكەن، گۇلباھار مەمەتجاننى تۇغۇپ ياتقاندا،
ئىبادەت گۇلباھار بىلەن بىر ئۆيدە تۇرغانىكەن، — دېدى قاسىم.
— ھە مانا، ئەڭ مۇھىم ئادەم مۇشۇ ئىبادەت ئىكەن ئەمە-
سە، ئەگەر گۇلباھار تىلىنى چاينىسا، ئىبادەتنى غۇلجىدىن قەش-
قەرگە ئەكېلىپ، ئۇنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك، —
دېدى تاھىر.
— ئارىدىن ئوتتۇز نەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۇ ئايال
گۇلباھارنى تونۇيالامدۇ؟ — دېدى قاسىم.
— تونۇيدۇ، نېمىشقا تونۇمايدۇ، ئادەم ئۆزگەرگەن بىلەن
ئۇنىڭ كۆزى ئۆزگەرمەيدۇ ئەمەسما! — دېدى تاھىر.
ئەتىسى ئەتىگەندە قاسىم تاھىرنىڭ ئىشخانىسىغا باردى، تا-
ھىر گۇلباھارغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى.
يېرىم سائەتتىن كېيىن بىر ئايال تاھىرنىڭ ئىشخانىسىنىڭ
ئىشىكىنى چېكىپ، رۇخسەت ئېلىپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.
قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانغا ھۆرمەت بىلدۈردى، بۇ ئايال
نەق مەمەتنىڭ ئۆز ئانىسى گۇلباھار ئىدى.
— كەلسىلە، ئولتۇرسىلا، گۇلباھار خېنىم، ئەھۋاللىرى
ياخشىمۇ؟ — دېدى تاھىر كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ياخشى — دېدى گۇلباھار. ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق ئايال
ئىدى، ئۇنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان قاسىم «قىز چېغىدا پەرىنىڭ
ئۆزى ئىكەندۇق - دە» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.
— سالامەت تۇرۇپلا، مەكتەپنىڭ ئىشلىرى قانداقراق؟ —
دېدى تاھىر.
— يامان ئەمەس، — دېدى گۇلباھار مۇلايىملىق بىلەن.
تاھىر تېلېفوننىڭ سىمىنى تارتىۋەتتى.
— خوش، گۇلباھار خېنىم، سىلىنى بۇگۈن باشقا بىر ئىش

بىلەن چاقىرتقانىدىم، مەن ئالدى بىلەن سىلىگە بۇ ئاغىنەمنى
تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئېيتى قاسىم، بازاردا رېستوران ئاچىدۇ،
لوبەن! — دېدى تاھىر.
— بۇ كىشىنى سىرتىدىن تونۇيمەن، بىز دائىم بۇياقنىڭ
رېستورانىغا بارىمىز، — دېدى گۈلباھار كۈلۈپ تۇرۇپ.
— رەھمەت، — دېدى قاسىم كۈلۈپ قويۇپ.
— خوش، گەپنى نەدىن باشلىسام بولار، گۈلباھار خېنىم.
ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دەپتىكەن، دەۋېرەي، مۇنداق گەپ ئىدى،
قاسىم لوبەننىڭ غۇلجىدا مەمەتجان ئىسىملىك بىر ئىنىسى بار
ئىكەن، مەمەتجان ئۆزى ھازىر مۇشۇ قەشقەردە، كەلگىلى بىر
ھەپتىدىن ئاشتى، ئۇ گۈلباھار ئىسىملىك بىر ئايالنى ئىزدەيدى-
كەن، بىزنى ياردەم قىلغان بولساڭلار دەپ ئىلتىماس قىلىپ
كېلىپتىكەن. مەن سىلىنى چاقىرتىشىمدىكى مەقسەت، سىلىنىڭ
ئاتلىرىمۇ گۈلباھار، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىمۇ ئۆز ۋاقتىدا غۇلجى-
دا ئىشلىگەن، شۇڭا سىلىنى ئاشۇ گۈلباھار ئىسىملىك ئايالنى
تونۇمدىكىن دەپ چاقىرتقانىدىم...
قاسىم گۈلباھارنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى، گۈلباھار تاھىر-
نىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئۆڭۈپ كەتتى،
ئارقىدىنلا دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ چى-
رايىدىكى ئۆزگىرىش تاھىرنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قېچىپ
قۇتۇلالمىدى.
— گۈلباھار، قايسى گۈلباھاركىنا ئۇ ...، — دېدى گۈلبا-
ھار يەرگە قاراپ ئويلىنىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ. تاھىرنىڭ
كۆزىگە قارىيالمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تېز - تېز سوقۇشقا باشلى-
دى، شۇ تاپتا ئۇ ھەممە ئىشنى چۈشىنىپ بولدى. ئۇ غۇلجىدىن
قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن باشلاپ خېلى ئۇزۇن يىلغىچە مۇشۇ
ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ كەلگەنىدى. يىللار ئۆتتى،
ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى چوڭ بولدى،

ھەممىسى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتى، قىسقىسى، يىللار بۇ ئىشنى ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈپ ئەكەتكەندى. ئۇ خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى. ئوتتۇز نەچچە يىلدىن كېيىن ئاشۇ يىللاردا ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئىش بۇگۈن خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ كېتىدىغان بولدى...

— قايسى گۈلباھاركىن ئۇ...، — دېدى گۈلباھار، ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ناھايىتى بوش ئىدى، تاھىر بىلەن قاسىمغا بۇ سۆز گۈلباھارنىڭ ئاغزىدىن سىقىپ چىقىرىلغاندەك بىلىندى، گۈلبا-ھار بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى...

— بىزمۇ ئۇ بالىدىن گۈلباھار دېگەن ئايالنىڭ فامىلىسى نېمىكەن دەپ سورىدۇق. بىراق ئۇ بالىمۇ بىلمەيدىكەن، گۈلبا-ھارنى غۇلجىدا بىر مەكتەپتە ئىشلىگەننىڭ گېپىنى قىلىدۇ؟ — دېدى تاھىر.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈلباھار يەنە ئۆكسۈپ كەتتى.

— ئەمىسە مەن... باشقا مەكتەپلەردىكى گۈلباھار ئىسىم-لىكلەردىن ئەھۋال ئۇقۇشۇپ باقاي، — دېدى گۈلباھار ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ماقۇل ئەمىسە، سىلىمۇ سۈرۈشتە قىلىپ باقسىلا، بىز-مۇ يەنە باشقا گۈلباھارلار بىلەن سۆزلىشىپ باقايلى، مەن يەنە سىلىگە تېلېفون بېرىمەن، — دېدى تاھىر. گۈلباھار ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— خوش ئەمىسە، — دېدى تاھىر گۈلباھار بىلەن خوشلى-شىپ. گۈلباھار ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

تاھىر ئورنىغا قايتىپ كېلىپ، تېلېفون سىمىنى ئۇلاپ قويدى. ئاندىن قاسىمغا قاراپ:

— قانداق، مۇشۇ گۈلباھارمىكەن! — دېدى.

— نەق مۇشۇ ئايال ئىكەن، ئاداش، ئاۋۇ كۆزىنىڭ ئوخشاپ

كەتكىنىنى قارىمامدىلا. نەچچە ئۆڭۈپ، نەچچە ئوڭشالدى، — دېدى قاسىم.

— خوش، ئەمدى لوبەن ئىنىلىرىنى توۋلىسىلا، ماڭا بېرىدىغان سۆيۈنچىنىڭ غېمىدە بولسىلا، قاسىمجان، — دېدى تاھىرغا چاقچاق قىلىپ.

— شامال كىرمەيدۇ، ئاداش، غۇلجىلىق دېگەن گېپىدىن يانىدىغان خەق ئەمەس ئۇ، — دېدى قاسىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا پۇللۇق بولۇپ سىلەرنىڭ سېپىڭلارغا قېتىلىپ كېتىدىغان بولدۇم - دە، — دېدى تاھىر.

— ھەيتاڭ، قانداق بولاركىن، سىلە ئوقۇردىن باشقا يەردە تاشلاپ بەرگەن نەرسىنى يېمەيدىغان ئادەم جۇما! — دېدى قاسىم چېقىشىپ. تاھىر كۈلۈپ كەتتى.

— ئەمىسە بۇ ئىشقا مەن ئارىلاشمايمەن، گۈلباھار بىلەن تونۇشۇۋالدىلا، قالغان ئىش ئۆزلىرىگە قالدى، مەكتەپنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بېرەي، ئۆزلىرى پۈتتۈرۈۋالسىلا، سىلى بۇنداق ئىشلارغا مەندىن ئۇستا! — دېدى تاھىر.

— ئالىدىغان سۆيۈنچىنى ئالماي تۇرۇپلا قامچىلىرىغا تۇكۈرگىلى تۇردىلىغۇ، — دېدى قاسىم.

— بۇ ئىشقا مەن مۇشۇ يەرگىچە ئارىلىشاي، قالغان ئىشنى ئۆزلىرى بىرنېمە قىلسىلا، — دېدى تاھىر.

— سىلىگە رەھمەت، ئاداش، ئەمىسە، قالغان ئىشنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلاي، قاملاشتۇرالىسام سىلىگە تېلېفون بېرىمەن، — دېدى قاسىم.

— سىلە نېمىنى قاملاشتۇرالمايدىلا، ئەمىسە ئەتە - ئاخشاملىرى گاللىرى قىچىشىپ قالسا تېلېفون بېرەرلا، — دېدى تاھىر. قاسىم تاھىر بىلەن خوشلىشىپ رېستورانغا قايتىپ كەلدى. مەمەت ئۇنى رېستوراندا كۈتۈپ ئولتۇراتتى، ئۇلار ئايرىم بىر ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى.

— ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدىغاندەك، ئۇكام، بىز خاتالاشمىغان بولساق ئانىلىرىنى تاپتۇق، گۈلباھار خېنىم تاھىرنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى، تاھىر بىلەن پاراڭلاشتى، ئاپىلىرى تېپىلدى، — دېدى قاسىم. ئۇ بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى مەمەتكە دەپ بەردى.

— رەھمەت، قاسىمكا، سىز بولمىغان بولسىڭىز ئاپامنى بۇنداق تېز تاپالمايتتىم، — دېدى مەمەت.

— ئاپىلىرى ئىچىدە ھەممە ئىشنى بىلىپ بولدى، ئىش ئەمدى باشلاندى، ئۇكام، ئاپىلىرى ئۇچۇن بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتسۇن، مەن ئاپىلىرى بىلەن بىر كۆرۈشەي، شۇ ۋاقىتتا گەپنى ئوچۇق قىلىمەن، — دېدى قاسىم.

— ئەمىسە ئاپامنىڭ بىر جۇپ ھالقىسىنى ئېلىۋېلىڭ، — دېدى مەمەت يېنىدىن ئاپىسىنىڭ ھالقىسىنى ئېلىپ قاسىمغا تەڭلەپ.

— ئېلىۋالسام ئېلىۋالاي، ئۇكام، بۇ تولىمۇ نازۇك ئىش ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىدىن ئوتتۇز نەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بۇ ئىش ئاپىلىرىغا ئېغىر كېلىدۇ، شۇڭا بىز بەك ئالدىراپ كەتسەك بولمايدۇ، — دېدى قاسىم.

— ئەمىسە مەن ئاپام بىلەن قاچان كۆرۈشىمەن؟

— ئالدىرىمىسىلا، تېخى ۋاقتى بار، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن!

— ئاپام قانداقراق ئايال ئىكەن؟

— ئاپىلىرى كېلىشكەن ئايال ئىكەن، ئۇكام، نېمە دەيمىز ئەمدى، تەقدىر پېشانە دېگەن مۇشۇ ئىكەنغۇ، كىمنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسىدىن ئايرىلغۇسى بار، ئۇكام!

مەمەت كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى، ئۇ كىچىك بالىدەك ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى...

گۈلباھار تاھىرنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ، ئۆيىگە قانداق قايتىپ كەلگىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى، ئۇ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن يىغلىدى. ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىلىك سولغۇن ئىدىكى، ئۇمۇ مۇشۇ بىر كۈن ئىچىدىلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، ئۇزۇندىن بېرى ئۇنى ئەندىشىگە سېلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئەمەلىيەت ئۇنى بەكمۇ قورقۇتۇۋەتتى. «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ مەمەتمۇ ئۆز باغرىمنى يېرىپ چىققان بالام، ئەگەر ئۇنى مېنىڭ بالام ئەمەس دەپ تېنىۋالسام، يەنە بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى تارتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى قەشقەرگە ئىزدەپ كەلگەن بالام بۇ ئىشنى ئاسانلىقچە بولدى قىلىۋەتمەيدۇ، ئەگەر ئۇنى كەل، بالام، دەپ باغرىمغا باسسام، بالىلىرىمنىڭ دادىسىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن؟ بالىلارغا نېمە دەيمەن؟ كېلىنلەرنىڭ ئالدىدا قانداق باش كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ مەمەت كەلگەنىكەن، تاھىر بۇ ئىشقا ئارىلاشقانىكەن، بۇ ۋاقىتچە بۇ ئىش كوچىغا چىقىپ بولدى دېگەن گەپ. ئاھ، خۇدا، قېرىغان چېغىمدا بۇ ماڭا نېمە ئازاب، نېمە كۆرگۈلۈك.» گۈلباھار ئاشۇنداق بىر ـ بىرىگە زىددىيەتلىك خىياللار بىلەن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن يىغلىدى. ئېھ ھايات، خام سۈت ئەمگەن بەندەڭنى، بىر سەممىي مۇھەببەتنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان بىر ناتىۋاننى يەنە قاچانغىچە قىينارسەن!

## 36

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەي گۈلباھار خېنىمنىڭ غۇلجىدا تۇغۇپ قويغان بالىسى بار ئىكەندۇق، قەشقەرگە ئىزدەپ كېلىپتۇ دېگەنگە ئوخشاش خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن مائارىپ ئىدارىسىگە ھەتتا گۈلباھار ئىشلەۋاتقان مەكتەپكىمۇ تارقىلىپ بولدى. بۇ خەۋەردىن گۈلباھارنىڭ يولدىشى ھوشۇرمۇ خەۋەر تاپماي قالمىدى. ھوشۇر بۇ گەپكە باشتا ئىشەنمىدى. لېكىن

مۇشۇ بىرقانچە كۈندىن بېرى گۈلباھاردا كۆرۈلۈۋاتقان ئۆزگى-
رىشلەر ئۇنى گۇمانغا سېلىپ قويىدى.

«شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ، دېگەن گەپ بار، ئەھۋالغا قارىغاندا تارقىلىپ يۈرگەن گەپ راستمۇ نېمە، ئىككى كۈندىن بېرى گۈلباھار مىجەزىم يوق دەپ يېتىۋالدى. روھىي كەيپىياتىمۇ تازا ياخشى ئەمەس، ئەھۋالدىن قارىغاندا بىر سەتچى-لىك باردەك، 1966 - يىلى ئۇ قەشقەرگە تۇغقان يوقلىغىلى كەلگەندە ماڭا ئاسانلا ماقۇل بولۇپ قەشقەرگە يۆتكىلىپ كەلدى. شۇ چاغدىمۇ مەن ئۇ بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچراپ، ئەزىزدىن كۆڭلى سوۋۇغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئەگەر كىشىلەر سۆز - چۆچەك قىلىپ يۈرگەندەك گۈلباھارنىڭ غۇلجىدا تۇغۇپ قويغان بالىسى بولسا ئۇ ۋاقىتتا قانداق قىلغۇلۇق؟ قېرىغان چېغىمدا نى ئات - نى نومۇس» دېدى ھوشۇر ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

تۆتىنچى كۈنى سەھەردە، قاسىم گۈلباھارنىڭ ئۆيىگە تېلې-فون قىلدى، قاسىم ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن مەقسىتىگە كۆچتى. گۈلباھار قاسىم بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولدى. ئۇلار قاسىمنىڭ رېستورانىدا كۆرۈشۈشكە پۈتۈشتى.

گۈلباھار قاسىمنىڭ رېستورانىغا يېتىپ كەلدى. قاسىم ئۇنى رېستوراننىڭ ئالدىدا كۈتۈۋالدى، ئۇلار رېستورانغا كىرىپ، چەتتىكى بىر ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى، چاي كەلتۈرۈلدى، شۇ تاپتا گۈلباھارنىڭ كاللىسى قۇيقۇرۇق ئىدى، ئۇ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزىنى قاسىمدىن قاچۇرۇپ يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى، ئىچىدە قاسىمنىڭ گېپىنى تېزرەك تۈگىتىشىنى، ئۆزىنىڭ تېز-رەك بۇ يەردىن كېتىشىنى ئارزۇ قىلىپ تۇراتتى.

— بۇ رېستوران بەئەينى تۇرمىنىڭ ئۆزىغۇ، قاسىمئاخۇن لوبەن، — دېدى گۈلباھار بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي.

— ئەتىگەندە تۇرمىگە ئوخشاپ قالىدۇ دېسىلە، سوغۇق

ئەمەسما، چۈشتە باغچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، قوياش ئۆرلەيدۇ ئەمەسما، كەچتە جەننەتكە ئوخشاپ قالىدۇ، كىشىلەر ئۆزىنى ئازادە قويۇۋېتىدۇ ئەمەسما، گۈلباھار خېنىم...

گۈلباھار بېشىنى كۆتۈرۈپ، قاسىمغا تىكىلدى:

— ماڭا دەيدىغان قانداق گەپلىرى بار ئىدى، قاسىمئاخۇن؟ — دەپ سورىدى گۈلباھار.

— باشقىمۇ گەپ يوق، خېنىم، سىلە بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇراي دېگەن، — دېدى قاسىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن نەۋرە كۆرگەن ئايال، ماڭا ئەمدى ئوسما سىڭمايدۇ، — دېدى گۈلباھار قوپاللىق قىلىپ.

— راست گەپ قىلدىلا، ئەمدى سىلىگە ئوسما سىڭمايدۇ، بىراق ئوسما سىڭگەن دەۋرلىرىنى ئۇنتۇپ قالسىلا بولمايدۇ، — دېدى قاسىم.

— ماڭا قايلىسىلا، سىلە ماڭا ئوسما ئېلىشىپ بەرگەندەك گەپ قىلىلىغۇ، قاسىمئاخۇن؟

— خاپا بولمىسىلا، ئەسلىدە مەن سىلىگە باشقا گەپ قىلماقچىدىم، ئوسمىنىڭ گېپىنى ئۆزلىرى تېشىپ قالدىلا، ئويلاپ باقسام بىزنىڭ مۇشۇ يەردە كۆرۈشۈشىمىزگە سەۋەبچى بولغان نەرسە يەنىلا شۇ ئوسما ئىكەن، شۇڭا مەنمۇ ئوسمىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالدىم، — دېدى قاسىم.

— ماڭا قانداق گەپ - سۆزلىرى بار ئىدى؟

— بولىدۇ ئەمىسە، مەنمۇ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلاي، ئۆز ۋاقتىدا غۇلجىدا قويۇپ كەلگەن مەمەتجان دېگەن باللىرى سىلى بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپتىكەن، مېنى ياردەملەشكەن بولسانىڭ، ئاكا، دېگەنىدى، — دېدى قاسىم. گۈلباھار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان يېرىدە ئۆزۈندىن - ئۆزۈن زوۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ كەتتى.

— سىلە نېمە قىلماقچى؟ — دېدى گۈلباھار.

— مېنىڭ قورسىقىم تويۇپ بولغان ئادەم، ھېچ نەرسىدىن خىجالىتىم يوق، مەن پەقەت بىر ئەلچى، سىلە كۆپ ئوقۇغان ئايال، ئەلۋەتتە ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دېگەن گەپنى ئوبدان بىلىدىلا، سىلە ھاياجانلىنىپ كەتمىسىلە، بىز چىرايلىق پاراڭلىشايلى، — دېدى قاسىم.

— ئەمىسە سىلى نېمە دېمەكچى؟ — دېدى گۈلباھار.

— بالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋالامدىكىن دېمەكچى! — دېدى قاسىم. گۈلباھار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ ئۈستىدىكى چىرايلىق لامپۇچكىغا قارىدى.

— قايسى بالام بىلەن كۆرۈشۈۋالىمەنكىن؟

— غۇلجىدىن كەلگەن مەمەتجان دېگەن بالىلىرى بىلەن…

— ئەگەر مېنىڭ بۇنداق بالام يوق دېسەم، سىلە ماڭا نېمىدەپ جاۋاب بېرىدىلا؟ — دېدى گۈلباھار.

— مەن پەقەت بىر ئەلچى، بۇ سۆزلىرىنى مەمەتجانغا يەتكۈزۈپلا قويىمەن، — دېدى قاسىم.

— سىلىچە، مەمەتجان نېمە دەر؟

— مەمەتجان قولىدىكى ئىسپاتلىرىنى سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپ، سوت مەھكىمىسىدىن ياردەم سورايدىغان ئوخشايدۇ.

— بۇنى سىلە مەمەتجانغا ئۆگەتكەنمۇ ـ يا؟

— مەمەتجاننىڭ ئەقلى ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدۇ، ئۇ ھېچ كىشىنىڭ ئەقىل ئۆگىتىشىگە موھتاج ئەمەس، — دېدى قاسىم.

— ئەمىسە سىلىچە مەمەتجان مېنىڭ بالامىدۇر؟

— ئۇنى ئۆزلىرى بىلىلا، خېنىم، يۈرەكلىرىنى تۇتۇپ باقسىلا بولىدۇ. يۈرەك دېگەن ھەممە ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ! — دېدى قاسىم گۈلباھارنىڭ ئىزتىراپ ئىچىدە ياشاڭغىراپ قالغان كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ.

— مەمەتجان ھازىر نەدىدا؟

— بىزنىڭ ئۆيدە…

— سىلە مەمەتجاننى قانداق تونۇيدىلا؟
— بولىدۇ، سوراپ قالدىلا، سۆزلەپ بېرەي، مېنىڭ دادام قۇربان دېگەن كىشى بولىدۇ، دادام ئۆز ۋاقتىدا سودا ئىشى بىلەن غۇلجىدا تۇرۇپ قاپتىكەن. شۇ جەرياندا ئۆيلىنىپتۇ. ئۇ غۇلجىدا ئالغان ئايالىدىن پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەندىن كېيىن، بىر بالا بېقىۋېلىش ئارزۇسىدا بولغانىكەن، ئۆگەي ئانىمىز مەمەتجاننى تۇغدۇرغان مەريەم دېگەن ئايالنى تونۇيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن مەمەتجاننى بېقىۋاپتۇ، مەمەتجان يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئۆگەي ئانىمىز ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ غۇلجىغا بېرىپ دادامنى قايتۇرۇپ كەلگەنىدىم. شۇ چاغدا رەھمەتلىك دادام مەمەتجاننى بىللە ئەكېتىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالغانىدى. مەن خەقنىڭ بالىسىنى باقمايمىز، ۋاقتى كەلگەندە ئادەمنىڭ بۇرنىنى قان قىلىدۇ، دەپ يېقىن كەلمىگەنىدىم. دادام ئىلاجسىز مەمەت-جانغا ئۆزى ئولتۇرغان قورۇ - جاينىڭ يېرىمىنى قالدۇرۇپ، مەن بىلەن بىللە يۇرتقا قايتىپ كەلگەنىدى، مەمەتجاننى دادامنىڭ قوشنىسى يارى كاناي دېگەن ئادەم بېقىۋالغانىدى. ئەھۋال مۇشۇن-چىلىكلا، مانا يىللار ئۆتۈپ ئۇ چوڭ بولۇپ، سىلىنى ئىزدەپ كېلىپتۇ...، — دېدى قاسىم. ئۇ ئارقىدىن مەمەتجاننىڭ كاتتا سودىگەر بولۇپ كەتكەنلىك جەريانىنى سۆزلەپ بەردى...
گۈلباھار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ جىمىپلا كەتتى، ئۇ قاسىم-نىڭ گەپلىرىنى ھەزىم قىلىۋاتاتتى، ئاشۇ يىللاردىكى كۆرۈنۈش-لەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا نامايان بولۇۋاتاتتى، ئۇ مەريەمنى، ئىبادەتنى، ئەزىزنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالال-ماي يىغلاپ تاشلىدى...
— بۇ جاھاننىڭ قېپى يوق، گۈلباھار خېنىم، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ دەردىنى يوشۇرۇپ ياشىغۇسى كېلىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ دەردى ھامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىدۇ، يىغلىماق ئاسان، كۈل-مەك تەس، كۈلۈپ ياشاش ئۈچۈن توۋا قىلىش كېرەك، سىلە

بۇ ئىشنى بەك مۇرەككەپلەشتۇرۇۋەتتىلە، بۇنچىلىك قايغۇرۇپ ئازابلىنىشنىڭ هاجىتى يوق ئىدى، خۇدا بەندىسىنى كەچۇرۇۋاتـ-قان يەردە بەندە نېمە ئۈچۈن بەندىنى كەچۇرەلمەيدۇ؟ سىلە ئۆزلىـ-رىگە ئىشەنسىلە، ئادەمنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىدە هەرخىل ئىشلار يۈز بېرىدۇ. ئادەم تولىمۇ ئاجىز مەخلۇق ئىكەن، كىمنىڭ دەردى يوقكىنتاڭ، مېنىڭمۇ بىرەر ماشىنا كەلگۈدەك دەردىم بار، پۇ-شايمىنىم بار، ئامال يوق، شۇڭا ئاجىز ئاجىزلارنىڭ دەردىگە يېتىشى كېرەك ئىكەن...

گۈلباهار بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاسىمغا قارىدى. قاسىمنىڭ كەيپىياتى ناهايىتى ياخشى ئىدى.

— ئاه خۇدا، نېمە كۈن ماڭا، بۇنداق ياشىغۇچە ئۆلۈپلا كەتسەم بولمامدۇ! — دېدى گۈلباهار ئۈن سېلىپ يىغلاپ.

قاسىم گەپ قىلمىدى، ئۇ گۈلباهارنىڭ يىغىسىنىڭ پەسىيىـ-شىنى كۈتۈۋاتاتتى. گۈلباهار كۆز يېشىنى ئېرتىۋېتىپ، جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن پېتى قېتىپ قالغانىدى، شۇ تاپتا ئۇ بىر هەيكەلگە ئايلانىدى...

— مەن بايام ئادەم ئاجىز بولىدىكەن دېدىم، لېكىن ئادەم يەنە ئەڭ باتۇر بەندە ئىكەن، گۈلباهار خېنىم، چۈنكى ئادەم بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈنلەرنى رەتكە سېلىپ ئۇنى يېڭەلەيدىـ-كەن، مانا بۇ ئادەملەردىكى ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىق، بۇ قېتىم مەمەتجان كەلگەندىن كېيىن، مەن بۇ ئىش توغرىسىدا خېلى باش قاتۇردۇم، يولداشلىرى هوشۇرئاخۇننىڭمۇ ئەهۋالىنى ئىگىلەپ باقتىم. بىلىشىمچە، ئۇ قورسىقى كەڭ ئادەم ئىكەن، سىلىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، دېمەك، سىلىنى هوشۇرئاخۇن چۈشىنىـ-دۇ، يوللىرى ئوچۇق دېگەن گەپ، سىلى ئىككىلەنمەي بۇ ئەهـ-ۋالنى هوشۇرئاخۇنغا دېسىلە، هەرقاچان هوشۇرئاخۇنمۇ بۇ ئىشـ-تىن خەۋەر تېپىپ بولدى، سىلە بۇ ئىشتا سەممىمىي بولسىلا، هەممە ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتسىلا، هوشۇرئاخۇن چوقۇم سىلىگە ياردەم قىلىدۇ...

گۇلباھار يەنە بىر قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قاسىمغا قارى-
دى. ئۇ قاسىمنىڭ كۆزلىرىدە چاقنىغان سەممىي بىر نۇرنى
كۆرگەندەك قىلدى. گۇلباھار ئورنىدىن تۇرۇپ، قاسىم بىلەن
گەپ - سۆزسىزلا خوشلىشىپ، رېستوراندىن چىقىپ كەتتى.
قاسىم ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىنى، ئويلىرىنى چۈشىنىپ
بېقىشقا تىرىشىۋاتاتتى.

## 37

خۇددى قاسىم پەرەز قىلغاندەك، ھوشۇرئاخۇن ھەممە ئىشـ-
تىن خەۋەر تاپقانىدى. كەچتە گۇلباھارنىڭ قولى يەنە ئىشقا
بارمىدى، بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇ ئۆيدە بىرەر ۋاخمۇ تاماق
ئەتمىگەنىدى، ھوشۇرئاخۇن چاي قاينىتىپ، ئۇنى چاي ئىچىشكە
تەكلىپ قىلدى، گۇلباھار ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇ-
رۇپ، ئالدىدىكى چاينى قولىغا ئېلىپ بىر ئوتلىدى، ئاندىن
پىيالىنى قويۇپ، ھوشۇرئاخۇننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى. ئۇ
ھوشۇرئاخۇننىڭ كۆزلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلا-
ۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. لېكىن پەرەز قىلالمىدى.

— سىلىگە دەيدىغان بىر ئىش بار ئىدى، ھوشۇرئا-
خۇن، — دېدى گۇلباھار ئالدىدىكى پىيالىنى بىر چەتكە سۈرۈپ
قويۇپ.

ھوشۇرئاخۇن نەچچە كۈندىن بېرى گۇلباھارنىڭ گەپ تېشىـ-
شىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ھوشۇرئاخۇن سەممىيلىك بىلەن گۇل-
باھارغا قارىدى.

— دەۋېرىڭلار، خوتۇن، يات ئادەمدەك ئىلتىماس قىلىپ
كەتتىڭلىغۇ! ؟

ھوشۇرئاخۇننىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭغا خېلى ئارام بولدى، بۇ
سۆزنىڭ ئىچىدىن مەن ھەممە ئىشنى بىلىپ بولدۇم دېگەن مەنە

چىقىپ تۇراتتى. لېكىن گۈلباھار گەپنى قەيەردىن باشلىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆز ۋۇنغىچە جوزىنىڭ ئۈستىدىكى گۈللۈك چەينەككە قاراپ ئولتۇردى، چەينەكتىكى قىزىل ئەتىرگۈل ئۇنى ياشلىق دەۋرىگە باشلاپ كىرگەندەك بولدى، ئاشۇ باغلار ئىچىدىكى رەڭگارەڭ كېپىنەكلەر ئۇنى ھەر كۇنى بىر قېتىم ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم جەننەتكە ئەكىرىپ چىقاتتى، جەننەتنىڭ تاتلىق مېۋىلىرى ئۇنىڭ قانىتىغا كۈچ - قۇۋۋەت بېرەتتى، لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ جەننەتنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىپ قالدى...

ھوشۇرئاخۇن ئۇنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئۇنى ئالدىراتمىدى، گۈلباھار كۆزىنى چەينەكتىكى گۈلدىن يۆتكەپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ياشاڭغىراپ قالغان كۆزىنى ھوشۇرئاخۇنغا گۇناھكارانە ھېسسىياتتا تىكتى - دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى.

— يىغلىماڭلار، خوتۇن يامان بولىدۇ، نېمە دېگۈڭلار كەلسە دەۋېرىڭلار، — دېدى ھوشۇرئاخۇن يېقىملىق تەلەپپۇزىدا.

— مەن سىلىگە يۈز كېلەلمەيمەن، ھوشۇرئاخۇن، باللارغىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن...

— ئۆزۈڭلىنى ئازابلىماڭلار، ئازماس ئاللا دەپتىكەن، بەندە كۈندە كۆكلەپ ياشىيالمايدۇ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ھالەتتىمۇ مەن سىلىنىڭ تۈۋرۈكۈڭلار بولىمەن، — دېدى ھوشۇرئاخۇن ئايالىغا تەسەللى بېرىپ.

گۈلباھار ھوشۇرئاخۇننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلىدى.

— بۇ ئىشنى سىلىگە قانداقمۇ ئېغىزىمدىن چىقىرارمەن دەپ ساراڭ بولۇپ كېتىۋاتىمەن، ھوشۇرئاخۇن، مەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا گۇناھكار، ... ئۆز ۋاقتىدا مەن غۇلجىدا ئىشلىگەندە ئەزىز بىلەن توي قىلىۋالغان، كېيىن قورسىقىمدا قاپتۇ، تۇغدۇم، ئۇ

بالىنىڭ ئېتىنى مەمەت قويغان، بىز بىر يىلدىن كېيىن ئاجرد-
شىپ كەتكەنىدۇق، مەن ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ بولغاندىن كېيىن
قورسىقىمدا قالغىنىنى بىلدىم، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، بالىنى
دادىسىغا بەرسەم ئۇ ئالغىلى ئۇنىمىدى، ئىلاجسىز ئۇنى تالاشقان
بىرىگــە بېرىۋەتكــەنىدىم، يېقىنــدا ئــۇ بــالا مېنــى ئىزدەپ
كېلىپتۇ...

هوشۇرئاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ قېشىدىكى ئاپئاق
لۆڭگىنى ئېلىپ گۈلباھارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— يىغلىماڭلار، يامان بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

هوشۇرئاخۇن گۈلباھارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى، گۈل-
باھار جوزىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى، ئۇ هوشۇرئاخۇن-
نىڭ گېپىنى كۇتۇۋاتاتتى، هوشۇرئاخۇن گۈلباھارنىڭ گېپىنى
ئاڭلاپ بولۇپ ئويلىنىپ قارىدى، يېقىندىن بېرى ئۇ بۇ ئەھۋالدىن
خەۋەر تېپىپ بولغاندىن كېيىن، ئىچىدە: مەمەت چوقۇم ئەزىز-
نىڭ بالىسى، ئەزىز گۈلباھار بىلەن چوقۇم توي قىلىمەن دەپ
ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويغان، كېيىن ئۇنىڭ ئويى ئەمەلگە ئاشمى-
غان، شۇنىڭ بىلەن گۈلباھار قورسىقىدىكى بالىنى جىمىقتۇرال-
ماي، بالىنى تۇغۇپ بىرىگە بېرىۋېتىپ، يۇرتقا يېنىپ كەلگەن
گەپ، دەپ ئويلىغانىدى. مانا ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بۇ ئويى توغرا
چىقتى، گۈلباھار بولسا ئىزا تارتىپ مەن ئەزىز بىلەن توي
قىلغان دېگەن گەپنى ئويدۇرۇپ چىققانىدى، هوشۇرئاخۇن ئۇنىڭ
بۇ ئويىنىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

— قايسى زاماندىكى ئىشلار ئۇ، خوتۇن، مۇشۇ ئىشقىمۇ
يىغلاپ يۈرەمسىلەر؟ مەن نېمە بولدىكىن دەپتىمەن تېخى، بۇ
ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا خام قىلىپ قويۇپسىلەر ئەمەسمۇ! بالىنى
ياندۇرۇپ كەلگەن بولساڭلار، ئاپام بېقىۋالاتتى ئەمەسمۇ! سىلى-
نىڭ باغرىڭلارنى يېرىپ چۈشكەن بالا ئوخشاشلا مېنىڭ بالام
ئەمەسمۇ! مەن شۇ زاماندىلا سىلىگە، مەن سىلىنىڭ تاتلىقىڭلى-

غىمۇ، ئاچچىقىڭلىغىمۇ ئىگە دەپ دېگەنىدىمغۇ، — دېدى هوشۇر-ئاخۇن سەممىيلىك بىلەن. گۈلباهار بېشىنى كۆتۈرۈپ هوشۇر-ئاخۇنغا قارىدى. ئۇ هوشۇرئاخۇنغا ئىشىنەتتى، لېكىن هوشۇرئاخۇننىڭ بۇ ئىشقا بۇنداق مەردلىك قىلىشىنى ئويلىمىغانىدى، هوشۇرئاخۇننىڭ بۇنداق قىلىشىدا بىرلا سەۋەب بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ئۇ گۈلباهارنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ كۆلەڭگىسىگىمۇ ئالىيىپ قارىغان بەندە ئەمەس ئىدى...

هوشۇرئاخۇننىڭ يېقىملىق سۆزلىرى گۈلباهارنى خېلى خاتىرجەم قىلدى. ئۇنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتۈشكە باشلىدى، چىراي‌يغا يەنە ئىلگىرىكىگە ئوخشاش قان يۈگۈرۈشكە باشلىدى، هوشۇرئاخۇن قاسىم بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشۈپ، ئانا - بالىنى كۆرۈشتۈرۈشكە كېلىشتى. دەسلەپتە قاسىم مەمەتنى هوشۇرئاخۇننىڭ ئۆيىگە ئاپارماقچى بولدى، گۈلباهار بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بۇنداق قىلىشقا قوشۇلمىدى. ئۇ، مەن قاسىمنىڭ ئۆيىگە باراي، بالام شۇنچە ئۇزۇن يەردىن مېنى كۆرگىلى كەلسە، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارماي ئۆيدە ئولتۇرۇۋالسام سەت بولامدۇ؟ مەمەتجاننى ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى تاشلىۋەتتىم، ئەمدى ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ» دېدى. قاسىم گۈلباهارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئورۇنلۇق بىلىپ، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قوشۇلدى.

## 38

شەنبە كۈنى هوشۇرئاخۇن گۈلباهارنى ئەگەشتۈرۈپ قاسىمنىڭ هەشەمەتلىك سېلىنغان ئۆيىگە كەلدى. قاسىم مېهمانلارغا چاي قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىچىدىكى ئۆيدىن مەمەتنى باشلاپ چىقىپ، ئۇنى ئاپىسىغا تونۇشتۇردى.

مەمەت ئاپىسىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى، ئاپىسى ئۇنىڭ تەسەۋ-ۋۇرىدىكىدىنمۇ ياش، چىرايلىق ئىدى، ئۇ ئۆزىنى سەل تۇختىتىد-ۋالغاندىن كېيىن، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆزىنى گۈلباھارنىڭ — ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى، ئۇ ئاپىسىنى شۇنداق چىڭ قۇچاقلىد-دىكى گۈلباھار دەم ئالالمايلا قالدى. ئاندىن «ئاپا» دەپ ۋارقىرىد-دى ـ دە، كىچىك باللاردەك ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. گۈلباھارنىڭ يىغىسى مەمەتنىڭ يىغىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئۆي ئىچىنى لەرزىگە سالدى.

— مېنى كەچۈر، بالام...

قاسىم مەمەتنىڭ قولىنى تۇتتى.

— سەۋر قىلسىلا، ئۇكام، يىغلىمىسىلا، خۇشال بولسىلا بولىدۇ... ، — دېدى قاسىم كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ھاياجان ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— يىغلىمىسىلا، بالام، — دېدى ھوشۇرئاخۇن. ئۇنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى ئېقىپ تۇراتتى.

— مانا بۇ ھوشۇرئاخۇن دادىلىرى بولىدۇ، ئۇكام، — دېدى قاسىم ھوشۇرئاخۇننى مەمەتكە تونۇشتۇرۇپ. مەمەت ھوشۇرئا-خۇن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— مەن بۇ ئىشنى بىلمەيدىكەنمەن، بالام، بولمىسا مەن سىلىنى ئۆزۈم ياندۇرۇپ كېلەتتىم، — دېدى ھوشۇراخۇن.

— رەھمەت، دادا، — دېيەلىدى مەمەت ئارانلا.

گۈلباھار مەمەتكە قاراپ ئولتۇراتتى، مەمەت ئەزىزگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

— مەن سىلىنى ئىزدىيەلمىدىم، بالام... مېنى كەچۈر-سىلە... ، — دېدى گۈلباھار يىغلاپ تۇرۇپ.

— مېنىڭ سىزنى ئىزدىمىگەن بىرمۇ كۈنۈم يوق، ئاپا، ئانىسى يوق بالا شامال يەپ چوڭ بولغاندەك چوڭ بولىدىغان گەپ ئىكەن، دەسسىگەن يېرىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدىكەن، يىگەن نېنى

چىرايىغا چىقمايدىكەن...، — دېدى مەمەت يىغلاپ تۇرۇپ.
— مانا ئەمدى ئانا - بالا كۆرۈشتۇڭلار، ئۇكام، ئەمدى سىلەرنى ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ، — دېدى قاسىم. ئۇ ئوڭۇش-سىز كەيپىياتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، گەپنى خۇلاسىلىگەندەك قىلدى.
— شۇنداق، ئەمدى سىلەرنى ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ، — دېدى ھوشۇرئاخۇن گەپكە ئارىلىشىپ.
گۇلباھارنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈ-رەلمەي قالدى، ھوشۇرئاخۇن: «ئەمدى ئۆيگە كېتەيلى، بالام» دەپ، مەمەتنى ئەگەشتۇرۇپ قاسىمنىڭ ئۆيىدىن چىقتى.
— سىلىگىمۇ رەھمەت، قاسىمئاخۇن، — دېدى ھوشۇر-ئاخۇن.
— ئۇنداق دېمىسىلە، ئۆزىمىزنىڭ ئىشى ئەمەسما! — دېدى قاسىم.
شۇ كۈندىن باشلاپ مەمەت ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى. گۇلباھار مەمەتكە بىر ئېغىز ئۆينى ئايرىم تۈزەشتۈرۈپ بەردى. ئۇلار ھەر كۈنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن پاراڭلىشاتتى، دەسلەپتە گەپ-نىڭ ئاساسىي تېمىسى مەمەتنىڭ ئىش - ئوقەت قىلىپ يۈرگەن تارىخىدا توختالدى، ئاندىن مەمەت ئاپىسىغا ئۆزىنى ئىككىنچى قېتىم بېقىۋالغان دادىسى يارىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. گۇلباھار ئاشۇ يىللارنىڭ ھەممىسىنى ئارىلاپ چىققاندىن كېيىن، قاتتىق پۇشايمان قىلدى.
«ئىسىت، ھوشۇرئاخۇن دېگەندەك مەمەتجاننى ئۆز ۋاقتىدا ياندۇرۇپ چىققان بولسام، ئۇ كۆز ئالدىمدا چوڭ بولىدىكەن ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.
گۇلباھارنىڭ ئابابەكرى، ئابدۇللا، ئاۋۇت، ئاسىم ئىسىم-لىك تۆت ئوغلى بار ئىدى، ئۇلارمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى، چوڭ ئوغلى ئابابەكرى ئاپىسىغا ھېسداشلىق بىلدۈردى، بۇ ئىشنى

توغرا چۈشەندى، ئۇ مەمەت چوڭ ئۆيگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا كېلىپ، مەمەت بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ھەم كەچتە ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بالىلىرىنى تونۇشتۇردى. گۈلباھارنىڭ قالغان ئۈچ ئوغلى بۇ ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلالمىدى، ئۇلار مەمەت بىلەن كۆرۈشكىلى كەلمىدى، ھوشۇرئاخۇن بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئوغۇللىرى بىلەن كېلىنلىرىنى ئۆيىگە چاقىردى، لېكىن چوڭ ئوغلى ئائىلەكىرىدىن باشقا ھېچكىم كەلمىدى، ھوشۇرئاخۇن چاندۇرماي بۇ كۈنلەرنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتتى، مەمەت قەشقەرگە كېلىپ بىر ئاي بولغاندا، ئۇ غۇلجىغا قايتماقچى بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ ھېسسىياتى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى جىق ئىدى. ئەتە يولغا چىقىمەن دېگەن كۈنى، مەمەت ئاپىسى بىلەن ئۆيدە يالغۇز قالدى، مەمەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاپىسىغا دېمەكچى بولغان گېپىنى دەۋالدى.

—… مەن ئاخىرى سىزنى تاپتىم، ئاپا، مانا ئەمدى مەن پۈتۈن ئادەمدەك ياشايمەن. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مەن بىر كۆزۈمنى ئاچالماي ياشاپ كەلگەنىدىم، مانا ئەمدى مەن جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى كۆرەلەيدىغان بولدۇم، خۇدايىم بەندىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا مۇرادىغا يەتكۈزىدىكەن، بۇ جاھاننىڭ قانۇنىيىتىنى سىز مەندىن ياخشى بىلىسىز، ئاپا، قورسىقى تويغان ئادەمنىڭ يۈگۈرگۈسى كېلىدىكەن، كۆزى ئېچىلغان ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىكەن، مەنمۇ ئوغۇل بالا، مانا ئەمدى ئاپامنى تېپىۋالدىم، شۇڭا ماڭىمۇ قانات كېرەك ئەمدى، ئەمدى مېنى بىراقلا خاتىرجەم قىلىۋېتىڭ، ئاپا، مېنىڭ يەنە بىر قانىتىمنى تېپىپ بېرىڭ…

— مەن بۇ گېپىڭنى چۈشىنەلمىدىم، بالام؟ — دېدى گۈلباھار مەمەتكە قاراپ تۇرۇپ.

— بىرى، ماڭا دادامنىڭ بار يېرىنى دەپ بېرىڭ، ئاپا، يەنە بىرى، دادامغا قارىتىپ بۇ خەتنى كۆتۈرۈپ بارغان بالىنىڭ

ئېتى مەمەت، ئۇ سىزنىڭ بالىڭىز دەپ ئېنىق قىلىپ خەت يېزىپ بېرىڭ...

گۈلباھار مەمەتنىڭ مۇشۇنداق دەپ تۇرۇۋالىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغانىدى.

— يېزىپ بېرەي، بالام، دادىلىرىڭنىڭ ئېتى ئەزىز بولىدۇ، ئۇ ھازىر غۇلجىدىكى A ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ، — دېدى گۈلباھار.

— دادام غۇلجىدىما؟

— شۇنداق، بالام، شۇ ئىدارىنىڭ باشلىقى، مەيلى دادىلىرى بولسۇن، ياكى مەن بولاي، بىز ھەقىقەتەن سىلىگە يۈز كېلەلمەيمىز، — دېدى گۈلباھار كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— رەھمەت، ئاپا، مەن دادامنىمۇ تېپىۋالىدىغان بولدۇم، — دېدى مەمەت ھاياجانلىنىپ.

گۈلباھار ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئاپئاق قەغەزنى ئالدىغا قويۇپ خەتنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي ئويلىنىپ قالدى. ئۇ خېلى ئۇزۇن ئويلانغاندىن كېيىن، قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىدى. ئۇ خېتىنى ئوتتۇز نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ گۈزەل باھاردىن باشلىدى...

مەمەت ئاپىسىنىڭ خېتىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقماقچى بولدى. ئەتە يولغا چىقىمەن دېگەن كېچىسى، ئۇ ئاپىسى بىلەن ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى.

— مەن بۇ ھالقىنى سىلىگە ئالغاچ كەلگەن، ئاپا، — دېدى مەمەت يېنىدىن بىر جۈپ چىرايلىق ھالقىنى ئېلىپ ئاپىسىغا تەڭلەپ.

گۈلباھار ھالقىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپلا قالدى.

— بۇ ھالقا، بالام...

— بۇ ھالقىنى ماڭا مەريەم ئاپامنىڭ ھېلىقى يالغۇز قىزى ئىبادەت ھەدەم بەرگەن، ئۆز ۋاقتىدا سىز بۇ ھالقىنى مەريەم

ھەدەمگە خاتىرە قالدۇرۇپتىكەنسىز، — دېدى مەمەت.

— شۇنداق، بالام، مۇشۇ ھالقا...، — دېدى گۈلباھار كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ.

— مەريەم ھەدەم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىبادەت ھەدەم نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى تارتىپتۇ، لېكىن ئۇ بۇ بىر جۈپ ھالقىنى قولىدىن چىقارماپتۇ، مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن بەك تەسىرلەندىم، ئاپا، مانا ئەمدى مەن سىزنى تېپىۋالدىم. ئەمدى بۇ ھالقىمۇ سىزنى تېپىۋالسۇن! — دېدى مەمەت.

گۈلباھارنىڭ يىغىسى يەنە باشلاندى...

## 39

مەمەت غۇلجىغا ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدى. ئۇ قەشقەر. دىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دادىسى يارىغا سۆزلەپ بەردى، يارى بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ، قەۋەتلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— مۇرادىڭغا يېتىپسەن، بالام، ئەڭ ئۇلۇغ ئىش — ئاپاڭ داداڭغا خەت يېزىپ بەرگەن ئىش بولۇپتۇ، داداڭ ئەزىزنى مەن تونۇيدىكەنمەن، ئۇ ئادەم A ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ، ئەزىز بىلەن بىۋاستە كۆرۈشسەم تازا دۇرۇس بولمايدۇ، سەن ئەتە ـ ئۆگۈن يالقۇنكاڭ بىلەن كۆرۈش، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيت، شائىر بولغاندىن كېيىن زىيالىيلار بىلەن چىقىشىدۇ، — دېدى يارى.

— ماقۇل، دادا، مەن ئەتىلا يالقۇنكام بىلەن كۆرۈ. شەي، — دېدى مەمەت.

ئەتىسى كەچتە مەمەت رېستوراندا يالقۇن، ئەيسالار بىلەن كۆرۈشتى. تاماقتىن كېيىن ئەيسا بىلەن يالقۇن ئىچىشنى باشلىۋالدى، مەمەت ئۇلارغا ئۆزىنىڭ قەشقەردە ئاپىسىنى ئىزدەش جەريانىدىكى ئىشلىرىنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

— تەلىيىڭ بارئىكەن، ئۇكا، ئاپاڭنى ناھايىتى تېزلا تېپىۋاپسەن، — دېدى يالقۇن.

— ئاپاڭنى بىللە ئەكەلگەن بولساڭچۇ! بىنايىڭنى بىر كۆرگەن بولسا دەيمىنا! — دېدى ئەيسا.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئاپام كېلىمەن دەيدۇ، — دېدى مەمەت يالقۇنغا قاراپ تۇرۇپ، — ئەمدىكى گەپ دادام بىلەن كۆرۈشۈشتە!

— ھەراست، داداڭ نەدىكەن؟ — دېدى يالقۇن.

— دادام مۇشۇ غۇلجىدا ئىكەن، A ئىدارىسىدا ئىشلەيدىكەن، ئېتى ئەزىز ئىكەن...

— داداڭ سېنى نېمىشقا ئىزدىمىگەندۇر؟ خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئېتى ئەزىز ئىكەن تېخى، — دېدى ئەيسا.

— بۇ گەپلەرنى كېيىن قىلىشىمىز، ئاداش، — دېدى يالقۇن. ئاندىن ئۇ مەمەتكە قاراپ تۇرۇپ، — سەن قانداق قىلاي دەۋاتىسەن؟

مەمەت يالقۇنغا دادىسىنىڭ پىكرىنى ئېيتتى.

— توغرا، بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىلمىساڭ بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئاداش، — دېدى ئەيسا يالقۇنغا قاراپ.

— بولىدۇ، ئۇكا، ئەزىزكام بىلەن مەن كۆرۈشەي، ئاپاڭ يېزىپ بەرگەن خەتنى ماڭا بەر، — دېدى يالقۇن.

— بولىدۇ، ئەتە خەتنى ساڭا يەتكۈزۈپ بېرەي، يالقۇنكا، — دېدى مەمەت.

— مانا ئەمدى داداڭنىمۇ تېپىۋالىدىغان بولدۇق، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا مۇرادىڭغا يېتىدىغان بولدۇڭ، — دېدى ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— گېپىڭنى ئوڭشاپ قىل، ئەيسا، ئادەم بالىسى مۇرادىغا يەتكەن ئەمەس، — دېدى يالقۇن.

— مەن شائىرلارنى دەۋاتقىنىم يوق، ئۆزۈمگە ئوخشاشلار-

نىڭ گېپىنى قىلىۋاتىمەن، شائىرلار مۇرادىغا يېتەلمىگەن بىلەن بىز دەكلەر مۇرادىمىزغا يېتەلەيمىز، چۈنكى بىزنىڭ تەلىپىمىز چوڭ ئەمەس، — دېدى ئەيسا.

— سېنىڭ راست، ئاداش، — دېدى يالقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەتىسى مەمەت ئاپىسىنىڭ دادىسىغا يېزىپ بەرگەن خېتىنى ئېلىپ، يالقۇننىڭ ئىش ئورنىغا ئاپىرىپ بەردى، يالقۇن خەتنى ئېلىپ، A ئىدارىسىگە بېرىپ، ئەزىزنى ئىزدىدى. ئەزىز كېلىشكەن ئادەم ئىدى. يوغان كۆزلىرى ھەدېگەندە ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى. ئۇنىڭ تەبىئىي بۇدۇر چاچلىرى ئۇنىڭ تۇرقىغا ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى، يالقۇن بۇ ئادەمنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىچىدە «كۆرۈپ يۈرگەن ئادەمغۇ بۇ!» دەپ ئويلىدى.

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، ئۇكام، — دېدى ئەزىز كۈلۈپ تۇرۇپ. يالقۇن ئۇنى تونۇمىغىنى بىلەن، ئەزىز يالقۇننى ياخشى تونۇيتتى ھەم ئۇ يېقىندىن بېرى مەمەتنىڭ قەشقەرگە بېرىپ كەلگەنلىكىدىنمۇ خەۋەر تېپىپ بولغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ يالقۇننىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىپ بولدى.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، ئەزىزكا، — دېدى يالقۇن. ئۇ ئەزىزگە ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— ھە، ئېتىڭىز يالقۇن ئىكەن ـ دە، توغرا، مەن گېزىتلەردە سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزنى ئوقۇغان، ياخشى يېزىۋاتىسىز، ئۇكا، ھە، بۇ ياققا كېلىپ قاپسىزغۇ؟ — دېدى ئەزىز بىلمەسكە سېلىپ.

— سىزگە بېرىدىغان بىر پارچە خەت بار ئىدى، شۇ خەتنى ئەكەلگەنىدىم، — دېدى يالقۇن يېنىدىن خەتنى ئېلىپ ئەزىزگە بېرىپ، — مەن ماڭغاچ تۇراي، ئەزىزكا، ئالدىراش بىر ئىشىم بار ئىدى، خۇدايىم بۇيرۇسا ئىككى كۈندىن كېيىن كېلىمەن، خالىي بىر يەرنى تېپىپ پاراڭلىشارمىز!

ئەزىز گەپ قىلماي خەتنى قولىغا ئالدى، يالقۇن ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئەزىز قولىدىكى خەتنى ئوقۇپ قالدى...

ئىككى كۈندىن كېيىن، يالقۇن ئەزىز بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار بىر چايخانىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئۇلار ئۇزۇنغىچە بىر ـ بىرىگە گەپ قىلماي ئولتۇردى، ئاخىر يالقۇن ئارىدىكى جىملىقنى بۇزدى.

— سىز ئەتكەنچايغا ئامراقمۇ، ئەزىزكا؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئامراق، بىر كۈن ئەتكەنچاي ئىچمىسەم بېشىم ئاغرىيدۇ، — دېدى ئەزىز.

— مەنمۇ شۇنداق، مېنىڭ بىر ئاغىنەم بار، ئۇ ئاداش ئەتكەنچاي ئىچمەيدۇ، مەن پات ـ پات ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىمەن، بىر كۈنى ئۇ ماڭا: «سىلەر ئەتكەنچاي ئىچىپ ئەرشكە چىقىپ كەتمىدىڭلار، مەن ئەتكەنچاي ئىچمەي دوزاخقا چۈشۈپ كەتمىدىم، يەنە ھەممىمىز مۇشۇ زېمىندا نان تالىشىپ يۈرۈۋاتىمىز، بۇ جاھاندا سۈتتەك تاتلىق نەرسە يوق، شۇڭا سۈتنى سۈت پېتى ئىچىش كېرەك، بۇ جاھاندا يەنە چايدەك تاتلىق نەرسە يوق، ئۇ ئادەمگە شۇنداق ھوزۇر بېرىدۇكى، شۇ چاينىمۇ چاي پېتى ئىچىش كېرەك، ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ پەيزىسى بولىدۇ ئەمەسمۇ! ئاقنى قارىغا، قارىنى ئاققا ئارىلاشتۇرۇپ نېمە قىلىمىز؟» دەپ سۆزلەپلا كېتەتتى ئۇ. ئۇ ئاغىنەم كىچىك ۋاقىتلىرىدا ئىچكەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ھازىر بىر ئوتلاممۇ ئىچمەيدۇ، — دېدى يالقۇن.

ئەزىز ناھايىتى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئولتۇرۇۋاتاتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ يالقۇنغا قارىدى.

— جاھاننىڭ ئىشلىرى بۇنداق ئاددىي ئەمەس، ئۇكا، ئەگەر

ئاشۇ ئاغىنەڭ دېگەندەك بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى ئېقى ئاق بويىچە، قارىسى قارا بويىچە بولىدىغان بولسا، بۇگۈنكى كۈنلۈكتە ئىككى-مىز مۇشۇ يەردە بىر - بىرىمىزگە سەت قارىشىپ ئولتۇرمىغان بولاتتۇق، ئۇكا… ھەممىنى قىلغان ئۆزىمىز، بەزىلەر تۇرمۇشتا ئېغىر زىددىيەتكە ياكى مەسىلىگە دۇچ كەلسە، «مەن گۇيدىمۇ بار» دەپ قويىدىكەن، مەن مۇشۇ گەپنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ئادەم ئۆز دۇنياسىدا ھامان ئاجىز ياشايدۇ، شۇڭا مەدەنىيەت ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ ياشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. جاھان پەقەت ئادەمنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىلا گۈزەل ۋە كۆڭۈللۈك. چوڭ بولدۇقمۇ، بولدى ھەممىمىزنى ھاياتنىڭ دىشۋارچىلىقى ئې-زىدۇ، — دېدى ئەزىز يالقۇنغا قاراپ، — شۇنداق بولغاندىمۇ سەن ھەقىقەتەن شائىر ئىكەنسەن، ئۇكا، بايامقى گەپلىرىڭ ماڭا خېلى تەسىر قىلدى! — دېدى ئەزىز قوشۇمچە قىلىپ.

— مەن شائىر ئەمەس، ئەزىزكا، مەن پەقەت بىر ھەۋەس-كار، ئاغىنىلىرىم مېنىڭ ھەۋەسكار دېگەن گېپىمنى ئانچە چۈ-شىنىپ كەتمەيدۇ، ئۇلار مېنى سەن «شائىرراق شائىر» دەيدۇ، ئۇلارنىڭ مۇشۇ گېپى ماڭا بەك ياقىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، سىز بايام «بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى ئېقى ئاق بويىچە، قارىسى قارا بويىچە بولىدىغان بولسا، بۇگۈنكى كۈنلۈكتە ئىككىمىز مۇشۇ يەردە بىر - بىرىمىزگە سەت قارىشىپ ئولتۇرمىغان بولاتتۇق» دېدىڭىز، مېنىڭچە، بۇ گېپىڭىز تازا دۇرۇس بولمىدى، ئەزىز-كا، بىز ئىككىمىز نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىمىزگە سەت قارايدى-كەنمىز؟ ئىككىمىزنىڭ ئۇچرىشىشى، مەيلى سىز ئۈچۈن بول-سۇن، ياكى مەن ئۈچۈن بولسۇن، بۇ بىر تارىخىي ئۇچرىشىش، ئۆلۈپ تۇگەيدىغان بۇ جاھاندا، سىز نېمە ئۈچۈن، كېلىڭ، ئۇكام، بەك ياخشى كېلىپسىز، مەن ئۆزۈن يىللاردىن بېرى سىزدەك بىر ئادەمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتىم دەپ مېنى قۇچاقلىمايسىز؟

— مەن مۇشۇ كۈنلەردە كىمنى قوچاقلىشىمنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن، ئۇكا...

— ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى قوچاقلاڭ، ئۆزىڭىزنى ياخشى قوچاقلىسىڭىز، ئاندىن باشقىلارنى قوچاقلىيالايسىز، چۈشىنىشلىكرەك دېگەندە، ئۆزىڭىزنى ياخشى قوچاقلىشىڭىز ئۈچۈن، مۇشۇ تاپتا مېنى قوچاقلىشىڭىز كېرەك...

— توغرا، ئۇكا، ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدىڭ، سەن ماڭا ئەكېلىپ بەرگەن خەتنى كۆردۈم، ئەمدى ياپما گەپلەرنى قويۇپ، ئۇكا، ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلىشەيلى، مەن بالامغا ئىگە بولمىغىنىم راست، مەن گۇناھ قىلغان ئادەم. گۇناھىم ئېغىر، مەمەتنىڭ ئاپىسىمۇ ماڭا ناھايىتى قاتتىق خەت يېزىپتۇ، نېمە دەيمەن، ئۇكا، ئەمدى، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن ئىش باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلمىسۇن، گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلاي، ئۇكا، مەمەت نېمە دەيدۇ؟ — دېدى ئەزىز يالقۇننىڭ كۆزىگە قاراپ.

— مەن مەمەت بىلەن ئۇزۇن يىللىق ئاغىنە، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز ئاكام ئاداشلاردىن، بۇنى بەلكىم سىزمۇ بىلىسىز، بۇ ئالىقاندەك شەھەردە ھەممىمىز بىر - بىرىمىزنى تونۇيمىز، بىلىشىمىز دە، ئاكا، ئەمدى مەمەت نېمە دەيتتى. دادام بىلەن كۆرۈشىمەن، دادام بىلــەن قــۇچاقلىشىمەن دەيــدۇ شۇ...

ئەزىزنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى...

— ئەمىسە مەن سىلەرنى بىزنىڭ ئۆيدە كۆرۈشتۈرەي...

ئەزىز بېشىنى كۆتۈرۈپ يالقۇنغا قارىدى:

— ياق، ئۇكا، مەن مەمەتنى ئۆزۈم ئىزدەيمەن! — دېدى ئەزىز.

## 40

ئەزىز ئەنسىرەپ يۈرگەن ئىشلار ئاخىرى يۈز بەردى، ئۇ بالىلىرىغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى، بولۇپمۇ ئايالىغا نېمە

دېيىشىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىدى، ئۇ ئىككى قىزىنى تالالىق قىلىپ، ئوغلىنىمۇ ئۆيلەپ بولغانىدى، قارىماققا ئەزىز كېرىلىپ يۈرگىنى بىلەن، دەردىنى ئىچىدە بىلەتتى. ئۇ، يىگىت چاغلىرىدا يۈقتۇرۇۋالغان قىلىقلىرىنى تېخى تاشلىيالماچقا، ئايالى ئايزۆھرەنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇماي كېلىۋاتاتتى. ئايزۆھرە كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.

ئەزىز يالقۇنغا تېلېفون قىلدى. ئۇ يالقۇن بىلەن بىر ئاشخانىدا ئۇچراشتى.

— مەن ھاراق ئىچىشنى تاشلىغىلى خېلى بولغان، ئۇكا، مانا ئەمدى قايتىدىن باشلىۋالدىغان ئوخشايمەن، مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىلىپ قويغان ئادەم، ئۆز ۋاقتىدا ئايزۆھرە بىلەن توي قىلمايمەن دەپ بىر يەرگە قېچىپ كەتكەن بولسام مۇشۇ ئىشلار يۈز بەرمەيتتى، ئادەم ئۆز ھاياتىنىڭ دەسلەپكى قەدىمىدە يول تاپالمىسا، ئاخىرىغىچە ئېزىپ يۈرىدىغان گەپ ئىكەن. بەزى ئىشلارنى قىلماي دەيمەن، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايمەن، مەن ئايالىمغا كۆڭۈلسىز، بۇنى ئۆزىمۇ بىلىدۇ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مەن بوپتۇلا، ئۇستىخىنىمىز چۇشۇپ قالار دەپ ئۆي تۇتۇپ كەلدىم، ھەش ـ پەش دېگۈچە بالام ئۈچ بولۇپ قالدى، قارىسام ئۇنىڭ بىلەن زادى چىقىشالمىدىم. بىرنەچچە قېتىم ئاجراشماقچىمۇ بولۇشتۇق، باللار ئارىلىشىپ تورۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق ياشاۋەردىم...

— ھاراق دېگەن ياخشى نەرسە، ئاكا، مۇشۇ جاھاندا ھەممە نەرسىنى تاشلىسا بولىدۇ، لېكىن ھاراقنى تاشلىسا بولمايدۇ، ھاراق ئەقىللىق ئادەملەرگە ئەقىل بېرىدۇ، توۋا قىلىشنى خالىغان ئادەملەرنىڭ دىلىغا توۋا قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى سالىدۇ، شۇڭا مەن ھاراقنى ياخشى كۆرىمەن، مەن ئون بەش ياش ۋاقتىمدىن باشلاپ ھاراق ئىچكەن، شۇڭا سىزنىڭ

هاراقنى قايتىدىن تېپىۋېلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن، ئاكا...
— سەن ھەر ھالدا ياخشى پاراڭ قىلىدىكەنسەن، ئۇكا، دېسەم گەپ تولا، مەن خوتۇندىن تەلىيىم كەلمىگەن ئادەم، مانا ئەمدى قېرىغاندا بىراقلا سەتلەشتىم...، — دېدى ئەزىز.
— سىز سەتلەشمەيسىز، ئەزىزكا، سىز مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئېتىراپ قىلىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىدىسىز، — دېدى يالقۇن.
— مەن ئەتە مەمەتنىڭ ئۆيىگە باراي دەۋاتىمەن، ئۇكا، — دېدى ئەزىز بېشىنى كۆتۈرۈپ يالقۇننىڭ كۆزىگە قاراپ.
— شۇنداق قىلىڭ، ئەزىزكا، مەمەتنى بىز ناھايىتى ياخشى چۈشىنىمىز، ئاتا ـ ئانا تەربىيىسى كۆرمىگەن بىلەن، ئاتا ـ ئانا تەربىيىسى كۆرگەن باللاردىنمۇ ياخشى چوڭ بولدى، ئۇ ئاتا ـ ئانا مېھرىگە ئىگە بولالمىغان، لېكىن سىز ئۇنىڭ ئاشۇ روشەن، ئۆتكۈر كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە ياخشى قارىسىڭىز، ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى غېرىبلىقنى كۆرەلەيسىز، بۇ غېرىبلىقنىڭ ھەربىر باسقۇچىدىن خەۋەر تاپالايسىز، شۇنداقتىمۇ مەمەت ياراملىق بىر بالا بولۇپ يېتىلدى، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىيەلىدى. يەنە تاپقان پۇلىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن سودا بىناسى سالدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا ئىگىسى قۇدرەت بېرىۋاتىدۇ، چۈنكى يېتىملىق ئۇنىڭ گۇناھى ئەمەس، ئۇ مەكتەپ كۆرمىگەن، ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆيۈنۈپ كەلگەن ئاپىسى دىلبەر ئۇنىڭ ساۋاتىنى چىقارغان، مەن دائىم مۇنداق بىر ئىشنى ئويلايمەن، ئەزىزكا، نېمە ئۈچۈن مەمەتنىڭ ھەربىر دەسسىگەن ئىزىدىن گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ تاپقان پۇلىنى تۇتۇپ تۇرالايدۇ؟ مەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە قايتا ـ قايتا باش قاتۇرۇش ئارقىلىق مۇنداق بىر خۇلاسىگە كەلدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تاپالايدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشەنگەن. ئىشەنچ ئۇلۇغ ئىكەن، ئەزىزكا، ئىشەنسەڭ، ئىشىنىپ ياشىساڭ، بىر نېنىڭ ئىككى بولىدىكەن، يول تاپالايدى-

كەنسەن، گۈللىنىدىكەنسەن، مەمەتنى گۈللەندۈرگەن نەرسە دەل شۇ ئىشىنىش، ئىشەنچ. ئەمدى سىز ئويلاپ بېقىڭ، ئەزىزكا، مۇشۇ دۇنيادا ئىشىنىشتىنمۇ ئۇلۇغۋار نەرسە بولسۇنمۇ؟

— شۇنداق، ئۇكا، ئالامەت گەپ قىلدىڭ، ئۆز ۋاقتىدا مەن ئۆزۈمگە ئىشەنگەن بولسام، گۈلباھار مېنىڭ قولۇمدىن ئۇچۇپ كەتمەيتتى، ئەمدى دېسەم گەپ تولا، ياشىماق تەس ئىكەن، ئۇكا، ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى، مەن دەردىمنى ئۆزۈم بىلە- مەن، مەمەتنى ئۆز قانىتىم ئاستىغا ئېلىپ باقالمىغىنىم بىلەن، ئاشۇ يىللاردىن بېرى مەن داۋاملىق مەمەت بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىۋاتىمەن، ئۇ كاۋاپچىلىق قىلىۋاتقان يىلى مەن دائىم بېرىپ ئۇنىڭ كاۋىپىنى يەپ، ئۇنى گەپكە سالاتتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق كۆرۈشۈپ كەلگەن، مانا ئەمدى مەن ئۇنى بالام دەپ قۇچاقلايدىغان بولدۇم...

— ئەمىسە مەن سىزنى ھازىرلا مەمەتنىڭ سودا بىناسىدىكى ئىشخانىسىغا باشلاپ باراي، ئۇ ئىشخانىسىدا مېنى كۈتمەكچى بولغان، — دېدى يالقۇن.

— ئەمىسە شۇنداق قىلايلى، ئۇكا — دېدى ئەزىز.

ئۇلار ئاشخانىدىن چىقتى. ھاراقنىڭ تەسىرى بىلەن ئەزىز- نىڭ يۈز - كۆزلىرى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇلار مەمەت- نىڭ سودا بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، يالقۇن ئەزىزنى بىناغا باشلاپ چىقتى. يالقۇن مەمەتنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى چەك- تى، مەمەت ئىشىكنى ئاچتى، ئۇ ئەزىزنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قال- دى، ئىچىدە «بۇ ھېلىقى دائىم مەندىن كاۋاپ يەيدىغان ئادەم ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلىدى.

مەمەت مېھمانلارنى ئىشخانىسىغا باشلىدى. ئەزىز ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان يالقۇن ئۇنى مە- مەتكە تونۇشتۇردى.

— بۇ سىزنىڭ دادىڭ ئەزىز ئاكا بولىدۇ، ئۇكا...

باyام ئەزىز ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولغاندا، مەمەتنىڭ يۈرىكى بىر ئىشلارنى سېزىپ بولغاندى. ئەزىز يالقۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، مەمەتنىڭ قېشىغا كېلىپ، «بالام» دەپ ۋارقىراپ مەمەتنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى...

— دادا، — دېدى مەمەت دادىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ، مەمەتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى سىيرىلىپ چۈشتى... . ئۇلار ئۇزۇنغىچە مۇشۇنداق قۇچاقلىشىپ تۇردى، يالقۇنمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۆز يېشى قىلدى.

يالقۇننىڭ بەزلىشى بىلەن ئەزىز ئورنىغا قايتىپ ئولتۇردى، ئۇ يىغلاپ ئېقىپ كەتكەندى، مەمەت دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ قىزىرىپ كەتكەندى، ئۇ دادىسىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى:

— ئەسلىدە سىز مۇشۇ شەھەردە بار ئىكەنسىز، دادا... ، — دېدى مەمەت دادىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ. ...

— مېنى كەچۈرگىن، بالام ... ، — دېدى ئەزىز مەمەتنىڭ قولىنى يۈزىگە سۈركەپ.

— ئۇنداق دېمەڭ، دادا، مەن بەك خۇشال، ئەمدى سىزنىمۇ تېپىۋالدىم، ئاخىرقى ھېسابتا خۇدايىم مېنىڭ ئىككى قانىتىمنى قولۇمغا بەردى، مەنمۇ ئەمدى دادىسى بار، ئانىسى بار باللارغا ئوخشاش ئەركىن ياشايدىغان بولدۇم...

يالقۇن ئورنىدىن تۇردى:

— ئەمىسە سىلەر ياخشىراق پاراڭلىشىۋېلىڭلار، مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى، مەن ماڭغاچ تۇراي، — دېدى يالقۇن.

— خوش ئەمىسە، يالقۇنكا، — دېدى مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئەمىسە ئەتە كۆرۈشىمىز، ئۇكا، — دېدى ئەزىز ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ.

يالقۇن ئۆيدىن چىقىپ پەلەمپەي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئەزىز ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى، ئۇنىڭ يىغىسىغا تولىمۇ كۆپ مەزمۇن يوشۇرۇنغانىدى...

## 41

ئايزۆھرە شەھەرلىك دوختۇرخانىدا ئىشلەيتتى، مەيلى دوختۇرخانىدا بولسۇن، ياكى جامائەت ئىچىدە بولسۇن، ئۇنىڭ خېلى يۈز - ئابرۇيى بار ئىدى، ئۇ دوختۇرخانىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن دوختۇرى ئىدى. لېكىن بۇ ئابرۇيلۇق، چىقىشقاق ئايالنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردىمۇ بار ئىدى، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇ دەردىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، چىشىنى چىشلەپ ياشاپ كەلگەنىدى. بۇ قېتىم ئۇ مەمەتنىڭ ئىشىنى بىلگەندىن كېيىن، قاتتىق قايغۇرۇپ، ئىچ - ئىچىدىن تۇگىشىپ كەتتى، يەكشەنبە كۈنى ئىدى، ئۇ ئەتىگەندىلا ئەزىز بىلەن پاراڭلاشتى.

—... مەن سىزنىڭ ھېلىقى گۈلباھار دېگەن ئايال بىلەن بولغان ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەر تاپتىم، ئەزىز، مەن نۇرغۇنلىغان ئىشلاردا چىشىمنى چىشلەپ كەلگەن، ئەمدى مەن ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەلمەيدىغان ئوخشايمەن، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىز مېنى ياشىغىلى قويمىدىڭىز، جان باققىلى قويمىدىڭىز، — دېدى ئايزۆھرە. ئۇ بەكمۇ چۈشكۈن ئىدى.

— ياشلىقتا ھەممە ئادەم ساراڭدەك بولىدىغان گەپ ئىكەن، خوتۇن، بۇرۇنقى ئىشلارنى تۆشەككە سۆرەپ كىرىپ گېپىمدىن نان ئۆتمەيۋاتىدۇ دېسەڭ بولمايدۇ، ئۆزۈڭنى ئازادە قويۇۋېتىپ ياشىمامسەن، مەن بۇ ئىشلارنى ئۆزۈم ياخشى بىر تەرەپ قىلالاي-مەن... ئەمدى ئاچچىقىمنى چىقىرىۋالىمەن دېسەڭ، بۇنىڭ ئۇسۇلىنى مەن ساڭا دەپ بېرىمەن، بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، خوتۇن، سەن نېمە دېمەكچى؟ مېنىڭ يەيدىغان نېنىمغا قولۇپ سېلىپ قويدۇڭ دېمەكچىما؟! — دېدى ئەزىز قاپىقىنى تۈرۈپ.

— مېنىڭ سىز بىلەن سوقۇشقۇچىلىكىم يوق، ئەزىز، مەن سىزنىڭ يەنە بىر يىلدىن كېيىن ياكى تۆت ـ بەش كۈندىن كېيىن يەنە تۆت ـ بەش بالىڭىزنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، قورقىمەن! — دېدى ئايزۆھرە.

— سېنىڭمۇ بالىلىرىڭ بولسا ئەكەل، بىللە باقىمىز، — دېدى ئەزىز.

ئەزىزنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى.

— مەن سىزدەك يۈزسىز، نومۇسسىز، ئەخلاقسىز ئادەم ئەمەس، — دېدى ئايزۆھرە.

— سەن مېنى بۇنداق تىللىساڭ بولمايدۇ، ئايزۆھرە، مەن سەن دېگەن دەرىجىدە يامان ئادەم ئەمەس.

— ئاجرىشىپ كېتەيلى، ئەزىز، ئەمدى تارتىشىدىغان ھېچ نەرسىمىز قالمىدى، بالىلار چوڭ بولۇپ كەتتى، ئەمدى ئۇلارنىڭ سايىسى ئۆزلىرى بىلەن بىللە، سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ كۈننى كۆرۈڭ، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ چىرىغىنى ياقاي...

— ئۇ دېگەن ئوتتۇز نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش تۇرسا، كونا خامانني سورۇپ نېمە قىلىسەن؟ قېرىغاندا ئاجراشساق، ساڭىمۇ سەت، ماڭىمۇ سەت ئەمەسمۇ؟! — دېدى ئەزىز. ئۇ ئايالىنىڭ ئاجرىشىمەن دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ سەل جىددىيلەشتى.

— يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش بولسىمۇ ئاجرىشىمەن، مېنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭە، مەن سىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىشلىرىڭىزنى كەچۈرۈۋەتتىمغۇ! مەندىن باشقا ئايال بولغان بولسا ئاللىبۇرۇن سىز بىلەن ئاجرىشىپ بولغان بولاتتى، نېمە زۇلۇم بۇ ماڭا، ئادەم دېگەن ئادەمدەك ياشىمامدۇ، سىز ئۇ قىزغا چېقىلغانىكەنسىز، چوقۇم شۇ قىزنىڭ كەلگۈسىگە ئىگە بولۇشىڭىز كېرەكتىغۇ! سىز بىر ئۆمۈر بۇزۇقچىلىق بىلەن ئۆتتىڭىز. ئەزىز، مەن سىزگە دەپ قويا، ئەمدى

سىز بېشىڭىزنى تاشقا ئۇرسىڭىزمۇ مەندەك ئايالنى تاپالمايسىز، ھېلىقى زۆرەم دېگەن قىزنى ئىككى يىل سۆرەپ يۈرۈپسىز، ئەگەر مەن ئۇ قىزنى پۇل بىلەن يولغا سالمىغان بولسام، سىز تەشكىل ئالدىدا، جامائەت ئالدىدا بېشىڭىزنى كۆتۈرەلمەيتتىڭىز، شۇنداق قىلىپ تۇرسامۇ سىز مېنىڭ ياخشىلىقىمنى بىلمىدىڭىز، ئەمدى مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ماڭىمۇ يۈز كېرەك. چىرايلىق ئاجرىشىپ كېتەيلى، ئەزىز، — دېدى ئايزۆھرە.

— كىمگە تەگمەكچىدىڭ؟! — دېدى ئەزىز قوپاللىق بىلەن.

— بۇ شەھەردە ئەمدى مەن تەگكۈدەك ئادەم يوق، مېنىڭ ئاپئاق قاناتلىرىمنى سۇندۇرۇپ بولدىڭىز، ئەمدى ماڭا قارايدىغان ئادەم يوق، — دېدى ئايزۆھرە.

— سەن بەك ئالدىراپ كەتمە، ئايزۆھرە، ساڭىمۇ يۈز كېرەك، ماڭىمۇ يۈز كېرەك، ئەگەر ئاجرىشىپ كەتسەك، بالىلارغىمۇ تەسىرى ياخشى بولمايدۇ.

— ماڭا ئەمدى يۈز كېرەك ئەمەس، ئەزىز، ماڭا ئەمدى خاتىرجەملىك كېرەك، قىسقىسى، ماڭا جان كېرەك. جىق ياشىسام يەنە ئون يىل ياشارمەن، ئەمدى يۈرىكىمنى زېدە قىلمايمەن...

ئەزىز ئايزۆھرەنى قايىل قىلالمىدى. ئۇلار مۇشۇنداق بىرنەچچە كۈن ئەقىل سوقۇشتۇرۇپ يۈردى. ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ ئايزۆھرەنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى...

## 42

مۇشۇ كۈنلەردە مەمەت ناھايىتى خۇشال ئىدى، ئۇ يالقۇن بىلەن ئەيسانى يېڭى ئېچىلغان بىر رېستورانغا چاقىرىپ، ئۇلارنى مېھمان قىلدى.

— مۇشۇ كۈنلەردە بەك مەرد بولۇپ كېتىۋاتىسەن جۇمۇ، ئۇكا، ھەدېسىلا بىزنى مېھمان قىلىۋاتىسەن، — دېدى ئەيسا چىشىنى كوچىلاپ ئولتۇرۇپ.

— سىلەرنى كۈندە مېھمان قىلساممۇ ئەرزىيدۇ، ئەيسا-كا، — دېدى مەمەت.

— رەھمەت، ئۇكا، خۇدايىم بەرسۇن، — دېدى ئەيسا.

يالقۇن گەپكە ئارىلاشمىدى، ئۇ تامدىكى كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، خىيال سۈرۈۋاتاتتى.

— ھە، بۇ كۆرۈنۈشكە قاراپ كەتتىڭغۇ، ئىلھامىڭ دوقۇلدىيىپ كېتىۋاتامدا - يا؟ — دېدى ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ. مەمەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— مۇشۇنداق چىرايلىق ئۆيدە ئولتۇرۇپتۇق، ئاداش، چىرايلىق گەپ قىلىپ ئولتۇرايلى، — دېدى يالقۇن.

— ۋاھ، ئاجايىپ ئىلمىيلىشىپ كېتىپسىنا! — دېدى ئەيسا.

— شائىر دېگەن ئىلمىي بولمامدۇ، ئەيساكا، — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ، ئۇكا، — دېدى يالقۇن مەمەتكە قاراپ تۇرۇپ، — ھە، ئىشلىرىڭ قانداقراق؟

— ياخشى، يالقۇنكا، بىنانىڭ ئىجارىسىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئېلىۋاتىمەن، ئۇلارنىڭ سودىسى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، بولۇپمۇ دادامنىڭ دۇكىنىنىڭ سودىسى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى مەمەت.

— ھە راست، ئۇكا، بىر گەپ ئاڭلايمەنغۇ، داداڭ بىلەن ئاپاڭ بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ - ھە! ؟ — دېدى ئەيسا.

— شۇنداق بوپتۇ، ئەيساكا، مەن بۇ ئىشنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشىنى ئويلىماپتىمەنكەن، — دېدى مەمەت ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

— مېنىڭچە ياخشى بوپتۇ، ئۇكا، بىر شەھەردە تۇرۇپ، ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇنداقمۇ ياشامدۇ، قانداق دادا ئۇ، مۇشۇنداق ئۆزىنى بىلمىگەن ئادەملەرنى سەتلەشتۇرۇش كېرەك، — دېدى يالقۇن.

— تىنچلىق بولسا «سەتلەشتۇرۇش كېرەك» دېگەن شېئىرىڭنى يېزىپ بولۇپسەن - دە، — دېدى ئەيسا چاقچاق قىلىپ.

— مۇشۇ كۈندە سەن موللا تاپقاق بولۇۋاپسەن، ئاداش، راست يېزىپ بولدۇم، ئالامەت ياخشى چىقتى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا مۇكەممەل شائىر بولۇپ كېتىدىغان بولدۇڭ - دە، ئاداش، — دېدى ئەيسا چاقچاق قىلىپ.

— يالقۇنكام ئەزەلدىنلا شائىرغۇ! — دېدى مەمەت.

— بۇرۇن شائىرراقتى، ئۇكا، مانا ئەمدى رەسمىي شائىر بولغان گەپ، — دېدى ئەيسا.

— رەھمەت، ئاداش، سېنىڭ دۇئايىڭدا رەسمىي شائىر بولۇپ كەتسەم ئەجەب ئەمەس، — دېدى يالقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھە راست، سىلەرگە دەيمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئاپامدىن تېلېفون كېلىپتۇ، ھەممىڭلارغا سالام ئېيتتى، كۈزدە دادام بىلەن كېلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى مەمەت.

— سالامەت بولسۇن، ئۇكا، كۈزدە كېلىدىكەن - دە، مۇشۇ كۈندە كېلىۋەرمەي، — دېدى ئەيسا.

— كۈزدە كەلسە تېخى ياخشى، ئاداش، مەمەتنىڭ تويىنى قىلىۋېتىمىز، — دېدى يالقۇن.

— توغرا، ئەمدى تويۇڭنى قىلىۋەتمىسەك بولمايدۇ، ئۇكا، بىر ئەر ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم ئىش پەرزەنت كۆرۈش، — دېدى ئەيسا.

— خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ يىل توي قىلىمەن، ئاكا، — دېدى مەمەت.

— بىزمۇ تاپايلى، ئەڭ مۇھىمى ئۆزۈڭ تاپ، ئۇكا، ياخشى

قىزدىن بىرنى تاپ، يېشىڭ بەك چوڭىيىپ كەتتى، — دېدى يالقۇن.

— شۇنداق، ئاكا، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، خۇدايىم بۇيرۇسا كۆزدە ئاپام كەلسە، توينى ئۆزى باشقۇرسا، مېنىڭمۇ ئارمىنىم قالمايدۇ! — دېدى مەمەت.

— تويۇڭنى قىلىمىز دەپ تۇرغىلى بىرنەچچە يىل بولدى، بىرەر قىز تاپقانسەن؟ — دېدى يالقۇن.

— ياق. يالقۇنكا، مەن ھېچقانداق قىزلار بىلەن تونۇشالمىدىم.

— سەن سودا ئىشلىرىدا بەك چاققان، ئۇكا، مۇشۇ قىزلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشتا بوش چىقىپ قالدىڭ - دە، — دېدى ئەيسا كۇلۇپ تۇرۇپ.

ئەيسانىڭ گېپىنىڭ تۈگىشى بىلەن، بىرى ئىشىكنى چەكتى.

— چىقىپ قاراپ باقە، ئەيسا، — دېدى يالقۇن.

— مەن چىقاي، — دېدى مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ. مەمەت ئىشىكنى ئاچتى. سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەلى كۇلۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭ، ئەلىكا، — دېدى مەمەت. ئەلى ئۆيگە كىرىپ، مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

— بۈگۈن ئۈچۈڭلار پەيزە قىلىۋېتىپسىلەر - دە! — دېدى ئەلى كۇلۇپ تۇرۇپ.

— تاماق يەيلى دەپ كىرگەن، ئەيسانىڭ گېلى قىچىشىپ قاپتىكەن، بىرەر رومكىدىن قېقىشىپ قويۇۋاتىمىز، — دېدى يالقۇن.

— ياخشى، ئىچىپ تۇرۇش كېرەك، بولمىسا ئۈچەيلەر داتلىشىپ كېتىدۇ، بىزنىڭ ئۆزىتىدىغان مېھمانلىرىمىز بار ئىدى، مەن سىلەر ئولتۇرغان مۇشۇ بىرىنچى ئۆينى ئالاي دەپ

كىرگەن، سورىسام قىزلار سىلەرنى بار دېدى، سىلەر بىلەن كۆرۈشمىگىلىمۇ ئۇزۇن بوپتۇ، كۆرۈشۈپ چىقاي دەپ كىرىشىم، — دېدى ئەلى.

— ياخشى بوپتۇ، قېنى، مۇنۇ قورۇمىلاردىن ئېغىز تېگىڭ، — دېدى يالقۇن.

مۇلازىمەتچى قىز ئۆيگە كىرىپ ئەلىگە چاي قۇيۇپ بەردى، ئەيسا بىر رومكا هاراقنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— مەنمۇ ئىچىپ قويىدىغان بولدۇم ـ دە، — دېدى ئەلى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئىچە، ئاداش، بۇرۇن «ياخشى مېھمان تاماق ئۈستىگە» دەيتتۇق، مانا ئەمدى ياخشى مېھمان هاراق ئۈستىگە كېلىدۇ دەيدىغان بولدۇق. ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ دېگىنى مۇشۇ، — دېدى يالقۇن. مەمەت كۈلۈپ كەتتى:

— ماۋۇ گەپمۇ بولىدىكەن!

— شائىر دېگەن گەپ تاپىدىغان ئادەمغۇ! — دېدى ئەيسا. يالقۇن كۈلۈپ كەتتى.

— يېقىندىن بېرى گېزىتلەردە شېئىرىڭنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدۇققۇ؟ — دېدى ئەلى.

— يېقىندىن بېرى ئاغىنىمىز ئىككى ئىش بىلەن ئالدىراش، ئەلى، بىرى، قۇربان هېيتلىق ئۇچۇن قېيناپىسىغا قۇربانلىق بورداۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئەتىگەندە ئۆستەڭ بويىدا ئېگىشىپ ئىنجىقلاپ سېۋەتتە سامان يۆيۈشىنى كۆرىدىغان بولساڭ، ئىچىڭ ئاغرىپ كېتىدۇ، مەن ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم دېدىم، جېنىڭنى قىينىما، ئاداش، ۋاقتى كەلگەندە قوينى بازاردىن ئالايلى دېسەم، نېمە دەيدۇ دېمەمسەن، قولدا باققان مالنىڭ گۆشى تاتلىق بولىدۇ، مەن قوينى پەقەت زىغىر كۈنجۈتى بىلەنلا باقىمەن ئەمەسمۇ دەپ يېقىن كەلمەيدۇ. ئەمدى يېقىندىن بېرى ئۇ مەمەتكە خوتۇن

ئىزدەۋاتىدۇ، ئىشقىلىپ، بەك ئالدىراش، شۇڭا ئۇ يېزىقچىلىق-تىن قالدى...

— شائىر دېگەن ئەقىللىق بولىدۇ - دە، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ساۋاب تاپىدىغان ئىشلار ئىكەن ئە-مەسمۇ! — دېدى ئەلى كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇ ئالدىدىكى ھاراقنى قولىغا ئېلىپ، «خوشە» دەپلا ئىچىۋەتتى.

— مەمەتنىڭ تويىنى قىلىپ قويىمەن دېسەم ئۇلتۇرالمايۋا-تىدۇ بۇ ئاغىنىمىز، ياخشى ئىشنىڭ ھەممىسى سەندىن ئاشىدىدۇ-كەن، ئەلۋەتتە ماڭىمۇ بىرەر قېتىم پۇرسەت بەرگىن، مەمەتنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك ئوبدان بىر خىزمەت قىلىۋالغان بولسام، لوبەن-نىڭ سايىسى مېنىڭ بېشىمغىمۇ چۈشەر بولغىيتتى، دەپ قاقشاپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى يالقۇن.

— ھەر ھالدا ئاغىنەڭگە بىرەر قېتىم بولسىمۇ پۇرسەت بەرسەڭ بولغۇدەك، — دېدى ئەلى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ماڭا پۇرسەت بېرەمدۇ بۇ، مەمەتنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسىنى ماختاپ نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يېزىۋەتتى... .

— سۆيۈنچىسى ياخشى - دە!

ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ھە راست، ئۇكا، ئاڭلىسام داداڭ بىلەن ئاپاڭنى تېپى-ۋاپسەن، بىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇق، — دېدى ئەلى.

— رەھمەت، ئەلىكا! — دېدى مەمەت ئەلىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.

— ئەمدى توي قىلىۋالساڭ، خۇدايىم بۇيرۇسا خاتىرجەم بولۇپ قالىدىكەنسەن. ھە، لايىق چىقىۋاتامدا؟ — دېدى ئەلى.

— شۇ لايىق چىقمايۋاتىدۇ، ئاكا! — دېدى مەمەت.

— خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا تاپىمىز، نەچچە زاماندىن بېرى ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى، ئەمدى پۈتۈن كۈچىنى

توي ئىشلىرىغا قارىتىدىغان گەپ، — دېدى يالقۇن.
ئەلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى، شۇ تاپتا بىر خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولدى، ئاندىن بۇ خىيال تېزدىن بىر روشەن پىلانغا ئايلاندى، ئۇ بىردىنلا روھلىنىپ، مەمەتكە قارىدى:
— بولمىسا مەن ساڭا بىر قىز تونۇشتۇراي، ئۇكا، تونۇ-شۇپ پاراڭلىشىپ باق، مىجەزىڭلار كېلىشىپ قالسا ئەجەب ئە-مەس، — دېدى ئەلى.
— ياخشى گەپقۇ بۇ، — دېدى يالقۇن.
— مېنىڭ بۇنداق دېگىنىم، ئۇ قىزنىڭ يېشىمۇ خېلى بار، ئولتۇرۇپ قالغان قىز، بىزگە تۇغقان كېلىدۇ، — دېدى ئەلى.
— قانچە ياشلاردا بار؟ — دېدى يالقۇن.
— ئوتتۇز ياشلارغا كىرىپ قالدىغۇ دەيمەن.
— بولىدۇ، — دېدى يالقۇن، — ئەمىسە ئاشۇ قىزنى مەمەت بىلەن بىر كۆرۈشتۇرمەيمىزمۇ؟!
— شۇنداق قىلايلى، مەن ئايالىمغا دەي، بىزنىڭ ئۆيدە كۆرۈشسىمۇ بولىدۇ يا باشقا بىر يەردە كۆرۈشەر. مېنىڭچە، ئۇ قىز مەمەتكە يارايدۇ، ئۆزى شەھەرلىك باج ئىدارىسىدە ئىشلەيدى-غان قىز، — دېدى ئەلى.
— مېنىڭچە، ئۇنىڭ خىزمىتى مۇھىم ئەمەس، مەمەت ئۇ-چۇن ئىيتقاندا خىزمىتى بولمىسىمۇ بولىدۇ، مەمەتنىڭ ئۆيىدە نېمە تولا خىزمەت تولا، ئالدى بىلەن قىزنىڭ ئۆزى ياخشى بولۇشى كېرەك، — دېدى ئەيسا.
— قىزدا چاتاق يوق، ئەيسا، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قىز ئۇنىمۇ ياراتماي، بۇنىمۇ ياراتماي ئولتۇرۇپ قالغان، قىز بالا دېگەن بەك چىرايلىق بولۇپ كەتسىمۇ ئۆزىگە قىلىپ قويىدىكەن، — دېدى ئەلى كۈلۈپ تۇرۇپ.
— مېنىڭچە، ئۇ ئەلىنىڭ دېگەن قىزى بىلەن ئۇچرىشىپ

باقساڭ بولغۇدەك، ئالدى بىلەن تونۇشۇۋال، بىرنەچچە قېتىم بىر يەردە بولساڭلار بىر - بىرىڭلارنى چۈشىنىپ قالىسىلەر، ئەگەر چىقىشىپ قالساڭلار، ۋاقتى كەلگەندە توي دېگەن بىر كۆڭۈلۈك ئىش! — دېدى يالقۇن.

— قىزنى ياخشى سىنىمىساڭ بولمايدۇ، ئۇكا، — دېدى ئەيسا مەمەتكە قاراپ تۇرۇپ. يالقۇننىڭ گېپى ئۇنىڭغا ياقماي قالدى، — توي قىلىش دېگەن ئۆمۈر سودىسى، ئالدىراپ بىر ئىش قىلىشقا بولمايدۇ، قىز بالا دېگەننىڭ مىجەزى ياخشى بولۇشى بىلەنلا كۇپايە ئەمەس، ئۇنىڭ تۆشۈك ئىشلىرىدىكى ھۈنىرىنىمۇ بىلىش، بىرەر ۋاخ تاماق ئەتكۈزۈپ تۇز تەمىنى تېتىپ كۆرۈش كېرەك، بەزى قىزلارنىڭ ئاغزى ياكى تېنى پۇرايدىغان چىقىپ قالىدۇ، شۇڭا چاندۇرماي بويىنىنى قايرىپ ئويىنتىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ، مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە دىققەت قىلىش كېرەك، — دېدى ئەيسا. مەمەت كۈلۈپ كەتتى.

— بەزى قىزلار يەنە ئالامەت خورەك تارتىدۇ، ئۇكا، — دېدى يالقۇن كۈلۈپ.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— خەقنىڭ قىزىنى ئۇنداق دېسەڭلار بولمايدۇ، — دېدى ئەلى.

— ئەمىسە ئاشۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈپ باقامسەن، ئۇكا؟ — دېدى ئەلى مەمەتكە قاراپ تۇرۇپ.

— كۆرۈشۈپ باقاي، ئەلىكا، — دېدى مەمەت.

— ئەتىگەندىن بېرى سۆزلەۋاتىسەن، ئەلى، ئۇ قىزىڭنىڭ ئېتى نېمە؟ — دېدى يالقۇن.

— زىننەتبۇۋى، — دېدى ئەلى.

— مانا ئىسىم دېگەن، ئادەتتە مۇشۇنداق ئىسىملىكلەردىن بەش ۋاخ نامازلىقلار چىقىدۇ، پېشانەڭ ئوڭدەك قىلىدۇ جۇمۇ، ئۇكا، — دېدى ئەيسا جانلىنىپ.

## 43

ئەلى زىنىنەتبۇۋىنىڭ يانفونىنىڭ نومۇرىنى مەمەتكە بەردى. مەمەت زىنىنەتبۇۋى بىلەن كۆرۈشتى. بۇ چىرايلىق قىزنىڭ كۆز-لىرى، شوخ قاراشلىرى، قىز بالىنىڭ سىرلىق تۇيغۇلىرىغا تەشنا بولۇپ يۈرگەن مەمەتنى ھە دېگەندىلا ئۆزىگە رام قىلىۋال-دى. زىنىنەتبۇۋى مەمەت بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئەلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەم ئۆزىنىڭ مەقسىتى بويى-چە، مەمەت بىلەن بىرقانچە قېتىم بىر ياستۇققا باش قويۇپ ئۇلگۇردى.

ئەلى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشنىڭ بېشىنى ياخشى باشلىۋال-دى، يەكشەنبە كۈنى ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر سارايدىن بىر ئېغىز ئۆي ئېلىپ، زىنىنەتبۇۋىنى ئاشۇ ئۆيگە توغرىلىدى.

—... ھە، مەمەت بىلەن چىقىشىپ قالدىڭما؟ — دېدى ئەلى قۇچىقىدا غىلجىڭلاپ ئولتۇرغان زىنىنەتبۇۋىنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ.

— ھېچ ئىش كۆرمىگەن بالىغۇ ئۇ...

— سەن خېلى ئىش كۆرمىگەن بالىلارنىمۇ شالاقشىتىۋېتى-سەنغۇ، — دېدى ئەلى.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئەلى، يامان بولىدۇ، — دېدى زىنىنەتبۇ-ۋى غىلجىڭلاپ.

— ئەمىسە مەمەتكە تەگ، ئەمدى بۇ قېتىمقى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساڭ بولمايدۇ، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ پۇلى بار؛ ئىككىنچىدىن، ئەركىن ياشايسەن، بەزىدە مېنىڭ قۇچىقىمغا باغ-لىنىپ قالساڭمۇ ئۇ ئاداش سېنىڭ ئىز - دېرىكىڭنى قىلىپ كەتمەيدۇ....

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئەگەر مەمەت بىلەن توي قىلىپ قال-سام، سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ئۈزىمەن، — دېدى

زىننەتبۇۋى ئۇنىڭ قولىدىن چۇشۇپ.

— ئۇ سەن ئۇچۇن بىر رىۋايەت، سەن كۆزۈڭنى باشقۇرالـ‍ىغىنىڭ بىلەن، ھېسسىياتىڭنى باشقۇرالمايسەن، سېنىڭ ھېسسىياتىڭ كۆزۈڭدىنمۇ ئۆتكۈر، سېنىڭ ئۇسسۇزلۇقىڭنى مەندىن باشقا ئادەم قاندۇرالمايدۇ... .

— مېنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ، ئەلى، ماڭا يۈز كېرەك ھەم تۇرمۇشمۇ كېرەك، سىز ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى ھېچكىم بىلمەيـ‍دۇ دەيسىز، مېنىڭچە، ئۇنداق ئەمەس، بۇ جاھاندا ئادەم قىلغان ئىشنى ئادەم بىلمەيدىغان ئىش يوق، — دېدى زىننەتبۇۋى.

— بۈگۈن بۇ گەپنى قىلىشمايلى، خوتۇن... .

— كىم سىزنىڭ خوتۇنىڭىزكەن؟ ئاۋۇ ئۆيىڭىزدىكى ئولـ‍تۇرسا قوپالمايدىغان، قوڭى تۇگمەنىنىڭ تېشىدەك پىرقىرايدىـ‍غان، ئەمچەكلىرى پوقاق خوتۇننىڭ پوقىقىدەك ئېڭىكىگە تاقىـ‍شىپ تۇرىدىغان خوتۇنىڭىزنى تېپىپ خوتۇن دەۋېلىڭ، — دېدى زىننەتبۇۋى غىلجىڭلاپ.

— ھەدەڭنى يوققا چىقىرىۋەتتىڭغۇ، بۇرۇنقى زامان بولغان بولسا ئىككىڭنى بىر ئۆيگە سولاپ باقاتتىم ـ دە، — دېدى ئەلى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قوۋۇرغام، سېسىق گەپلىرىنى، نوچى بولسىڭىز موماي بولۇپ كەتكەن خوتۇنىڭىزنى قويۇۋېتىڭە! — دېدى زىننەتبۇۋى غىلجىڭلاپ.

— سەن يەنە نادان ـ دە، سەن تېخى تۇرمۇشنى چۈشەنمەيـ‍سەن، سەن بۇ ئىشلارنى ئەرگە تەگكەندىن كېيىن بىلىسەن، ئېرىڭدىن ئوغرىلىقچە «ئوقەت» باشلىۋالغاندىن كېيىن، شۇ ۋاقـ‍تىدا ئېرىڭنى ھەقىقىي چۈشىنەلەيسەن، بۇ ئىشنىڭ ئەڭ قىزىق يېرى مۇشۇ، بۇنداق ئوغرىلىق بەك سىرلىق بولىدۇ، سەن شۇ ۋاقتىدا ئۆيدىكى ھەدەڭنىمۇ چۈشىنىپ قالىسەن، ئۆيىنىڭ گۈلى سولىشىپ قالسا ئىش چاتاق، ئۆينىڭ گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرسا

بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى شارائىت يارىتىپ تورىدۇ ئەمەسمۇ، تالا-
نىڭ ياۋا گۈلىنى خاتىرجەم ئۈزۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆيىنىڭ
گۈلىنى خاتىرجەم قىلىش كېرەك. «ئاشىنىدارچىلىق نەزەرىيە-
سى» دېگەن مانا شۇ!

— ئۆردەكدەك ماڭىدىغان خوتۇننى ئۆيۈمنىڭ گۈلى دەپ
كەتكىنىنى...

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، بۇ بىر ئوخشىتىش، خوتۇن...

— شۇنىڭغا قارىغاندا مەن سىزنىڭ ياۋا گۈلىڭىز ئىكەن-
مەن ـ دە، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا ئەمدى ياۋا گۈلدىنمۇ قۇتۇ-
لىسىز، — دېدى زىننەتبۇۋى قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— خاپا بولما، خوتۇن، — دېدى ئەلى ئۇنىڭ قېشىغا
كېلىپ ئولتۇرۇپ. ئۇ زىننەتبۇۋىنىڭ قولىنى تۇتتى. زىننەتبۇ-
ۋى ئۆزىنى ئەلىنىڭ قوينىغا ئاتتى... .

زىننەتبۇۋى بىلەن ئەلىنىڭ مۇناسىۋىتى ئادەتتىكى مۇناسى-
ۋەت ئەمەس ئىدى، زىننەتبۇۋىنىڭ ئۆزىمۇ ئادەتتىكى قىزلاردىن
ئەمەس ئىدى، باشقا قىزلارنىڭ ئىككى كۆزى بولسا، ئۇ-
نىڭ بەش ـ ئالتە كۆزى بار ئىدى، ئۇ ئۆزىنى دەسمايە قىلىپ
ياشاشنى ياخشى بىلەتتى ھەم مۇشۇنداق ياشاشنىڭ پايدىسىنى
كۆرگەنىدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەك-
تەپكە ئىمتىھان بەردى، نەتىجىدە نومۇرى كەملەپ قالدى، بۇ
ۋاقىتتا زىننەتبۇۋى يول مېڭىپ يۈرۈپ، دادىللىق بىلەن بۇ
ئىشنى بەدىنى ئارقىلىق ھەل قىلدى. تۆت يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ
ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدى، ئۇ مەكتەپنى ئۆز
خىراجىتى بىلەن ئوقۇغاچقا، خىزمەت ئورنىنى ئۆزى تېپىشقا
توغرا كەلگەنىدى، مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەلى بىلەن تونۇشۇپ قالدى.
ئۇ يەنە ئۆزىنى دەسمايە قىلىپ، ئەلىنى ئۇسسۇلغا سېلىپ، ئۇنى
قولىغا چۈشۈرۈۋالغانىدى. ئاخىرقى ھېسابتا ئەلى ئۇنى باج ئىدا-

رىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئەلى ئۇنىڭغا بىر يانفون، بىر چاقىرغۇ ئېلىپ بەردى، قاچان، قەيەردە ئۇچۇر بېرىپ خەۋەر-لەشسە، زىننەتبۇۋى شۇ يەردە پەيدا بولىدىغان بولدى، مۇشۇ ئۈچ يىل ئىچىدە، زىننەتبۇۋى ئەلىنىڭ ئىشقى مەنىۋىيىتىنىڭ بىردىن-بىر بايلىقى بولۇپ قالغانىدى...

## 44

زىننەتبۇۋى ئىككى ئاي ئىچىدە مەمەتنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە رام قىلىۋالدى.

بىر كۈنى ئۇ يالقۇن بىلەن ئەيسانى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتى.

— ... شۇنداق گەپ، زىننەتبۇۋى بىلەن چىقىشىپ قالدىم، ئاكىلار، بەك ياخشى قىز ئىكەن، مۇشۇ قىز بىلەن توي قىلايمى-كىن دەيمەن، — دېدى مەمەت يالقۇنغا قاراپ تۇرۇپ.

— تويۇڭنى قىلىۋەتسەڭ قىلىۋېتەيلى، ئۇكا، قىز ئۆزۈڭگە يارىغان بولسا ھەممىمىزگە يارايدۇ، ئۆزىگە يارىغان خانغا ياراپتۇ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ! — دېدى يالقۇن.

— ھەر ھالدا ياخشىراق پاراڭلاش، بەزى قىزلار توي قى-لىشنىڭ ئالدىدا بىر خىل، تويدىن كېيىن بىرخىل بولۇۋا-لىدۇ، — دېدى ئەيسا.

— زىننەتبۇۋىنىڭ ئاتا - ئانىسى نەدە ئىشلەيدىكەن؟ — دېدى يالقۇن.

— ئاپىسى ئۆيدە ئىكەن، دادىسى قەغەز زاۋۇتىدا ئىشلەيدى-كەن، — دېدى مەمەت.

— مۇنداق دە، — دېدى يالقۇن، — ئەزىز دادامنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىڭمۇ - يا؟

— ياق.

— ئەمسە ئۇ ئادەم بىلەن مەن پاراڭلىشاي، ئاپاڭغا تېلېفون بەر، بىر ئاي دېگەن ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەگەر داداڭ ئەزىزنىڭ باشقىچە گەپ ـ سۆزى بولمىسا، تويغا تەييارلىق قىلىۋېرەيلى، — دېدى يالقۇن.

— بەك ئالدىراپ كەتمەيلى، قەشقەردىن گۈلباھار ھەدەملەر كەلسۇن، مەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلمايمىزمۇ! — دېدى ئەيسا. يالقۇن ئەيساغا قارىدى.

— گۈلباھار ھەدەملەر كەلسىمۇ تۈزۈك مەسلىھەت بېرەلمەيدۇ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتايلى، ھەممە ئىشنى تەق قىلىپ تۇرمايمىزمۇ! — دېدى يالقۇن.

— ئەتىلا قەشقەرگە تېلېفون بېرەي، ئاپام بىلەن دادام چوقۇم كەلسۇن! — دېدى مەمەت.

— قەشقەردىكى داداڭنىڭ ئېتى نېمىتى، ئۇكا؟ — دېدى يالقۇن.

— ھوشۇرئاخۇن.

— ھوشۇرئاخۇن دە، ياخشى، خۇدايىم بۇيرۇسا داداڭ بىلەنمۇ تونۇشۇپ قالىدىغان بولدۇق، — دېدى يالقۇن.

ئۇلار ئۆزئارا خوشلىشىپ ئۆز يوللىرىغا راۋان بولۇشتى. يالقۇن خېلى بىر يەرگە بارغاندا ئەيسا كەينىدىن يېتىشتى.

— ھەي، شائىر، نېمانچە تېز ماڭىسەنۇي؟ — دېدى ئەيسا ھاسىراپ.

— ھە، قايتىپ كېلىپسەنغۇ؟!

— ساڭا دەيدىغان ئازراق گېپىم بار ئىدى!

— نېمە گەپ؟

— بىر يەرگە چۆكەيلى، ئاندىن دەي، — دېدى ئەيسا.

— مۇشۇ يەردىلا دەۋەرمەمسەن، — دېدى يالقۇن.

— بۇ يەردە دېگىلى بولمايدۇ، ئاداش، قارى ۋاتۋاتنىڭ قاۋىقىغا بارايلى، ئازراقتىن ئىچىشكەچ پاراڭ قىلىپ بېرىمەن.

ئۇلار خەنزۇ بازىرىغا كېلىپ، قارى ۋاتئۋاتنىڭ قاۋىقىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئىككى پىيالىگە يۇز گرامدىن هاراق قۇيدۇردى، ئەيسا قورۇتمىن بىرنى ئېلىپ تەڭ يېرىم قىلىپ سۇندۇرۇپ يالقۇنغا يېرىمىنى سۇندى، ئۇلار پىيالىدىكى هاراقنى چېقىشتۇرۇپ ئىچىۋەتتى.

— يەنە ئەللىك گرامدىن قۇيسۇنما؟ — دېدى ئەيسا يالقۇنغا قاراپ تۇرۇپ.

— مەيلى، — دېدى يالقۇن قولىدىكى قورۇتنى شۇمۇپ تۇرۇپ، — هە، گەپ قىلغاچ تۇرمامسەن!

— بايام ساڭا بىرنېمە دېيەلمىدىم، يەنە شۇ مەمەتنىڭ ئىشى. ئۇ ئالىمەن دەۋاتقان قىزنى دەيمىنا، ئاداش ئۇ قىزنى بىرقانچە تونۇشلىرىم ئەلى سۆرەپ يۇرگىلى خېلى يىللار بولغان دەيدۇ. بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى دەيمەن ـ دە! ؟ — دېدى ئەيسا يالقۇنغا هەيرانلىق بىلەن قاراپ.

— سەن بۇ گەپنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دېدى يالقۇن.

— زەرگەر بازىرىدا روزى ئالتۇن دەيدىغان بىر ئاداش بولىدىغان، شۇنىڭدىن ئاڭلىمادىم!

— ئۇ گۇيلارنىڭ گېپىگە هەلا دەپ قويساڭ بولدى، قورسىقى توق ئۇ گۇيلارنىڭ، قىلىدىغان ئىشى بولمىغاچقا سۆزلەۋېرىدۇ. هازىر مەمەت ئۇ قىزنىڭ مۇڭىغا كىرىپ بولدى، سەن بۇ گەپنى ئىككىنچى ئېغىزىڭدىن چىقارما، ئاداش، بولمىسا ئىشنى بۇزۇۋالىمىز، مۇشۇ كۇندە كۆزۈڭ بىلەن كۆرمىگەن نەرسىنىڭ هەممىسى يالغان، — دېدى يالقۇن.

— ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم، ئاداش.

— بولدى قىل، ئەيسا، بۇنداق ئىشلار مۇرەككەپ بولىدۇ. ئەگەر بىز روزى ئالتۇننىڭ گېپىنى راستقا چىقىرىپ، مەمەتكە ئالدىغان قىزىڭ ئۇنداقكەن ـ مۇنداقكەن، ئۇكا، دېسەك، ئىش چىڭىغا چىقسا، خەق نېمە ئىسپاتىڭ بار دەپ سورىسا، بىز نېمە ئىسپات كۆرسىتەلەيمىز.

— ئۇغۇ شۇنداق، مەنمۇ يۇگۇرۇپ بېرىپ مەمەتكە بىرنېمە دېمىدىم، ساڭا دەۋاتىمەنغۇ! — دېدى ئەيسا.

— ئەمىسە بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، بىزدىن بۇنداق گەپلەر تارقالمىسۇن، — دېدى يالقۇن.

— ماقۇل، ئاداش، — دېدى ئەيسا.

ئۇلار قاۋاقتىن چىقىپ، ئۆز يولىغا راۋان بولۇشتى.

## 45

توينىڭ تەييارلىقى پۇتۇپ قالغانىدى، قەشقەردىن گۇلباھار بىلەن ھوشۇرئاخۇن يېتىپ كەلدى. ئۇلار مەمەت بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۇشتى. مەمەت ئۇلارغا دادىسى يارى بىلەن ئاپىسى دىلبەرنى تونۇشتۇردى، گۇلباھار بىرنەچچە كۇنگىچە تالا - تۇزگىمۇ چىقماي ئولتۇردى. گۇلباھارنىڭ غۇلجىغا كەلگەنلىك خەۋىرى ئەزىزنىڭ بېشىنى تازا قاتۇردى. ئەزىز ئۇلار بىلەن قانداق ئۇچرىشىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى. گۇلباھار غۇلجىدىن يۆتكىلىپ كەتكەندىن بېرى، ئەزىز بىلەن گۇلباھار دىدارلىشىپ باقمىغانىدى. ئەزىز ھوشۇرئاخۇننى ياخشى چۈشىنەتتى، بۇ ساۋاقدىشى بىلەن كۆرۇشۇش ئۇنىڭ ئۇچۇن قىيىن ئىش ئەمەس ئىدى، مەسىلە گۇلباھار بىلەن قانداق كۆرۇشۇشتە ئىدى. ئەزىز يالقۇننى ئالدىغا سېلىپ، گۇلباھارنى ئىلى دەريا بويىغا ئاچىقىشنى ئورۇنلاشتۇردى، يالقۇن گۇلباھارنى ئىلى دەرياسى بويىغا يەتكۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى قايتىپ كەتتى.

ئەزىز گۇلباھارنى كۆرۇپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، بېشىنى يەردىن كۆتۇرمەي ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى. گۇلباھارنىڭ كۆزلىرى ھېلىھەم ياشلىق ۋە گۇزەللىك لاتاپىتىنى يوقاتمىغانىدى. ئۇ كۆزلەردىن يەنىلا مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى يالقۇنجاپ تۇراتتى. ئەزىز خۇددى ئېغىر جىنايەت ئۆتكۇزگەن گۇناھكار سوتچىنىڭ

ئالدىدا بويىنىنى ئېگىپ تۇرغىنىدەك بىچارە، ھالسىز، جۇرئەت-سىزلىك بىلەن تۇراتتى. گۇلباھار يەنىلا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولىنى ئەزىزگە ئۇزاتتى. قولىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئىسسىق قولىنى تۇتتى، شۇ تاپتا ئەزىزنىڭ پۈتۈن بەدىنى خۇددى ئوت لاۋا ئىچىگە تاشلانغاندەك قىزىدى. ئەسلىمە بولۇپ قالغان ئاشۇ يىل-لاردا مۇشۇ ئىللىق قول ئۇنىڭغا چىن ۋە سەمىمىي مۇھەببەتتىن گۇلدەستە سۇنغانىدى، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۈمىد بىلەن يورۇتقانىدى. گۇلباھار ئەزىزگە قاراپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ قاراشلىرى-دىن بىرخىل ئازادىلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۈلۈشلىرى ئەزىزنى ئازاب دېڭىزىگە سۆرەپ كىرىشكە باشلىدى. ئاشۇ يىللاردا گۇلباھار ھازىرقىدەكلا تاتلىق كۈلەتتى. ئاشۇ تاتلىق كۈلكىسى بىلەن ئەزىزنى ئۆزىنىڭ مۇھەببەت دۇنياسىغا باشلاپ كىرگەنى-دى، لېكىن ئەزىز گۇلباھارنى ئاخىرغىچە كۈلدۈرەلمىدى. ئاشۇ كۈلكىلەرگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولالمىدى.

— ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ، ئەزىز، ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى، بىز كۆرۈشەلمىدۇق، بىز ئاياللار ھامان ئاجىز بولىدى-كەنمىز، غۇلجىدىن قەشقەرگە بارغانلاردىن سىلىنى سورۇشتۇ-رۇپ تۇردۇم... سىلىنى كۆپ سېغىندىم...

— ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق، گۇلباھار... . سىزمۇ خى-يال دۇنيايىمدىن بىر دەقىقىمۇ نېرى كەتمىدىڭىز... .

— رەھمەت، مەن سىلىنى يوقلاپ كېلەلمىدىم، شۇنداق، ئارىلىقىمىز يىراق، لېكىن بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىز يىراقلاشمىسا بولاتتى، بىز بەكمۇ تاتلىق يىللارنى غازاڭ قىلىۋەتتۇق، ئەزىز...

— گۇناھ مەندە، گۇلباھار...

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئەزىز، بۇنداق گەپلەرنى مەن مەمەت-جان ئارقىلىق سىلىگە ئەۋەتكەن خەتتە دەپ بولغان. تۇرمۇش

ئالدىدا، ئادەم هامان ئاجىزلىق قىلىدىكەن...
ئەزىز گۈلباهارنى كۆۋرۈكنىڭ بېشىدىكى بىر ئاشخانىغا باشلىدى. ئۇلار دەريا تەرەپتىكى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى، ئەزىز ئىچىملىك بۇيرۇتتى.
گۈلباهار تىنچ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ ئولتۇراتتى، مۇهەببەتلىك دەريا سۈيى يېنىك مۇزىكىدەك شىلدىرلاپ ئېقىپ كېتىۋاتاتتى، گۈلباهارنىڭ خىيال ئېكرانىدا مۇشۇ دەريا بويىدا قالغان گۈزەل ئەسلىمىلەر قايتا نامايان بولغاندەك قىلدى.
— بىز ئاشۇ يىللاردا دائىم مۇشۇ دەريا بويىغا كېلىپ ئويناپتتۇق، ئەزىز، بىزمۇ ياش ئىدۇق، بىزمۇ ئاشۇ يىللاردا كۈلگەن، يايرىغان، ئاشۇ كۈنلەر ئەسلىرىدە بارمۇ؟ ئەزىز...
— مەن ئۇ يىللارنى مەڭگۇ ئۇنتۇيالمايمەن، گۈلباهار، مەن هاياتىمدىكى ئەڭ شېرىن، گۈزەل ئەسلىمىلەر قوينىدا ئېزىپ يۈرۈپ مۇشۇ هالەتكە چۈشۈپ قالغان ئادەم، مېنىڭ مەنىۋى ئاجىزلىقىم مېنى بىر ئۆمۈر ئازابلاپ، مۇشۇ هالەتكە ئەكېلىپ تاشلىدى، مەن ئەمدى قانداق قىلىشىمنى بىلمەيمەن، — دېدى ئەزىز.
— ئۈمىد بىلەن ياشايلى، ئەزىز، بىز ئۆلۈم دەرۋازىسىغا كۈن ساناپ يېقىنلاپ كېتىۋاتىمىز، شۇڭا بىر كۈن بولسىمۇ كۈلۈپ ياشايلى...
ئەزىز گۈلباهارنىڭ ئىسسىق قولىنى تۇتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە لىغىرلاپ قالغان ياش هېلىلا كۆز تۇغانلىرىنى بۇزۇپ يامراپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى... كەچكە يېقىن ئۇلار ئايرىلىشتى.
يارى بىلەن دىلبەر توي ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى، مەمەت ئاخشاملىرى بەكمۇ كەچ كېلەتتى، زىنىنەتبۇۋى هەركۈنى ئاخشىمى ئۇنى ئۆزىنىڭ ياستۇقىدا بىر ياتقۇزۇپ يولغا سالاتتى،

بۇ ھەم ئۆزىنىڭ، ھەم ئەلىنىڭ ئەقلى ئىدى.
بىر كۈنى ئەتىگەندە ھوشۇرئاخۇن گۈلباھارغا:
— بىزنىڭ ھېلىقى ئەزىز دېگەن ساۋاقدىشىمىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟! — دېدى.
— ... ئالدىراش ئوخشايدۇ، — دېدى گۈلباھار.
— مەن يارىغا دەي، بىزگە سالام بەرسۇن ئۇ يىتىم، ھاڭۋاڭ ھاڭراشىنىلا بىلىدىغان يىتىم ئوخشىمامدۇ ئۇ، — دېدى ھوشۇرئاخۇن. گۈلباھار قىزىرىپ كەتتى:
— ...كېلىپ قالار...
— ئەمىسە مەن يارىغا دەي، ئۇنى يارى توۋلىسۇن. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا دادام بەرگەن گالستۇك دەپ بىر قىزىل گالستۇكنى بوينىغا باغلىۋالىدىغان، مەن شۇ ۋاقىتىدا ھەي مۇشۇ يىتىم چاتاق دەپ ئويلايتتىم، كېيىن راست دېگەندەك بىر رەنانى ئازدۇرۇپ كەتتى...، — دېدى ھوشۇرئاخۇن كىنايە قىلىپ.
— نېمىلەرنى دەيدىغانلار، ھوشۇرئاخۇن... .
— مەن مۇشۇ گەپنى قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇز نەچچە يىل ساقلىدىم جۇما، ئەمدى بولسىمۇ ماڭا بىرەر قېتىم پۇرسەت بېرىپ قويسىلا، خېنىم...، — دېدى ھوشۇرئاخۇن.
گۈلباھارنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، ئايالىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ھوشۇرئاخۇن سەل ئوڭايسىزلاندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. يارى قورۇدا يالقۇن بىلەن سۆزلىشىپ تۇراتتى. ھوشۇرئاخۇن، يارىنىڭ قېشىغا كېلىپ:
— مەن ئەزىز بىلەن بىر كۆرۈشەي دېگەنىدىم، — دېدى.
— بولىدۇ، ياخشى گەپكەن بۇ، ئەزىز بۇ تويغا ئارىلاشمىدىما؟ بۇ قانداق بولغىنى؟! — دېدى يارى كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ يالقۇنغا قارىدى، — يالقۇن، ئۇكا، ئەزىزكاڭ بىلەن ئۆزۈڭ كۆرۈشەمسەن؟

— مەن كۆرۈشەي، مەن بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇ-
راي، — دېدى يالقۇن.
ئەتىسى يالقۇن ئەزىز بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتى!
— مەن قايسى يۈزۈم بىلەن ھوشۇرئاخۇن بىلەن كۆرۈشە-
مەن، ئۇكا؟ — دېدى ئەزىز خىجىل بولۇپ، — بىز ساۋاقداش
بولغىنىمىز بىلەن مەن مەكتەپتە ئۇنى كۆزگە ئىلماي مەسخىرە
قىلىپ يۈرەتتىم، مانا ئايلىنىپ كېلىپ...
— ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، ئەزىزكا، ئېگىلگەن بويۇننى
قىلىچ كەسمەيتۇ دېگەن گەپ بار، مەن ھوشۇرئاخۇن بىلەن بىر-
ئىككى قېتىم پاراڭلاشتىم، ئۇ كىشى بۇ ئىشلارغا بەك توغرا
قارايدىكەن، — دېدى يالقۇن.
— ئەمىسە نەدە كۆرۈشسەم بولار؟
— نەدە كۆرۈشەتتىڭ، ئەزىزكا، بىر رېستوراندا كۆرۈشە-
سەن، ئىچىشنى ئۆزۈم باشلاپ بېرىمەن، ئۈچ - تۆت رومكىدىن
ئىچىشكەندىن كېيىن ئادەم قېلىنلىشىدىغان گەپ، سېنىڭ راست
دەپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەرمەمسەن، — دېدى يالقۇن.
— شۇنداق قىلماي ئامال يوق ئەمدى، ئۇكا، يۈزۈمنىڭ
قېلىنلىقى، جېنىمنىڭ راھىتى دېگەن مۇشۇ - دە.
كەچتە يالقۇن ئۇلارنى بىر رېستورانغا باشلاپ كەلدى. ھو-
شۇرئاخۇن ئەزىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. تاماقتىن كېيىن
يالقۇن گەپنى يولغا چۈشۈرۈپ ئۇلارغا هاراق قۇيدى. يالقۇن
ئىشنى باشلاپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەتتى.
ھوشۇرئاخۇن ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى، ئۇلار ئۈچ روم-
كىدىن ئىچىشىپ بولغاندىن كېيىن، قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ
كەتتى.
— مۇشۇنداق گەپ، ساۋاقداش، قەشقەردىكى ساۋاقداشلار-

نىڭ ئەھۋالىمۇ ياخشى، ھەممىسىنىڭ بالىلىرى قولدىن چىقتى، ئۆتكەندە مەن بىرنەچچە ساۋاقداشلار بىلەن ساۋاقداشلار ئۇچرىشىشى قىلايلى دېيىشكەن، ئەگەر كېلەر يىلى بىر يەرگە جەم بولالىساق، ساڭا خەۋەر قىلىمىز، — دېدى ھوشۇراخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— رەھمەت، ئاداش… يولنى يىراق كۆرمەي مەمەتنىڭ تويىغا كېلىپسىلەر، مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولدۇم….

— ئۆزىمىزنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ، — دېدى ھوشۇرئاخۇن گەپنى مەنىلىك قىلىپ.

— شۇنداق، ئاداش، بالا دېگەن باققان ئادەمنىڭ بولىدىكەن، — دېدى ئەزىز ئالدىدىكى هاراقنى ئىچىۋېتىپ.

— ماۋۇ گېپىڭلار چاك باستى جۇما، گۈلمۇ يېتىشتۇرگەن ئادەمگە تەۋە بولىدۇ ئەمەسما، بالىمۇ ئوخشاش جۇما، شۇڭا بىز بالىمىزنى ھەقىقىي ئۆزىمىزنىڭ بالىسى بولۇپ يېتىلسۇن دەپ ئۇلارنى ياخشى بېقىشقا تىرىشىمىز، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ پەرقى چوڭ ئەمەس، بىرى قولىدىكى گۈلنى بىلەلمەي غازاڭ دەپ يەرگە تاشلىسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى بىلىپ ئۇنى تېرىپ چېكىسىگە قىسالايدۇ….

ئەزىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ھوشۇرئاخۇننىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ قەشقەردىن مۇشۇ بىر ئېغىز سۆزنى ئەزىزگە دەۋېلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى…

## 46

ئۆيدە گۈلباھار بىلەن مەمەت يالغۇز قالغانىدى. گۈلباھار مەمەتكە ئانىلارچە بىرخىل مۇھەببەت، سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ

ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن مەمەتنى تۇغقان چاغدىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

— ھېلىقى مەريەم ئاپىلىرىنىڭ قىزى ئىبادەت كۆرۈنمەيدىغۇ، بالام، — دېدى گۈلباھار مەمەتكە قاراپ تۇرۇپ.

— ... ئىبادەت ھەدەمنىڭ ئىككى ئوغلى يارى دادامنىڭ دۇكىنىدا رەختچىلىك قىلىۋاتىدۇ، ئىبادەت ھەدەم يېقىندا سەھەراغا چىقىپ كەتكەن، بىر تۇغقىنىنىڭ تويى بولغان ئوخشايدۇ، مېنىڭچە، ئۇ تېخى كەلمىدى، بولمىسا بۇۋاخقىچە كېلىپ سىز بىلەن كۆرۈشەتتى. مەن ئەتە ئۇنى بار يېرىدىن ئەكېلەي، — دېدى مەمەت.

— شۇنداق قىلسىلا، بالام، مەن ئىبادەت ھەدىلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋالاي، — دېدى گۈلباھار.

ئەتىسى مەمەت ماشىنىسىنى ھەيدەپ سەھراغا چىقىپ، ئىزدەپ سوراپ يۈرۈپ ئىبادەت چۈشكەن ئۆينى تېپىپ، ئۇنى شەھەرگە ئەكەلدى.

گۈلباھار ئىبادەت بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ... مەن سىلىنى ھەرگىز ئۇنتۇمىدىم، ئىبادەت خېنىم، — دېدى گۈلباھار كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ سىزنى ئۇنتۇمىدىم، گۈلباھار ھەدە، بولۇپمۇ ئاپام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مەن بەك جىق جاپا تارتتىم، كېيىنكى كۈنلەردە يەيدىغان نېنىمنىمۇ تاپالماي قالدىم، ھازىر مەمەتنىڭ دادىسىنىڭ دۇكىنىدا ئىشلەۋاتقان ئىككى ئوغلۇم بازاردا شىمشىكە سېتىپ، مايلامچىلىق قىلىپ مېنى باقتى، قارىسام دىۋانە بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇرىمەن، شۇنىڭ بىلەن مەمەتنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولدۇم، مەن سىزنى بەك ئۇزۇن يىل كۈتتۇم، گۈلباھار ھەدە، سىزنى چوقۇم مېنى ئىزدەيدۇ دەپ ئىشىنەتتىم، لېكىن سىز مېنى ئىزدىمىدىڭىز... ، — دېدى ئىبادەت. ئۇ يىغلاپ كەتتى.

— مېنى كەچۈرسىلە، ئىبادەت خېنىم،...

— ئۇنداق دېمەڭ، گۈلباھار ھەدە، مەمەت بىزنى قاراڭغۇ ئۆيدىن يورۇقلۇققا چىقاردى، ئەگەر مەمەت بولمىغان بولسا، مەن دىۋانە بولۇپ كېتەتتىم...، — گۈلباھار كۆزلىرىگە ياش ئالدى...

— سىلىنىڭ ھېچقانداق تۇغقانلىرى يوقما؟ — دېدى گۈلباھار كۆز ياشلىرىنى ئېتىپ.

— يوق، دادامنىڭ تۇغقانلىرى ئۆلۈپ كەتكەن، ئاپامنىڭ بىر ئاكىسى بار ئىدى، ئۇياقمۇ ئۆزىنىڭ كۈنى بىلەن...

— مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئىبادەت خېنىم، سىلى مەمەتنى ئىزدەپ ياخشى قىپتىلا، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەمدى بىزنى ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ، — دېدى گۈلباھار. ئىبادەت ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

توينىڭ ۋاقتى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە بېكىتىلدى، توي تەييارلىقى ياخشى كېتىپ باراتتى، توينىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا يالقۇن بىلەن ئەيسا بەلگىلەندى، ئەلىمۇ ئىككى كۈندە بىر كېلىپ ئەھۋال سوراپ تۇردى. ئەلىنى كۆرسىلا ئەيسانىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كېتەتتى، ئۇ «ئەلىنىڭ زىننەتبۇۋى بىلەن چاتىقى بار ئوخشايدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەلىگە ئۆچ بولۇپ قالغانىدى.

مەمەت بەكمۇ خۇشال ئىدى، ئەتىگەندە بىسمىللا دەپ داستىخانغا ئولتۇرغاندا، ئەزىز، يارى، ھوشۇرئاخۇن قاتارلىق ئۈچ دادىسى، گۈلباھار، دىلبەر قاتارلىق ئىككى ئاپىسى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچەلەيتتى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق كۈنلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. زىننەتبۇۋىنىڭ مۇھەببەتلىك تېنى ئۇنى تېخىمۇ بەختلىك قىلماقتا ئىدى. مەمەت ئۆزىنى ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندەك، قۇياش ئۆزى ئۇچۇنلا نۇر چېچىۋاتقاندەك

ھېس قىلاتتى، ئۇ مۇشۇنداق خۇشاللىق كۈنلەردىن مەست بولۇپ يۈرگەن بىر كۈنى، قەشقەردىكى قاسىم ئاكىسى يادىغا كېلىپ قالدى. ئۆتكەندە ئۇ ئاپىسى گۈلباھارغا تېلېفون بەرگەندە قاسىمغىمۇ تېلېفون بەرگەنىدى، ئۇنىمۇ تويغا تەكلىپ قىلغان، لېكىن قاسىمنىڭ ئايالى بالىنىتىسىدا يېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن غۇلجىغا كېلەلمىگەنىدى. مانا شۇ تاپتا قاسىم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر قېتىم پەيدا بولدى، مەمەت ئاپىسىنى ئىزدەپ قەشقەرگە بارغاندا، ئۇ قاسىم بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالغانىدى، قاسىم ئۇنىڭغا دادىسى قۇربانىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەن، ئۇنى تۇپراق بېشىغا ئاچىقىپ، دادىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدۇرغانىدى. شۇ قېتىم ئۇ دادىسى قۇربان بوۋاي توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى، ئۇ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يارى دادىسىدىن گۈلبەھرەم ئاپىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىدى، يارى ئۇنىڭغا گۈلبەھرەمنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق سۆزلەپ بەرگەنىدى، ئۇ دادىسى يارى بىلەن ئاپىسى دىلبەرنى ھۆرمەت قىلغاندەك، قۇربان دادىسى بىلەن گۈلبەھرەم ئاپىسىنىمۇ بەك ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ روھىدىن ئايرىلمايتتى. شۇڭا ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە گۈلبەھرەم ئاپىسى تۇتقان بەزى ئۆي جابدۇقلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنى ئۆيىنىڭ تۆرىگە تىزىپ ساقلاپ كەلگەنىدى، شۇ تاپتا ئۇ بىر قارارغا كەلدى، ئۇ دادىسى يارى بىلەن كۆرۈشتى.

— سەندىن بىر ئىشنى سوراي دېگەنىدىم، دادا؟ — دېدى مەمەت دادىسىغا قاراپ تۇرۇپ.

— ۋاھ، ئاجايىپ ئىلمىلىشىپ كېتىپسىنا، دەۋەرمەمەسەن! — دېدى يارى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سەن گۈلبەھرەم ئاپامنىڭ قەبرىسىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، يەرلىكىدە قويىدىغان كۈنى مەن قورۇدىن ئىككى چوڭ ھاك تاش ئېلىۋالغان، مەن ئاشۇ ئىككى چوڭ ھاك

تاشنى قەبرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغان، ئاشۇ ئىككى تاش ھازىرمۇ بار، يازدا مەرۇپ ئاكائىنىڭ ئاپىسى قازا قىلغاندا تۇپراق بېشىغا بارغاندا مەن گۈلبەھرەم ئاپائىنىڭ بېشىغا بېرىپ قىرائەت قىلغاندىم، مەن ئورنىتىپ قويغان ئاشۇ ئىككى تاش شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، ھە، تۇپراق بېشىغا بېرىپ كېلەي دەمسەن؟ — دېدى يارى.

— تويىنىڭ ئالدىدا ئاپام بىلەن دادامنى ئېلىپ گۈلبەھرەم ئاپامنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ تاۋاپ قىلىپ كېرەي دېگەنىدىم...

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ، بالام، بۇ ئىش مېنىڭ يادىمغا كەلمەپتۇ ئەمەسما! رەھمەتلىك ئوغۇل بالىدەك گەنجىڭ ئايال ئىدى، شۇنداق قىلايلى، بالام، — دېدى يارى.

— كېسەك ئاچىقىپ قەبرىنى ياخشىراق ياساپ قويساق دەيدىغان ئويۇم بار، دادا، — دېدى مەمەت.

— سەن دېگەندەك قىلايلى، بالام. مەن ئادەم ئورۇنلاشتۇراي، قەبرە ياساۋاتقانلار بار، دېگىنىمىزدەك قىلىپ بېرىدۇ، — دېدى يارى.

يارى ئىككى كۈن ئىچىدە قەبرە ياسايدىغان ئۇستىلار بىلەن سۆزلىشىپ بولدى، ئۇلار ئۇستىلارنى ئېلىپ قەبرىگە بىللە چىقىدىغان بولدى، يارى بۇ ئىشنى جۈمە كۈنىگە توغرىلىغانىدى، جامائەت جۈمە نامىزىدىن چىققاندىن كېيىن، يارى مەمەتنى، ئەزىزنى، ھوشۇرئاخۇننى، گۈلباھارنى، ئايالى دىلبەرنى باشلاپ تۇپراق بېشىغا چىقتى. گۈلبەھرەمنىڭ قەبرىسى مازارنىڭ ئاخىرىدىكى يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئىدى، ئۇلار گۈلبەھرەمنىڭ بېشىدا ئولتۇردى، يارى خەتمىقۇرئان قىلدى، ئارقىدىن ئۇستىلار ئىشقا چۈشۈپ كەتتى...

— بۇ ئىشلىرى بەك ياخشى بولدى، بالام، ئەمەلىيەتتە

سىلىنىڭ ھەقىقىي ئانىلىرى مۇشۇ گۈلبەھرەم، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ روھى بىز بىلەن بىرلىشىپ بولدى، — دېدى گۈلباھار.

— رەھمەت، ئاپا...

ئىشلەۋاتقان بىرنەچچە كىشى قەبرىنىڭ ئەتراپىنى تۈزلەشكە باشلىدى، يەنە بىرنەچچە ئادەم ماشىنىنىڭ ئۈستىدىكى كېسەكلەرنى چۈشۈرۈۋاتاتتى، كۈن ناھايىتى ياخشى ئىدى، ئەزىز قەبرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ھە دەپ ئىشلەۋاتقان بىر كىشىنىڭ قولىدىكى گۈرجەكنى ئالدى، ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىشچىلار ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتتى...

## 47

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاخىر يېتىپ كەلدى. مەمەت بىلەن زىننەتبۈۋى توي قىلدى، ئۇلارنىڭ تويى بەكمۇ قىزىپ كەتتى، لېكىن ئەيسانىڭ چىرايى ئېچىلمىدى، ئۇ يەنە ئاشۇ ئەلى بىلەن زىننەتبۈۋىنىڭ چاتىقى بار ئوخشايدۇ دېگەن گەپنىڭ ئاسارىتىدە ئىدى، بۇ سۆز ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئەيسا تويدا چىشىنى يەۋالغاندەك يۈردى. ئۇ پات ـ پات يالقۇننى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا سۆزلەپ تۇراتتى.

— چىرايىڭنى سەتلەشتۈرمە، ئاداش، مەن بۇ گەپنى ساڭا دېمەي كىمگە دەيمەن؟ — دېدى ئۇ.

— ماڭا دېگىنىڭ توغرا، ئاداش، بىراق سەندە ئاشۇ گەپلەرنى ئىسپاتلايدىغان ئىسپات يوق ئەمەسمۇ! يا ئۇلارنى بىر يەردە تۇتۇۋالمىساڭ، گۇمان ئىماننى قاچۇرار دېگەن گەپ بار، ئاداش، جېدەل قىلما! — دېدى يالقۇن.

ئەيسا يالقۇننىڭ بۇ گەپلىرىگە قايىل بولمىدى، ئۇ تويدىن كېيىنمۇ مۇشۇ ئىشنى ئويلاپ يۈردى، ئاخىر بىر كۈنى ئۇ

ئۆز - ئۆزىگە: «راست گەپنىڭ بازىرى تۇگىگەن ئوخشايدۇ بۇ جاھاندا» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئىشنى ئۇنتۇشقا تىرىشتى.

مەمەت زىننەتبۇۋىنى ئۆزىنىڭ قورۇسىغا سالغان يېڭى ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كەلدى. پۇل ئادەمنى خۇشال قىلىپلا قالماستىن ھەم ھەممە ئىشنى ئوخشىتاتتى. زىننەتبۇۋى ئۆيىنى ناھايىتى چىرايلىق بېزىگەنىدى، بۇ چىرايلىق قىز مۇشۇ كۇنلەردە ئۆزىنى ئەتىرگە چىلىۋالغانىدى، ئۇ نەگە بارسا شۇ يەر خۇش پۇراققا تولاتتى، ئەتىرنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقان مەمەت كۇندە ھاراق ئىچكەن ئادەمدەك مەست يۈرەتتى...

تويدىن كېيىن يىراق - يېقىندىن كەلگەن مېھمانلار ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشقا باشلىدى. ھوشۇرئاخۇن بىلەن گۇلباھارمۇ يولغا چىقماقچى بولدى، مەمەت ئۇلارنى ئايروپىلاندا يولغا سالماقچىدى، ئۇ ئايروپىلاننىڭ بېلىتىنى ئەكېلىپ، دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئەزىز ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، گۇلباھار بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشكە ئۈلگۈردى.

ئۇلار يەنە ئىلى دەرياسى بويىدىكى ھېلىقى ئاشخانىدا كۆرۈشتى. ئاشخانىدا خېرىدار يوق ئىدى، ئۇلار بىرىنچى خېرىدار بولۇپ ئۆتكەن قېتىم ئولتۇرغان ئۇستەلگە كېلىپ جايلاشتى، ئەزىز چاي بۇيرۇتتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ گۇلباھارغا قارىدى!

— ئەمدى يول ئېچىلدى، ئەزىز، مەمەتنى ئېلىپ قەشقەرگە بارسىلا، سىلى ھوشۇرئاخۇننىڭ مىجەزىنى تازا بىلىپ كەتمەيدىلا، ئۇ بەندىلەرنىڭ ئىچىدە كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان ئادەم، ئوتتۇز نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مەن بۇ جاھاندا ئىگىسى يوق قورايدەك تېنەپ يۈرگەندە، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ قوينىغا ئالغان، ئەمەلدە يەتتە مەن ئۇنىڭ ھارارىتى ئىچىدە قايتىدىن كۆزۈمنى ئاچقان، سىلە مېنىڭ مۇشۇ گېپىمنى چۈشەنسىلە، مەيلى سىلە قاچان

قەشقەرگە بارمىسىلا، ئۇ سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا كۆلۈپ چىقىدۇ...

— رەھمەت، گۈلباھار، سىلەر ئەتە يولغا چىقماقچى بولۇۋا-تىسىلەر، مەن شۇ تاپتا نېمە دېيىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن، قىسقى-سى، مەن ئۆزۈمنى كەچۈرمەيمەن، مەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئادەم، لېكىن ئۆزۈم ئۈچۈن ئادەم ئەمەس، سىز كەلگەندىن بېرى، مەن مۇشۇ ئىش توغرىسىدا كۆپ ئويلاشتىم، شۇ يىلى سىز مەمەتنى تۇغقاندا، مەن سىزنىڭ بار يېرىڭىزنى بىلەتتىم، لېكىن مەن سىزنى يوقلاپ بارمىدىم، شۇڭا مەن ئۆزۈمنى كەچۈر-مەيمەن، ھازىر ئويلىسام، مەن نېمىدېگەن دۆت! نېمىدېگەن ئەخمەق! مەن سىز بىلەن قەلبداش بولۇپ ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۈنلىرىمنى قەدىرلەيمەن، مانا ئەمدى ئۇ كۈنلەر مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك رىۋايەتكە ئايلاندى، مەن بىر ئۆمۈر ئۆزۈمنى چۈشى-نەلمەي ياشىدىم، شۇڭا ئايالىم بىلەن ياخشى ئۆتەلمىدىم، مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا قائىدە بولمىدى، مەن ئىگىسىنىڭ پىچىقىنى كۈتۈپ يېتىۋاتقان بىر قويغا ئايلاندىم، مانا ئاخىرقى ھېسابتا ئايالىم قېرىغاندا مەن بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى، ئۇ مېنى تاشلاپ كەتكەنى-دىن كېيىن، مەن ئۇنى ھەقىقىي چۈشەندىم، ئەمدى ئويلىسام، ئۇ مەندىن غۇرۇرۇمنى تەلەپ قىلىدىكەنتۇق. مەن ئۇنىڭغا ماسلى-شالمىدىم، ھاياتىمۇ ماسلىشالمىدىم. يىللار ئۆتتى، مەن ئۆل-چەمسىز، قائىدىسىز، سېنىڭ راست دەپ ياشايدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم، مانا مەن ھازىر يەنىلا دەريادا لەيلەپ يۈرگەن بىر قەغەز قولۋاق. ئىشىنىمەن، ئۇزۇنغا بارماي سۇ مېنى يۇتۇپ كېتىدۇ، مۇشۇ كۈندە نېمە قىلىشىمنى بىلمەي يۈرىمەن، مەندە گۈزەللىك تۇيغۇسى يوق، ھەتتا بۇ جاھاندا ئەڭ گۈزەل نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن، غۇرۇرى يوق ئادەمنىڭ كۈنى تەس بولىدىكەن، گۈلباھار، ئادەملەر بەك كېچىكىپ ئەقىل تاپى-

دىكەن، راست گەپ قىلسام قانداق ياشاشنى بىلمەيمەن، مەمەت-
نىڭ چىرايىغا ئۇزۇنراق قارىيالمايمەن، هازىر مېنى پۈتۈن شە-
هەر خەلقى بىلىپ كەتتى، قانداق قىلىشمنى بىلمەيۋاتىمەن...

— بۇنداق قايغۇرۇپ كېتىشىنىڭ هاجىتى يوق، ئەزىز، قايغۇ
هېچ نەرسىنى هەل قىلالمايدۇ، ئەمەلىيەتتە مەن هەر كۈنى قان
يىغلايمەن، لېكىن مەن يىغامنى باشقا ئادەمگە كۆرسەتمەيمەن،
ئادەم ئۆزىنىڭ سەتچىلىكىنى ئۆزى تۈگىتىشى كېرەك ئىكەن،
كەتكەن ئىش كەتتى، لېكىن ئاشۇ ۋەقەلەر، جەريانلار هامان
بىزنىڭ يۈرىكىمىزدىن كەتمەيدۇ، بىز ئۆزىمىز ئۆزىمىزنى دارغا
ئاسالمايمىز، بىراق بىز توۋا قىلىپ ئىشنىڭ يولىنى تاپساق قايتا
گۈللىنەلەيمىز، بىر كۈن بولسىمۇ ئازادە ياشىيالايمىز، شۇڭا
بىز قايتا گۈللىنىش يولىدا باش قاتۇرۇشىمىز كېرەك. نۇرغۇن
يىللار ئۆتۈپ كەتتى، مانا ئەمدى بىز بۈگۈندىن باشلاپ هەربىر
كۈنىمىزنى ياخشى ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك، ئۇنى ئەڭ كۆركەم
بويالغان يىپلار بىلەن توقۇپ چىقىشىمىز كېرەك، ئۆزىمىزنى
ئاسرايلى، بىز بىلەن ياتلىشىپ كەتكەن دوست - بۇرادەرلەر
بىلەن قايتا قول ئېلىشايلى، مۇشۇنداق ياشىساق، ئاندىن هاياتقا
كۈلۈپ قارىيالايمىز...

— مۇشۇ شەهەردە ماڭا قول بېرىدىغان ئادەم چىقارمۇ،
گۈلباهار؟

— دەۋاتىمەنغۇ، گەپ ئۆزلىرىدە، بىز مۇنداق بىر ئادەم
بولىمىز دەپ شۇنداق ئادەم بولالمايمىز، ياشاش پەلسەپىسى بويىـ
چە ياشىساق، بىز نۇرغۇنلىغان دوستلارغا ئىگە بولالايمىز. مەن
سىلىگە مۇنداق بىر هېكايە سۆزلەپ بېرەي: بۇرۇنقى زاماندا بىر
ئاق كەپتەر بولغانىكەن، لېكىن ئۇنىڭ ئېتى قىزىل كەپتەر
ئىكەن، ئاق كەپتەر ياراتقان ئىگىسىگە هالىنى ئېيتىپتۇ، ئۇ:
«ئۇلۇغ ئىگەم، سىز مېنى ئاق قىلىپ ياراتىپسىز، لېكىن

ئېتىمنى قىزىل كەپتەر دەپ قويۇپسىز، مېنىڭ ئىسمىم جىس-مىمگە لايىق بولمىدى» دەپتۇ. ياراتقان ئىگىسى ئۇنىڭغا: «سې-نىڭ ئېتىڭنى مەن قويغان، ئەمدى قالغان ئىش ئۆزۈڭدىن بولى-دىغان گەپ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاق كەپتەر رەڭگىنى ئۆزىنىڭ ئىسمىگە ئوخشاش قىزىل قىلىش يولىدا ئىزدىنىپتۇ، يۈرەكلىك، دادىل بولسام قىزىل بولۇپ كېتىشىم مۇمكىن دەپ، بىر مەزگىل باتۇرلۇق قىلىپ ياشاپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ رەڭگى يەنىلا قىزىلغا ئۆزگەرمەپتۇ، ئارقىدىن ئۇ قىزغىن بولۇپ ياشىسام قىزىل بو-لۇپ كېتىشىم مۇمكىن دەپ، كۈن بويى قۇشلار بىلەن بىرلىشىپ ناخشا ئېيتىپ باشقا جانىۋارلارنىمۇ خۇش قىلىپ يۈرۈپتۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا قىزىرالماپتۇ، كېيىن ئۇ مۇھەببەتلىك ياشىسام قىزىل بولۇپ كېتىشىم مۇمكىن دەپ ئويلاپ، ھەقىقىي سۆيگىنىنى تېپىپ ئاشىق ـ مەشۇق بولۇپ يۈرۈپتۇ، لېكىن ئۇ يەنە قىزىرال-ماپتۇ. بىر كۈنى ئاق كەپتەر بارلىق دوستلىرىنى يىغىپ، كەڭ بىنەمدە ئولتۇرۇپ ئۇلارغا ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بېرى-قى قىزىرىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ، بۇ ۋاقىتتا، شەھەر تەرەپتىن بىر توپ ئەسكەرلەر بىر جىنايەتچى-نى ئالدىغا سېلىپ كېلىپ قاپتۇ، ئۇلار ئۇ جىنايەتچىنى تىرىك كۆمۈۋېتىپتۇ، ئاق كەپتەر بۇ ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، توپىلارنى تاتىلاپ ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىپتۇ، جىنايەتچىگە جان كى-رىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئېقىپ چىققان بىر تامچە قان ئاق كەپتەرنىڭ قانىتىگە تېمىپ قاپتۇ. جىنايەتچى كۆزىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا: «سىز شەپقەتچى ئىكەنسىز، مانا ئەمدى سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز ئەمەلگە ئاشىدۇ» دەپتۇ، ئاق كەپتەر بالىلى-رىنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ بارغاندا، بالىلىرى: «ئاپا، ئاپا، قانىتى-ڭىزدا بىر تامچە قان تۇرىدۇ» دەپتۇ، ئاق كەپتەر قانىتىنى يۇيۇش ئۈچۈن بۇلاق بېشىغا ئۇچۇپ بېرىپ، قانىتىنى يۇيۇپتۇ،

شۇ هامان بىر تامچە قان پۈتۈن قانات ـ تۈكلىرىگە يېيىلىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاق كەپتەر ھەقىقىي قىزىل كەپتەرگە ئايلىنىپتۇ...

ئەزىز كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى...

— مەن بۇ ھېكايىنى بەك ياخشى كۆرىمەن، مەن سىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مۇشۇ ھېكايىنى تېپىۋالغان، بىز ھەممىمىز ياخشى ياشاشنى ئارزۇ قىلىمىز ھەم بەختكە ئېرىشىش يولىدا هارماي ـ تالماي ئىزدىنىمىز، لېكىن بىزنىڭ تۇتقان يولىمىز ئوخشاشمىغاچقا، بىرىمىز كۈلسەك، بىرىمىز يىغلايمىز...

## 48

مەمەت دادىلىرى يارى، ئەزىز، ئاپىسى دىلبەر، ئايالى زىنەتبۈۋىلەرنى ئېلىپ ئاپىسى بىلەن دادىسى ھوشۇرئاخۇننى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئايروپورتقا كەلدى. ئايروپىلان ئۇچىدىغانغا يەنە بىر سائەت بار ئىدى، كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن گۈلباھار دىلبەرنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ دىلبەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى:

— خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلى يازدا يولۇققىلارغا قارايمەن، بالىلارنى، كېلىنلەرنى ئېلىپ بېرىڭلار، مەن سىلىگە قايىل، سىلە ھەقىقىي بىر ئانا. مەمەتجاننى بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇپتىلا، ئۇنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپتىلا، مەن بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سىلىدىن بەكمۇ خۇرسەن بولدۇم، سىلى ھەقىقىي ئالىيجاناب ئايال ئىكەنلا، مېنىڭ سىلىگە دەيدىغان بىرلا گېپىم بار، مەمەتجاننىڭ گۆشىمۇ سىلىنىڭ، ئۇستىخىنىمۇ سىلىنىڭ، بالا تۇغقان ئادەمنىڭ ئەمەس، باققان ئادەمنىڭ... — دېدى ئۇ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ.

— رەھمەت، گۈلباھار، كەلگەن قەدىمىڭىزگە رازى بولۇڭ-
لار، سىلەرنى ياخشى كۈتەلمىدۇق، كېلەر يىلى خۇدايىم بۇيرۇسا
قەشقەردە كۆرۈشەرمىز، — دېدى دىلبەر كۈلۈپ تۇرۇپ. گۈلبا-
ھار سومكىسىدىن بىر دانە ئاپئاق قولياغلىقىنى ئالدى، ئۇ ياغلى-
قىنىڭ ئىچىدىن چىرايلىق بىر جۈپ ھالقىنى ئېلىپ، ئۇنى
دىلبەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى:
— بۇ ھالقىنى سىلە ساقلاپ قويسىلا، دىلبەر، بۇ ئەسلى
مېنىڭ ھالقام ئىدى، مەن بۇ ھالقىنى ئوتتۇز نەچچە يىلنىڭ
ئالدىدا مەمەتجاننى تۇغقاندا ئىبادەتنىڭ ئاپىسى مەريەم ھەدەمگە
بەرگەنىدىم، كېيىن مەريەم ھەدەم بۇ ھالقىنى قىزى ئىبادەتكە
قالدۇرغانىكەن، ئىبادەتنىڭ ئاپىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن،
ئۇ بۇ ھالقىنى يوقاتماي يېنىدا چىڭ ساقلاپتۇ، ئىبادەت ئىگە -
چاقىسىز قالغاندىن كېيىن، ئۇ بەكمۇ كېچىكىپ توي قىلىپتۇ،
تويدىن كېيىنمۇ تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولالماپتۇ، ئۇ ئاشۇنداق
ئېغىر كۈنلەردىمۇ قولىدىكى بۇ بىر جۈپ ھالقىنى سېتىۋەتمەي
ساقلاپتۇ، كېيىن ئۇ مۇشۇ ھالقىنى ئەڭگۈشتەر قىلىپ، مەمەت-
جاننى تېپىپتۇ، مەن ئۇ ئايالغا قايىل بولدۇم، مەن دەيدىغان
گەپنىڭ ھەممىسىنى مەمەتجانغا دېدىم، سىلىمۇ ئۇنىڭغا ئېيتىپ
قويسىلا، ئىبادەتنى تاشلىمىسۇن، ئىككى بالىسىنى ياخشى تەربى-
يىلىسۇن، ئامال بار ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنىڭ ساۋا-
تىنى چىقارسۇن، ئەمەلىيەتتە مەندە مەمەتجاننى ئۇنداق قىل،
بۇنداق قىل بالام دەيدىغان ھوقۇق يوق، يۈزۈممۇ يوق، چۈنكى
مەن بىر ئانا بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن ئۆزۈم قىلىدىغان ئىشنى
قىلالمىغان، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئاپىسى سىلە، مەن ئەمەس،
شۇڭا بۇ ھالقىنى سىلى ساقلاپ قويسىلا...
دىلبەر ھالقىنى قولىغا ئالدى.
— رەھمەت، گۈلباھار...، — دېدى دىلبەر تەسىرلىنىپ.

مەمەت ئاپىسىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتىدىغان ۋاقىت توشۇپتۇ، ئاپا، — دېدى مەمەت.

گۈلباھار ئورنىدىن تۇرۇپ، مەمەتكە ئېسىلىپ خېلى ئۇزۇن يىغلىدى...

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، گۈلباھار، يولغا چىققاندا يىغلىسىڭىز يامان بولىدۇ، — دېدى دىلبەر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

ھوشۇرئاخۇن گۈلباھارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئالدى. گۈلباھار قولياغلىقى بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈشىگە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەزىز پەيدا بولدى، ئەزىزنىڭ قولىدا بىر دەستە قىزىلگۈل بار ئىدى، ئەزىز قولىدىكى گۈلنى گۈلباھارغا تۇتتى، ھوشۇرئاخۇن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

— ئاقيوللۇق بولۇڭ، گۈلدەك گۈلباھار...

— رەھمەت، ئەزىز...

مەمەت يەنە بىر قېتىم ئاپىسىنى ئالدىراتتى، گۈلباھار بىلەن ھوشۇرئاخۇن بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش رايونىغا ئۆتۈپ كەتتى...

## 49

مېھمانلارنى يولغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، مەمەت ئايالى زىننەتبۇۋىنى ئېلىپ مازارغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار گۈلبەھرەمنىڭ قەبرىسى بېشىغا كەلدى. گۈلبەھرەمنىڭ قەبرىسى ناھايىتى كۆركەم ياسالغانىدى، مەمەت قولىدىكى كىچىك گىلەمنى يەرگە سالدى، ئاندىن ئۆزى گىلەمدە ئولتۇردى، ئارقىدىن زىننەتبۇۋى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، مەمەت گۈلبەھرەمنىڭ قەبرى-

سىگە ئۇزۇنغىچە مۇشۇنداق قاراپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۇ ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى، ئايەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇزۇن دۇئا قىلدى. مەمەت ئايالىغا قارىدى:

— مانا بۇ مېنىڭ ئەڭ مېھرىبان ئاپام گۈلبەھرەمنىڭ قەبرىسى، بۇ ئاپام مېنى يەتتە ياشقىچە باققان، ئۇ ھازىر مۇشۇ كىچىككىنە يەردە ياتقىنى بىلەن، ئۇنىڭ روھى مۇشۇ چەكسىز دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە يالقۇنلايدۇ، مەن ئۇچۇن دۇئا قىلىدۇ، شۇڭا مەن مۇشۇ كۈنگىچە ھېچقانداق پېشكەلچىلىككە ئۇچرىماي ياشاپ كېلىۋاتىمەن، ئاپام ماڭا دۇئا قىلغان، ئاپام ناھايىتى چىرايلىق ئايال ئىدى، ئەگەر سىز ئاپامنى كۆرگەن بولسىڭىز، چوقۇم ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قول قوياتتىڭىز، ئاپامنىڭ كۆزلىرى تاغدىكى ساپ ھاۋا ئىچىدە ئېچىلغان گۈلدەك چىرايلىق ئىدى، ئاپام مېنى نان بىلەنلا ئەمەس، ئاشۇ ئۇلۇغ كۆزلىرىنىڭ نۇرلىرى بىلەنمۇ باققان. شۇڭا مەن مۇشۇ جاھاندىكى نۇرغۇنلىغان سودىگەرلەرنىڭ ئىچىدە يول تېپىپ روناق تاپالىدىم. ئاپام مېنى ئاشۇ ئىشچان قوللىرى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغان، ئەمەلىيەتتە مەن ئاشۇ يەتتە يىل ئىچىدە جەننەتتە ياشىدىم دېسەممۇ بولىدۇ، ئاشۇ يىللاردا ئاپام ھەر كۈنى تاماق ئەتكەندە مەن قازان بېشىدا ئولتۇرۇپ ئاپامنىڭ نازۇك بارماقلىرى بىلەن ئېتىپ بەرگەن تامىقىنى يەيتتىم، ئاپامنىڭ ئاشۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا. ئاپامنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى مېنىڭ كەلگۈسۈم ئۇچۇن دۇئا قىلغاندەك كۆرۈنەتتى، خەقلەر مېنى ئوقۇمىغان، تەربىيە كۆرمىگەن دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىمەن، مەن شۇنداق ئويلايمەن، زىننەتبۇۋى، ئۆزىنى بىلەلىگەن ئادەم ئىچكەن سۇنىڭ تەمىنى تېتىپ ياشىيالايدۇ، مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايمەن، مەن تەلەيسىز تۇغۇلغىنىم بىلەن، گۈلبەھرەم ئاپامدىن، دىلبەر ئاپامدىن تەلىيىم بار، خۇدا-

يىم بەندىلىرىنى يىغلىتىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنى يوقاتماي-دۇ، مەن مۇشۇ كىچىككىنە ھاياتقا سادىق ياشىدىم، شۇ ھايات سىزنى ماڭا تەقدىم قىلدى. خۇدايىم بۇيرۇسا بىزنىڭ تۇرمۇشى-مىز ياخشى ئۆتىدۇ، مەن سىزنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەندە ناھايىتى ھاياجانلانغانىدىم، چۈنكى مەن بەش ياش ۋاقتىمدا جەن-نەتتە سىز بىلەن تونۇشۇپ بولغانىدىم، جامالىڭىز كۆزلىرىمنىڭ قارىچۇغىسىدا قالغانىدى، مانا ئەمدى خۇدايىم سىزنى مېنىڭ ئالىقىنىمغا سېلىپ بەردى، بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەخت...

مەمەتنىڭ گەپلىرى زىننەتبۇۋىگە بەكمۇ تەسىر قىلدى. ئۇ-نىڭ گەپلىرى ئۇنى ھەقىقىي ئويغا سالدى، ئىلگىرى ئۇ ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى مەنپەئەت مۇناسىۋىتى، مۇشۇ مۇنا-سىۋەت ھەممە مۇناسىۋەتنىڭ يىلتىزى دەپ چۈشىنەتتى، مانا ئەمدى ئۇ بۇ قارىشىدىن يېنىپ قالدى، ئۇ، بۇرۇن مەمەت بىر قارا قورساق، ئۇنى تۆتىنىڭ ئالدى قىلىپ قويغان نەرسە ئۇنىڭ پۇلى، دەپ ئويلىغانىدى، مانا ئەمدى ئۇ مەمەتنى قايتا تونۇشقا مەجبۇر بولدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇن قىلغان بارلىق ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئىچىدە: «ئەگەر مېنىڭ قىز - ئوغۇل مۇناسىۋىتىدىكى تارىخىم ئاپئاق رەختتەك پاك بولغان بولسا، ھاياتىمدا ئەلى بىلەن تونۇشمىغان بولسام، پاك بەدىنىم بىلەن مۇشۇ ساپ يىگىتكە ياتلىق بولغان بولسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە، ئۇ ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ ئالىقىنىدا ئاق كەپتەردەك ئۇچاتتىم - دە! ئاھ خۇدا، گۇناھىمنى كەچۈرگەيسەن، دىلىمغا پاكلىق ئاتا قىلغايسەن» دېدى. ئۇ يىغلىدى، مەمەت ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن چىققان ياشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ مەستلىكى كەلدى، ئىچىدە ئۇ: «زىننەتبۇۋى نېمىدېگەن ياخشى، ئۇ مەن يىغلىغانغا يىغلاۋاتىدۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا خوتۇندىن تەلە-

يىم كەلدى» دېدى، ئۇ يېنىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ، زىننەتبۇ-
ۋىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى:
— سىز يىغلىسىڭىز بەكلا چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەن-
سىز، — دېدى مەمەت مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن زىننەتبۇۋى-
گە قاراپ...

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyODY4ODEuemlw",
"filename_decoded": "40286881.zip",
"filesize": 15221746,
"md5": "aed2476e3b2e50e936e5977ba2eec95f",
"header_md5": "5c67d7a65cb1a0851996effd11dd5971",
"sha1": "05533b8c69f0885a19e62b76f6f5030069685dfc",
"sha256": "568d3e0731149a3f7a252e1a6da5f2c69ceb730a6eb787483532bdc044aba251",
"crc32": 3874700076,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 15603970,
"pdg_dir_name": "\u2551\u255a\u2534\u2566\u2554\u00b7\u2500\u2560\u2561\u2500\u255a\u2566\u251c\u255f_40286881",
"pdg_main_pages_found": 298,
"pdg_main_pages_max": 298,
"total_pages": 304,
"total_pixels": 1127544288,
"pdf_generation_missing_pages": false
}